

AltunOq

# بۇلاق

3

1988

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

پەسىللىك ژۇرنىلى

9-يىل نەشرى

ئومۇمىي 24-سان

AltunOq

www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر: ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: ئىجات مۇخلىس، پەرىدە ئىمىن، مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت.

---

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇرىشىت ئىسلام، ئابدۇسالام ئاببباس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، تېيىپجان ئېلىيوپ، رەھمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەيىيۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەمتىمىن يۈسۈپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئىي، ئىمىن تۇرسۇن.

---

# بۇلاق

بۇ سانىدا

1988-يىل 3-سان


## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


«قىسەسۇل-ئەنبىيا» دىن (ئادەم ئەلەيھىسسالام قىسسىسى) ...... رەبغۇزى... 1

نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەرىدە ئىمىن

شېئىرلار........................................... ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى... 28

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت

شائىر قەلەندەرنىڭ يېڭى تېپىلغان غەزەللىرى ................................ 65

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مەتقاسىم ئەكرەم، مەتمىن تۇردى


## شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


غەزەللەر..................................................... ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى... 91

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: تۇرغۇن ئىبراھىم، ۋاھاب قادىر


## مەشھۇر كلاسسىكلار


ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ناسىر خۇسرەۋ............ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن...... 109


## ئەدەبىي مۇھاكىمە


نەۋبەتى شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ھەققىدە ........ ئابدۇللا سۇلايمان ...... 115


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


ئىگەرچى (چۆچەك)..................................................... 123

توپلاپ رەتلىگۈچى: خېلىل ئېلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

غايىب نىكاھ (چۆچەك) .................................................. 129
توپلاپ رەتلىگۈچى: نۇرى كېرەم
لەتىپىلەر («مەتلەئۇل - ئۇلۇم ۋە مەجمەئۇل - فۇنۇن» دىن) .................. 137
پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ھەبىبۇللا ئېلى
لاپلار .................................................. 149
ئىجادىي رەتلىگۈچى: ئىبراھىم ئىزاقى
بېيىت - قوشاقلار (ئېلاخۇن تىلىۋالدى قوشاقلىرى) .................. 153
توپلاپ رەتلىگۈچى: تۇرسۇن زىرىدىن
ماقال - تەمسىللەر .................................................. 162
توپلاپ رەتلىگۈچى: مەمتىلى سايىت
چاغاتايچە لۇغەت .................................................. 166
تۈزگۈچىلەر: غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمايىل قادىرى

رەسسام: مەھەممەت ئايۇپ
نەققاش ۋە خەتتات: نىياز كېرىم (شەرقى)
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: لىيۇپېيچىڭ

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: ئاتاغلىق تارىخشۇناس ۋە شائىر موللا مۇسا سايرامى.
2 - 3 - بېتىدە: «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ 9 - سانلىق يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر.
4 - بېتىدە: مەنزىرە. «مەشرەپ شېئىرىيىتىدىن» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى.

# قىسسەسۇل ئەنبىيادىن

## رەبغۇزى

## ئادەم ئەلەيھىسسالام قىسسىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەرىدە ئىمىن

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ناسىرىددىن رەبغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل - ئەنبىيا» («قىسسەئى رەبغۇزى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ناملىق ئەسىرى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان يېرىك دۇردانىلاردىندۇر. ئاپتور بۇ ئەسەرنى ھىجرىيە 710 - يىلى ھۇت ئېيىدا (مىلادى 1310 - يىلى 3 - ئايدا) خارەزمنىڭ «رەبات ئوغۇز» دېگەن جايىدا يېزىپ چىققان. «رەبات ئوغۇز» ناسىرىددىننىڭ ياشىغان يۇرتى بولۇپ، كېيىن ئۇ شۇ يەرنىڭ قازى كالانى بولغان. بۇ مەشھۇر يازغۇچىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە بولالمىغان بولساقمۇ، «قىسسەسۇل - ئەنبىيا» دىكى ئايرىم مەنبەلەرگە ئاساسەن ئۇنىڭ XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XIV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.

«قىسسەسۇل - ئەنبىيا» قىسسە ۋە رىۋايەتتىن ئىبارەت ئىككى خىل بەدىئىي شەكىلنى ئۆزىدە بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، پۈتۈن ئەسەر 72 چوڭ قىسسىدىن تەشكىل تاپقان. بۇ ئەسەردىكى ھەربىر پېرسوناژ ئەينى دەۋردىكى مەلۇم بىر تەبىقە، مەلۇم بىر گۇرۇھ ياكى مەلۇم بىر قاتلامنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ۋە ئىدىيىۋى ھالىتىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن.

بۇ ئەسەر تىلىنىڭ ئوبرازلىق بولۇشى، ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ جانلىق، قىزىقارلىق سۈرەتلىنىشى، تەبىئەت مەنزىرە تەسۋىرلىرىنىڭ لىرىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشى بىلەن كىشىنى زوقلاندۇرىدۇ.

بۇ ئەسەر تىل ۋە شەكىل جەھەتتە خاقانىيە دەۋرى تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلىغان ھالدا، يېڭىدىن شەكىللىنىشكە باشلىغان چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

بىز بۇ ئەسەرنى ئوقۇغىنىمىزدا ئەڭ قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان نۇرغۇن خەلق مىفلىرىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ مىفلار زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما رەبغۇزىنىڭ بۇ ئەسىرىدە ئۇنىڭ روھى، ئۇسلۇبى ياكى ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان.

«قىسسەسۇل - ئەنبىيا» ناملىق بۇ ئەسەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا

www.uyghurkitap.com

ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ ئۆزىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر پروزىسىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىدىن باشلاپ «قىسسەسۇل ـ ئەنبىيا» دىكى داڭلىق قىسسىلەردىن بىرقانچىسىنى كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرمەكچىمىز.

مۇھەررىردىن

تەڭرى ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئادەمنى ياراتماقچى بولۇپ تۇپراققا:

— ئەي غەمكىن، دەردمەن! سەندىن بىر خەلقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىمەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ماڭا دائىم تائەت قىلىدۇ، بەزىلىرى گۇناھ قىلىدۇ. ئىتائەت قىلغۇچىلارنى جەننەتكە سازاۋەر قىلىمەن. ئىتائەتسىزلەرنى دوزاخقا مەھكۇم قىلىمەن، — دېدى. تۇپراق:

— ئەي تەڭرىم، بەزىلەرنى نازۇنېمەت بىلەن مۇكاپاتلىشىڭدىن خۇشاللىنىمەن. بەزىلەرنى ئوتقا تاشلىشىڭدىن قورقىمەن، — دەپ باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكۈپ يىغلىدى.

تەڭرى جىبرىئىلغا يەر يۈزىدىن بىر چاڭگال تۇپراق كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام تۇپراق ئالماقچى بولغانىدى، يەر ئۆز تىلى بىلەن:

— ئەي تەڭرىنىڭ ئەلچىسى، سىز مەندىن ئالماقچى بولغان نەرسىنىڭ بەزىلىرى كېيىن ئوتقا مەھكۇم بولغۇسى. شۇڭا تەڭرىدىن پاناھلىق تىلەيمەن. ماڭا رەھىم ـ شەپقەت قىلىڭ، — دەپ نالە قىلىپ، زار ـ زار يىغلىدى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام شەپقەت قىلىپ تۇپراق ئالماي قايتتى. تەڭرىدىن:

— ئەي جىبرىئىل، نېمە ئۈچۈن تۇپراق ئېلىپ كەلمىدىڭ؟ — دەپ خىتاب كەلدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

— ئەي پاك تەڭرىم، ماڭا رەھىم ـ شەپقەت غالىب كېلىپ، ئەپۇ قىلىشىڭنى سوراپ، دەرگاھىڭغا قايتىپ كەلدىم، — دېدى. ئاندىن تەڭرى مىكائىل ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتتى. مىكائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

— ئەي دەردمەن تۇپراق، كۆڭلۈڭدە نېمە ئارزۇيۇڭ بار؟ — دېدى. تۇپراق:

— ئەگەر مېنىڭدىن كوزا ياساپ، ئىچىگە سۇ توشقۇزۇپ جاننى راھەتلەندۈرسە، ئۇنىڭدىن خۇشاللىنىمەن. ئەمما شاراب بىلەن ھارام قىلسا قانداق قىلىمەن؟ مىسكىن ھالىمغا رەھىم قىلىپ، ماڭا دەخلى قىلمىسىڭىز، — دېدى. مىكائىل ئەلەيھىسسالام رەھىم قىلىپ تۇپراق ئالماي قايتتى. تەڭرى خىتاب قىلىپ:

— ئەي مىكائىل، نېمە ئۈچۈن قۇرۇق قول قايتتىڭ؟ — دېدى. مىكائىل:

— ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم، مېنى بىر بىچارىنىڭ قېشىغا ئەۋەتكەن ئىكەنسەن. ئۇنىڭدىن بىر نەرسە ئالماق رەھىمدىللارنىڭ ئىشى ئەمەس ئىكەن، — دېدى. ئاندىن كېيىن ئىسرائىل ئەلەيھىسسالامغا پەرمان بولدى. ئىسرائىل ئەلەيھىسسالام شۇ زامان زېمىن ئۈستىگە يېتىپ كەلدى.

تۇپراق يەنە ئۆزرە ئېيتقىلى باشلىدى:

— ئەي سۇر ئىگىسى، مېنىڭ بۇ ئىشقا قابىلىيىتىم يوق. شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، سىز سۈرنى تارتىسىز، ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلاقلىرىمدىن ياڭراپ ئۆتىدۇ. ئاجىز جىسمىمغا زىلزىلە چۈشىدۇ، ۋۇجۇدۇمدا ساقلانغان ھەممە نەرسىلەر تۆكۈلىدۇ. بۇنداق ئاجىز ئەھۋالىم بىلەن ئۇ ئامانەت جەۋھەرلىرىنى قانداقمۇ ساقلىيالايمەن، — دەپ كۆز بۇلاقلىرىنى ئېقىتتى. ئىسراپىل ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇپراققا رەھمى كېلىپ قۇرۇق قول قايتتى. تەڭرىدىن ئىسراپىل ئەلەيھىسسالامغا:

— نېمە ئۈچۈن تۇپراق ئېلىپ كەلمىدىڭ؟ — دەپ خىتاب كەلدى. ئىسراپىل ئەلەيھىسسالام:

— ئەي تەڭرىم، يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى كۆردۈم. لېكىن تۇپراقتىن ئاجىزراق نەرسىنى كۆرمىدىم. شۇڭا ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ قايتىپ كەلدىم، — دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تەڭرى ئەزرائىل ئەلەيھىسسالامغا تۇپراق ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام دەرھال تۇپراق ئېلىشقا كىرىشتى. يەر ئەزرائىلغا:

— مەن ھەممىدىن خارۇزاردۇرمەن. مېنىڭ بىچارە ھالىمغا رەھىم قىلىڭ، — دەپ ھېسابسىز نالە-زار قىلدى، ئەمما ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام:

— ئەي ئەقىلسىز، ئاسىي تۇپراق، سېنىڭ نالە-زارىڭغا شەپقەت قىلغۇچى مەن ئەمەس، تەڭرىنىڭ ھۆكمى قانداق بولسا شۇنداق قىلىمەن. سەن تەڭرىنىڭ پەرمانىدىن ئۈچ قېتىم باش تارتىپ گۇناھكار بولدۇڭ. سېنىڭ گۇناھىڭ تۈپەيلى سەندىن يارىتىلىدىغان نەرسە يېقىن كەلگۈسىدە ئاسىي بولغۇسىدۇر، — دېدى ۋە يەرنىڭ پەرياد چېكىپ چىرقىراشلىرىغا قارىماي، پۈتۈن يەر يۈزىدىن بىر چاڭگال تۇپراق ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە قاتتىق-يۇمشاق، تاتلىق-ئاچچىق، شور، مۇلايىم، رەڭمۇرەڭ، خىلمۇخىل تۇپراقلار بار ئىدى. ئادەم ئەۋلادلىرىنىڭ خۇي-پەيلى، رەڭگى-رويىنىڭ ئوخشاشماسلىقى شۇ سەۋەبتىندۇر.

ھەزرىتى ئەزرائىل تۇپراقنى تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا كەلتۈردى. تەڭرىدىن خىتاب كەلدىكى:

— ئەي ئەزرائىل، يەر سەندىن پاناھلىق تىلىدىمۇ؟

ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام:

— تۇپراقنىڭ نالە-زارىغا قارىماي ئېلىپ كەلدىم، — دېدى. تەڭرى بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئادەملەرنىڭ جېنىنىمۇ سەن ئالغىن، — دېدى. ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام نالە-زار بىلەن:

— ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم، بۇلارنىڭ ئارىسىدا پاك پەيغەمبەرلەر ۋە مەشھۇر ئەۋلىيالار بار. بۇلار ھەممىسى مېنى ئۆزلىرىگە دۈشمەن دەپ بىلىشىدۇ. ئۇ چاغدا مەن قانداق قىلىمەن؟ — دېدى. تەڭرى خىتاب قىلىپ:

— مەن ئۇلارغا خىلمۇخىل كېسەللەرنى بېرىمەن. ئۇلار ئۆلۈمنى ئەنە شۇ كېسەللەردىن كۆرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن سەۋەبلەر بولىدۇ. يەنى، بىرىنىڭ ئەجىلى ئوتتىن، بىرىنىڭ ئەجىلى سۇدىن دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن سەۋەبلەرنى پەيدا قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇلار ئۇلۇغلىنى ئاشۇ سەۋەبلەردىن كۆرـ
دۇ، سەندىن كۆرمەيدۇ، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ تەكرى تۇپراقنى مەكـ
كە بىلەن تائىف شەھىرىنىڭ ئارىسىدىكى
زىيارەتگاھقا قويدى، تۇپراقنىڭ ئۈستىگە
بىر پارچە بۇلۇتنى مۇئەككەل قىلدى. بۇـ
لۇت «بەھرىلئەھزەن» دېگەن غەم دەرياـ
سىدىن سۇ ئېلىپ چىقىپ، تۇپراقنىڭ ئۈسـ
تىگە 39 يىل يامغۇر بولۇپ ياغدى. بىر
يىل شادلىق دەرياسىنىڭ سۈيىدىن يامـ
غۇر ياغدى. ئادەم بالىسىنىڭ غەم-قايغۇـ
سى خۇشاللىقتىن كۆپ بولغانلىقىنىڭ سەـ
ۋەبى شۇنىڭدىندۇر.

شۇنداق قىلىپ 40 يىلدىن كېيىن بۇ
تۇپراق لايغا ئايلاندى.

تەكرى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا:

— مېنىڭ مۇھەببىتىمدىن شامال،
قۇدرەت ئېقىنلىرىمدىن سۇ، رەھمىتىمنىڭ
سايىسىدىن تۇپراق، بالا ۋە ئاپەتتىن ئوت
كەلتۈرگىن! — دەپ پەرمان قىلدى. بۇ
نەرسىلەر كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ھېلىقى
لايغا قوشتى ۋە ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسـ
سالامنىڭ ھەيكىلىنى ھېچبىر مەخلۇققا
بۇيرۇماي ئۆز قۇدرىتى بىلەن ياساپ چىقـ
تى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ لېيىغا شامال،
سۇ، تۇپراق ۋە ئوت قوشۇپ ياسالغانلىقتىن،
ھەر بىر ئادەمنىڭ مىجەز-خۇلقى، چىرايـ
شەكلى، قەددى-قامىتى ھەر خىلدۇر. تەكـ
رى ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەقىل، روھ، نەپـ
س ۋە كۆڭۈللەرگە ئورۇن بەردى. كۆـ
ڭۈلنى سىردىن ئالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆـ
ڭۈل غايىب دۇنيادىن بىشارەت بەرگۈچى
روشەن ۋە پاك جاھاننەما ئەينەكتۇر.
روھنى شامالدىن ئالدى ۋە ئۇنى تەكرى
ئۆزىگە چاكارلىق خىزمىتىنى قىلىشقا قويـ
دى. ئەقىلنى تۇپراقتىن ئالدى. شۇڭا
تۇپراقنى قانداق قىلسەن دېسە قىلغىلى
بولغاندەك، ئەقىلمۇ ھەرقانداق نەرسىنى
ئۆگەنسە ئۆگىنەلەيدۇ. نەپسنى ئوتتىن
ئالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن نەپسنىڭ كەينىگە
كىرسە، ئوتتەك كۆيدۈرىدۇ، بۇ دۇنيادا
تۈگىمەس جاپا-مۇشەققەتكە قالىدۇ؛ ئاـ
خىرەتتىمۇ ئازاب-ئوقۇبەتكە گىرىپتار
بولىدۇ.

تەكرى ئادەمنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىـ
مۇ ئۆزىگە خاس ۋەزىپىلەر ئۈچۈن ياراتـ
تى. كۆزنى تەكرىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرگىلى،
قۇلاقنى تەكرىنىڭ سۆزىنى ئىشىتكىلى،
بۇرۇننى مۇھەببەت پۇرىقىنى بىلگىلى، قولـ
نى تەكرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن
ياخشى ئىش قىلغىلى، تىلنى ئىمان
ئىسلام ئېيتقىلى، پىشانىنى سەجدە قىلـ
غىلى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر بىر ئەزاـ
نى بىر خىزمەت قىلىشقا پەرمان قىلدى.
شۇڭا ھەر بىر ئەزا ئۆزىنىڭ ئىشىنىلا قىلالايـ
دۇ. بىرىنىڭ ئىشىنى يەنە بىرى قىلالمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ يۇقىرىقىدەك خۇسۇـ
سىيەتلەرگە ئىگە ئادەم ئاخىر پۈتۈپ
تەييار بولدى. ئۇنىڭ بېشىنى شەرق تەـ
رەپكە، پۇتىنى غەرب تەرەپكە قارىتىپ
قويدى. چۈنكى مۇشۇ ھالەتتە ياتقان ئاـ
دەم ئورنىدىن تۇرغاندا يۈزى قىبلە تەـ
رەپكە قارايدۇ، شەرىئەتتىمۇ «كېسەل
ئادەم يېتىپ ناماز ئوقۇماقچى بولسا، ئايـ
غىنى قىبلە (غەرب تەرەپكە) بېشىنى شەرق
تەرەپكە قىلىپ ياتسۇن. چۈنكى يېتىپ
تۇرۇپ ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇسا يۈزى
قىبلىگە قاراپ تۇرىدۇ» دېيىلىدۇ.

«ئادەمنى تۇپراقتىن يارىتىشنىڭ سەـ
ۋەبى نېمە؟» — دەپ سورىغانلارغا جاۋاب

شۈكى:

تەڭرىدىن: «ئادەم ياراتماقچىمەن»— دېگەن خىتاب كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان بارلىق مەۋجۇداتلار «مېنىڭدىن يارىتارمىكىن» دەپ تەمە قىلدى، ئېگىز تاغلار:

— مەن ھەممىدىن قۇۋۋەتلىك،— دېدى. دەريالار:

— مەن ھەممىدىن پاك، ھەيۋەتلىك،— دېدى، ئالتۇن - كۈمۈش:

— مەن ھەممىدىن قىممەتلىك ۋە ھۆرمەتلىكتۇرمەن، — دېدى. ئاسمان:

— مەن ھەممىدىن ئېگىز،— دېدى.

دەرەخ:

— مەن ھەممىدىن چىرايلىق، قەددى-قامىتىم ھەممىدىن كۆركەم، —دېدى. ھەممە نەرسە ئۆزىگە تەمەننا قويدى. بۇچاغدا تۇپراق:

— مەن ھەممىدىن ئاجىز ۋە خار-زاردۇرمەن. ئادەمنى ھەرگىزمۇ مەندىن ياراتماس،— دېدى. تەڭرىدىن:

— تۇپراق ئۆزىنى ھەممىدىن تۆۋەن تۇتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ شاراپەتلىك ئادەمنى تۇپراقتىن يارىتىمەن،— دەپ پەرمان كەلدى. دېمەك، ئادەمنى تۇپراقتىن يارىتىشتىن سەۋەب، تۇپراقنىڭ كەمتەرلىكىدىن بولدى.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەيكىلى بۇ يەردە قىرىق يىل تۇردى. ئۇنى كۆرگىلى پەرىشتىلەر توپ-توپى بىلەن كېلىشەتتى. ئادەمنىڭ شەكلى، تۇرقى رەڭگىگە ھەيران بولۇشاتتى. ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇنداق كېلىشكەن شەكىلنى ھېچ يەردە كۆرمىگەنىدى.

بىر كۈنى ئەزازىل بىر توپ پەرىشتىلەر بىلەن بۇ ھەيكەلنى كۆرگىلى كەلدى ۋە بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ ئاسماندا، يەر يۈزىدە كۆرگەن بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئەكسىنى بۇ ھەيكەلدە كۆردى. ئۇنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بەزى ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلەرمۇ بۇنى كۆرۈش بىلەن ئېسىگە كەلدى. ئەزازىل خىيال بىلەن تۇرۇپ بۇ ھەيكەلگە قول تەگكۈزگەنىدى، يات قولىنىڭ تېگىشى بىلەنلا كۆزىنىڭ ئورنىدىن ئاۋاز چىقتى. ئەزازىل بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ھەمراھلىرىغا:

— ئەي پەرىشتىلەر، بۇ ھەيكەلنىڭ ئىچى كاۋاك ئىكەن. ھەرقانداق نەرسە كاۋاك بولسا، ئۇ ئەيىب-نۇقساندىن خالى بولالمايدۇ. بۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئازدۇرماق ئاسان،— دېدى. ئۇ ھازىرلا ئۇنىڭ ئىچىگە كىرمىسە، جان كىرگەندىن كېيىن كىرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، دەرھال ئادەمنىڭ ئىچىگە كىردى-دە، سەيلە-تاماشا قىلىشقا باشلىدى. ئادەمنىڭ ئىچى شۇنچىلىك كەڭرى جاھان ئىدىكى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى پايانسىز بايابانلار، بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن كاتتا ئىمارەتلەر، كۆركەم قەسىرلەرنى ئۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى. بۇلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شۇنداق بىر خەزىنە بولۇپ كۆرۈندىكى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئالەم خەزىنىسىنىڭ پۈتكۈل جاۋاھىراتلىرى ئورۇن ئالغانىدى. ئەزازىل ھەممىنى تاماشا قىلىپ ماڭا-ماڭا ئاخىر كۆڭۈلنىڭ مەنزىلىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇنداق ئاجايىپ يۈكسەك ۋە غارايىپ ئۇلۇغ ئىمارەتنى كۆرمىگەنىدى. ئۇ ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىشكە ھېچقانداق يول ياكى ئىشىك تاپالمىدى. ئۇ ئىنتايىن پەرىشان ھالدا ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا چىقتى ۋە پەرىشتىلەرگە:

— ئەگەر بۇ تۇپراقتىن ياسالغان

www.uyghurkitap.com



ۋۇجۇدنى بىزدىن پەزىلەتلىك ۋە ئەتىۋار قىلسا قانداق قىلىسىلەر؟— دەپ سورىدى. پەرىشتىلەر:

— تەڭرىنىڭ پەرمانىغا بويسۇنىمىز،— دېيىشتى. ئىبلىس (ئەزازىل):

— ئەگەر تەڭرى ئادەمنى مەندىن ئەزىز ۋە ئەتىۋار قىلسا، مەن ھەرگىز بويسۇن ئەگمەيمەن. مەن ئادەمنى ئاخىر بىر كۈن يولدىن چىقارماي قويمايمەن،— دەپ ۋەدە قىلدى. شۇ زامان ئۇ تەڭرىگە ئەڭ ئاۋۋال ئاسىيلىق قىلغۇچى بولۇپ، مەڭگۈلۈك لەنەتكە دۇچار بولدى. ھەر- قانداق ئادەم تەڭرى بۇيرۇغان ئىشنى قىلماسلىقتا ۋەدە قىلسا، ئۇ چوقۇم تەڭ- رىنىڭ دەرگاھىدىن قوغلاندى بولغۇسىدۇر.

ئاندىن كېيىن نەچچە مەھەل ئۆتتى. بىر كۈنى تەڭرىدىن جىبرىئىل ئەلەيھىس- سسالامغا:

— «نۇرى مۇھەممەد» نى كەلتۈر- گىن! ئۇنى تۇپراقتىن ياسالغان ۋۇجۇدقا ئامانەت قويىمەن،— دەپ پەرمان بولدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەي- ھىسسالامنىڭ نۇرىنى ئەپكىلىپ ئادەم ئە- لەيھىسسالامنىڭ پېشانىسىگە قويدى. بۇ نۇرنى بەدەنگە جان (روھ) دىن ئىلگىرى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، ھەرقانداق ئۇوچى بىرەر جانىۋارغا تۇزاق قۇرسا، تۇزاق ئۈستىگە يەمچۈك قويىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش بۇ شادلىق نۇرىنى ئا- دەمنىڭ پېشانىسىگە قويسا شۇ نۇرغا قىد- زىقىپ بارلىق مەۋجۇدات ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ، سەجدە قىلاتتى.

ئادەمنىڭ بەدىنى تەييار بولدى. تەڭرى ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئىمان ئىسلام- نى ئۇنىڭ كۆكسىگە بەنت قىلدى. تەڭرى روھقا:

— بۇ جەسەتكە كىرگىن! بۇ شۇن- داق نەرسىكى، ئۇنى مەن ئۆز قولۇم بى- لەن قىلغان،— دەپ پەرمان قىلدى. روھ بۇ جەسەتكە قارىدى. قاپقاراڭغۇ ۋە تار بىر جاي ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇنىڭ- دا بىر قورقۇنچ ھەم ۋەھىمە پەيدا قىل- دى. ئۇ:

— ئەي تەڭرىم! مىڭلىغان زەھەرلىك ھاشاراتلار ماڭا ھۇجۇم قىلماقتىدۇ. كىر- گىلى قورقۇۋاتىمەن، كىرمەي دېسەم سەن- دىن قورقىمەن. ئۇلار كۆپ ئىكەن، مەن بولسام يالغۇز. ئۇلار يەرلىك، مەن غې- رىب - مۇساپىر. نېمە ئىلاج قىلۇرمەن؟ ئەگەر كىرسەم ئاقىۋەت قانداق بولۇر- مەن؟— دەپ يىغلىدى. تەڭرى ئۈچ مەر- تىۋە «كىرگىن!» دەپ پەرمان قىلدى. جان قورقۇپ تەڭرىگە يالۋۇرۇپ تۇرۇۋال- دى. ئاخىر تەڭرىدىن:

— ئەي جان، كىرگىن! پات پۈر- سەتتە سالامەت قايتىپ چىقىسەن،— دەپ خىتاب بولدى. ئاندىن ھېلىقى «نۇرى مۇ- ھەممەد» نى قويىغانىدى، بۇ چاغدا ھەممە جايىنى خۇددى قۇياشتەك يورۇتىۋەتتى. جانمۇ دەرھال بەدەنگە راۋان بولدى. ئۇ خۇشاللىق بىلەن كىرىپ ئۆزىنى بىر قە- پەس ئىچىدە كۆردى. ئۇ تۇپراقتىن ياسال- غان بۇ ھەيكەل قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلدىكى، پۈتۈن ئالەمنىڭ ئەيش - ئىشرەت، گۈزەللىكلىرى، نازۇ-نېمەتلىرى، بېھىشتىكى ھۆر - غىلمان- لار، ئايۋان سارايلار، ئەرش - كۇرسى، لەۋ- ھى قەلەمنىڭ ھەممىسى بۇ سۆرەتتە ئەي- نەن مۇجەسسەملەشكەنىدى. جان تولۇق چۈشەنگەن ھالدا «بۇ نەرسىلەر سىرلارنى

ئاچقۇچى تەڭرىنىڭ قۇدرەت كامالى ئىكەن» دېدى. شۇ چاغدا جانىنىڭ نەزەرى ئەرشكە چۈشتى. بۇ يەردە «لائىلاهە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلىللاھ» (بىرلا تەڭرىدىن باشقا تەڭرى مەۋجۇت ئەمەس، مۇھەممەد ئۇنىڭ ئەلچىسىدۇر) دېگەن لەۋھە يېزىقلىق ئىدى. بۇنى كۆرگەن جان ھەيران بولۇپ «لائىلاهە ئىللەللاھ» دېگەنىغۇ تەڭرىنىڭ ئۇلۇغ ئىسمى ۋە سۈپەتلىرىدۇر. «مۇھەممەدۇن رەسۇلىللاھ» دېگەن قانداق نەرسىدۇر؟» دەپ ئويلىدى-دە:

— ئەي تەڭرى، ئۇ قانداق قىلىپ سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن بىللە يېزىلىپ قالغان؟— دەپ سورىدى. تەڭرى:

— ئەي ئادەم، ئۇ سېنىڭ پەرزەنتلىرىڭنىڭ ئارىسىدىكى مېنىڭ ئەلچىم بولىدۇ. ئەگەر سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ يولدىن چىقىپ، گۇناھكار بولسا ئۇ سىلەرگە شاپائەت قىلىدۇ،— دېدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام «مەن ئاتىسى تۇرسام، ئۇ پەرزەنتىم تۇرۇپ، مەن گۇناھكار بولۇپ ئۇ ماڭا شاپائەت قىلغۇچى بولسا ئانچە ياخشى تۇرمايدىكەن. پەرزەنتلىرىم گۇناھكار بولسا، مەن شاپائەت قىلسام تۈزۈك بولار ئىكەن»، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى. شۇ زامان جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا تەڭرىدىن:

— بۇ بەندىنىڭ كۆڭلىدىكى بۇزۇق خىيالنى چىقىرىۋەتكىن،— دەپ پەرمان بولدى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىدىكى بۇزۇق خىيالنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ جەننەتكە كۆمدى. ئۇ يەردىن «شەجەرەئى مەمنۇئ» دېگەن دەرەخ ئۈنۈپ چىقتى. ئاخىرىدا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشىگە سەۋەب شۇ بولدى.

قالغان يېرىمى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدىنىدە قالغانىدى. ئۇنىڭدىن ئىنسانىنى يامانلىققا دەۋەت قىلغۇچى نەپسنى پەيدا قىلدى. تا قىيامەتكىچە ئىنسانلارنى ئازدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەلەم-كۈلپەتكە، جاپا-مۇشەققەتكە قېلىشىغا سەۋەب بولغۇچى ئەنە شۇدۇر.

ئەبۇ ئابباسنىڭ رىۋايەتلىرىدە ئېيتىشىچە، جان ئەڭ ئاۋۋال ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزىگە كەلدى. چۈنكى تەڭرى ئۇنى تىرىلگەن ھامان ئۆزىنىڭ قارا تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقىنى بىلسۇن دېگەنىدى. ئاندىن دىمىقىغا كەلدى. دىمىقى قىچىشىپ بىر تەۋرەندى-دە، چۈشكۈردى. ئاندىن كېيىن جان تىلىغا كەلدى. شۇ ھامان «ئەلھەمدۇلىللاھ» (تەڭرىگە تەشەككۇر) دېدى. بۇ چاغدا تەڭرى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا:

— سەن تېخى مېنىڭ نازۇ نېمەتلىرىمنى يېمەي تۇرۇپ تەشەككۇر ئېيتىۋاتىسەن. مەنمۇ سېنىڭ قىلىدىغان گۇناھلىرىڭنى ئەپۇ قىلىپ، ساڭا رەھىم قىلىمەن،— دېدى. خۇددى ھامىلدار ئايال يەڭگىمەي تۇرۇپ قورساقتىكى بالا ئۈچۈن يۆگەك، تۆشەك تەييارلىغاندەك، ئادەم تېخى گۇناھ قىلماي تۇرۇپلا، تەڭرى ئۇنىڭغا رەھىم-شەپقەت قىلىش توغرىسىدا خەۋەر بەردى.

ئادەم ئەلەيھىسسالام تەڭرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ يىغلىدى. تەڭرىدىن:

— ئەي ئادەم، نېمىشقا يىغلايسەن؟— دەپ خىتاب كەلدى. ھەزرىتى ئادەم:

— ئەي تەڭرىم، كۆزۈمنى ئېچىپلا «ئۇممەتۇن مۇزنىبەتۇن» (ئۇممەتلەر گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىدۇر) دېگەن خەتنى كۆر-

دۇم. قۇلىقىمنى ئىچىۋىدىك «يەرھەمەكە
رەببىكە» (تەڭرى رەھىم قىلغۇچىدۇر)
دېگەن ئاۋازىڭنى ئاڭلىدىم. بۇ ئىككى نى-
دادىن تاپا ـ تەنە ۋە ئازابقا قېلىۋاتىمەن،
قانداقمۇ قىلارمەن؟— دېدى. تەڭرى يەنە:

— ئەي ئادەم، گۇناھ قىلىشىڭنى بى-
لىپ، مېنىڭ رەھىم ـ شەپقەت قىلىدىغان-
لىقىمنى بىلمىدىڭمۇ؟ مەن ھەر ۋاقىت
ساڭا رەھىم قىلىمەن،— دېدى. ئاندىن
كېيىن جان ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆك-
سىگە كەلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرماقچى بو-
لۇپ، تۇرالمىدى. ئۇنىڭغا ئۇزۇقلۇق زۆ-
رۈر بولۇپ قالغانىدى. جەننەتتىن تاماق
كەلتۈرۈلدى. ئۇنى يېگەندىن كېيىن جان
پۈتۈن تەنگە يېيىلدى. سۆڭەككە گۆش،
گۆشكە تېرە پەيدا بولدى. ئاندىن ماغدۇر
كىرىپ ئورنىدىن تۇردى. ھەزرىتى ئادەم-
نىڭ بەدىنىگە جۇمە كۈنى جان كىردى.
نامازدىگەردىن كېيىن جان بىلەن تەن
تېپىشتى.

بۇ چاغدا ھەرقايسى ئەزالار ئۆز
ئالدىغا يورۇق چاچقۇچى بىر قۇياش، ئۆز
ئالدىغا سايرىغۇچى بىر بۇلبۇل ئىدى. ئۇ-
زىنىڭ قەيەردىن، قانداق پەيدا بولغانلى-
قىنى، كىم ياراتقانلىقىنى بىلمەي، ئۆزى-
نى ماختاپ لاپ ئېيتىشاتتى. باش:

— مەن ھەممىدىن ئېگىزدە بولغانلى-
قىم ئۈچۈن سەجدە قىلىشقا لايىقمەن،
تائەت ـ ئىبادەتلەرنىڭ بېشى مەن،— دېسە،
قول:

— مەن ساخاۋەت قىلغۇچىدۇرمەن،—
دەيتتى. كۆز:

— مەن جاھاننەما ئەينىكىمەن،—
دەيتتى. قۇلاق:

— مەن تەڭرىنىڭ نىداسىنى ئاڭلى-
غۇچىمەن، دېسە، پېشانە:

— مەن تەڭرىنىڭ تەقدىر قۇدرەتلى-
رىنى يېزىپ قويىدىغان تاختىسىمەن،—
دەيتتى، يۈز:

— مەن ھۆسن ـ جامال گۈلىستانىدا!
ئېچىلغان گۈلدۇرمەن،— دەيتتى. خال:

— مەن ئاشىقلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى
ئېلىندۇرغىلى قويغان قىلتاقتىكى دانىمەن،—
دېسە، لەۋ:

— مەن جەۋھەرلەرنىڭ ئىچىدىكى يا-
قۇتتىن ياسالغان چەمبىرىكى،— دەيتتى.
ئېغىز:

— مەن بارچە ئەزالار ئېرىقىغا شې-
كەر ئېقىتقۇچىدۇرمەن،— دەيتتى. كۆڭۈل:

— مەن يوشۇرۇن سىرلارنىڭ مەھرى-
مى، ۋىسالنىڭ خاسىيەتلىك بەزمىسى،
نۇرلۇق پادىشاھىمەن،— دېسە، بىلەك:

— مەن ھەممە ئىشلارنىڭ مەركىزى-
مەن،— دەيتتى. پۇت:

— مەن ئامانەت يۈكىنى كۆتۈرۈپ
يۈرىدىغان ئەدەبلىك، سىلىق يولۇچىمەن،—
دېسە، تېرە:

— مەن پۈتۈن بەدەن شەھىرىنىڭ خاس
قورغىنىمەن،— دەيتتى. گۆش:

— مەن تۆت يۈز قىرىق تۆت پارچە
ئۇستىخاننىڭ كىيىم ـ كېچەكمەن، دېسە،
ئەقىل:

— مەن توغرا يولغا باشلىغۇچى-
مەن،— دەيتتى.

دېمەك، ھەرقايسىسى ئۆزىگە تەمەن-
نا قويۇپ، چوڭ سۆزلەشكە باشلىدى. بۇ
چاغدا جان ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ھۆرمەت
ۋە ھۆكۈمرانلىق تەختىدە باش كۆتۈردى ۋە:

— ئەي بارلىق ئەزالار، ئۈچيۈز ئات-
مىش تومۇر، تۆت يۈز قىرىق تۆت پار-

www.uyghurkitap.com

چە ئۇستىخان ۋە جەمئىي ئەزانىڭ ياخشىلىقى، كۈچ - قۇۋۋىتى مەن بولىمەن. ئەگەر مەن بولمىسام ئەقىلدە پەم قالماس، — كۆڭۈلدە ئىدراك، قولدا كۈچ، كۆزدە نۇر قالماس، — دېدى. ئۇ بۇ سۆزلەرنى دەپ تۇرغاندا بىر پارچە نۇر پەيدا بولدى ۋە غايىبتىن:

— ئەي مەجرۇھ جان، سېنىڭ ئۆزۈڭنى ماختاپ، باشقىلارنى كەمسىتىشكە نېمە ھەددىڭ بار؟ — دېگەن ئاۋاز كەلدى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان جان شۈئان قېتىپلا قالدى. ئۇنىڭدا ھوش، ھەرىكەت، ھەۋەس دېگەندىن ھېچنەرسە قالمىدى.

تەڭرى ۋۇجۇد سارىيىنى جان بىلەن زىننەتلىدى. بارلىق پەرىشتىلەرگە ئۆزىنىڭ «ئىننى ئەئلەمۇ مالا تەئلەمۇن (مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن») ① دېگەن سۆزنى ئاڭلاتماقچى ۋە يوشۇرۇن سىرلىرىنى ئاشكارا قىلماقچى بولدى.

بىر كۈنى تەڭرى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى نۇردىن ياسالغان بىر تەختتە ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن بارلىق پەرىشتىلەرنى يىغدى. تەڭرى ئۆزى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەكچى بولغان زېمىندىن چۈمۈلىگىچە، سۈمرۈغدىن پاشا - كۆمۈتىگىچە، ھەزرىتى ئادەمدىن تاكى ئاخىر زامان بولۇپ سۈر تارتىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا يارىتىلىدىغان سانسىزلىغان مەخلۇقلارنىڭ قانچىسى ئەركەك، قانچىسى چىشى ئىكەنلىكىنى، قايسىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، قايسىنىڭ قىسقا بولىدىغانلىقىنى، قانچىلىك رىسقى يەيدىغانلىقىنى سورىدى ۋە:

— ئەي پەرىشتىلەر، سىلەر، «سەن يارىتىدىغان ئادەمدىن بىز شەرەپلىك ۋە ئالىمدۇرمىز. بىزدىن دانىشمەن نەرسە يوق،» دېگەن ئىدىڭلار، ئەگەر شۇ سۆزۈڭلار راست بولسا مېنىڭ بۇ سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭلار، — دېدى.

پەرىشتىلەر بۇ سوئالنىڭ جاۋابىغا ئاجىزلىق قىلدى. ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىغا قايىل بولۇشۇپ ئۆزرە ئېيتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن تەڭرى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا غايىبنى كۆرگۈچى كۆزلىرى بىلەن نەزەر قىلدى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىگە بارلىق يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا نەرسىلەر مەلۇم بولدى. ئاندىن تەڭرى:

— ئەي ئادەم، ئەمدى بۇ سوئالنى سەندىن سورايمەن. جەمئىي پەرىشتىلەرنىڭ سانىنى، ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىسەن، ئاندىن تاكى سۈر تارتىلغۇچە ۋۇجۇدقا كېلىدىغان ئۆزۈڭنىڭ پەرزەنتلىرىڭنى ۋە ئۇلارنىڭ قانچىسى ئەر، قانچىسى ئايال ئىكەنلىكىنى؛ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قانچە قېتىم نەپەس ئالىدىغانلىقىنى؛ قانچىلىك سۆزلەيدىغانلىقىنى؛ قانچىسى مېنىڭ سۆزۈمنى سۆزلەيدۇ، قانچىسى پەيغەمبەر - ئەۋلىيالارنىڭ سۆزىنى سۆزلەيدۇ؛ قانچىلىك تۆت چار قۇشلار تۇغۇلىدۇ، قانچە ھايۋانات، ئۇلار قانچىلىك ئۆمۈر كۆرىدۇ، قانچىلىك رىسقى يەيدۇ...... بۇلارنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب بەرگىن، — دەپ پەرمان قىلدى.

ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىلھامى بىلەن پۈتۈن ئالەمدىكى مەخلۇقات - مەۋجۇداتلارنىڭ رىسقى، ئۆمرى، سۈپەتلىرى، كەسىپ - ھۈنەرلىرىنى تولۇق بايان قىلىپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان پەرىشتىلەر ھەيران قېلىشتى. شۇ چاغدىن تارتىپ ئادەم بالىسىدىن تەلىم ئېلىش مىراس بولۇپ قالغانىكەن.

① «قۇرئان كەرىم» 1 - پارە، 2 - سۈرە «بەقەرە»، 30 - ئايەت.

www.uyghurkitap.com

تەڭرىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا تاج كىيدۈرۈپ، يۈز پەلەمپەيلىك تەختكە چىقىرىپ قويدى. قولىغا ئىككى دانە ئەڭگۈشتەر ئۈزۈك سېلىپ قويدى. جەننەتتىن يەتمىش قات رەڭگا رەڭ يىپەك كىيىملەرنى ئەپچىقىپ ئۇنى كىيدۈردى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشانىسىدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرى قۇياشتىن يۈز ھەسسە ئارتۇق شولا چېچىپ تۇراتتى. پەرىشتىلەر بۇ نۇرنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى. ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ھەر تەرەپكە قارىسا پەرىشتىلەر ئۇنىڭ گۈزەل جامالىغا قاراپ زوقلىنىپ ھەيرانلىقتا ھەسرەت چېكىشەتتى. «ئۇلۇغ تەڭرى مۇنداقمۇ ساھىبجامال نەرسىنى يارىتىدىكەن» دەپ ماختاپ ئاپىرىن ئوقۇشاتتى. تەڭرى:

— ئەي پەرىشتىلەر، ئادەمنى تەختى بىلەن كۆتۈرۈپ ئاسمانلارنى، جەننەتلەرنى، پۈتكۈل يەر يۈزىنى كۆرسىتىپ سەيلە قىلغۇزۇپ ئاپىرىپ مۇقەددەس ئەرش ئۈستىدە قويۇڭلار، — دەپ پەرمان قىلدى. ئاندىن تەڭرى:

— ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار، — دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام باشلىق ھەممە پەرىشتىلەر دەرھال سەجدە قىلىشتى. شۇ چاغدا تۆت پەرىشتىگە مەنسەپ تەيىنلەندى. ھەزرەتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى «پەيك رەببىلئالەمىن» (تەڭرىنىڭ ئۇچۇرچىسى)، مىكائىل ئەلەيھىسسالامنى «قاسىملىرەززاق» (رىسقى تەقسىم قىلغۇچى)، ئىسراپىل ئەلەيھىسسالامنى «ساھىب سۇر» (سۇر تارتقۇچى)، ئەزرائىل ئەلەيھىسسالامنى «قابىزۇلئەرۋاھ» (جان ئالغۇچى) دەپ ئاتىدى.

تەڭرى يەنە تاشلارنىڭ، يامغۇرنىڭ، گىياھلارنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ بەدىنىدىكى تۈكلەرنىڭ، ئاسماندىكى يۇلتۇز، يەردىكى يىلتىزلارنىڭ سانىنى؛ ھەممە جانلىقلارنىڭ رىسقى، ھەر كىشىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارنى پۈتۈپ چىقتى. ئەزەل كۈنى دېگەن ئەنە شۇدۇر. قۇدرەت قەلىمى دېگەنمۇ ئەنە شۇدۇر.

ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلغان پەرىشتىلەرنىڭ ھەرقايسىنى بىر ئىشقا قويدى. بەزىسىنى جەننەتكە، بەزىسىنى دوزاخقا، بەزىسىنى ئەرشكە توختاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى نامازغا، بەزىلىرىنى روزىغا، بەزىلىرىنى ھەج-زاكاتقا، بەزىسىنى ئىمان-ئىسلام، خەيرى-ساخاۋەتكە، ھەرقايسىنى بىر ياخشى ئىشقا مەسئۇل قىلىپ توختاتتى. سەجدە قىلغان پەرىشتىلەرنىڭ ھېچقايسىسى خىزمەتتىن مەھرۇم قالمىدى. ئەگەر بىرەرسى بېشىنى سەجدىگە قويغان بولسا، بېشىنى كۆتۈرگۈچە ئۇنىڭ تەلىپى ھاسىل بولاتتى. پەرىشتىلەر ھەممە ئىززەت-ئىكرامىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن تاپتى.

سوئال:

— پەرىشتىلەر سەجدىنى تەڭرىگە قىلدىمۇ ياكى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا قىلدىمۇ؟

جاۋاب:

— ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ مەقسىتى، ھەزرىتى ئادەمنىڭ پەزىلەت ۋە كارامەتلىرىنى مەلۇم قىلىپ، دوستلارنى شاد-خۇرام، دۈشمەنلەرنى غەمكىن قىلماق ئىدى.

يەنە بىر جاۋاب شۇكى:

— سەجدە بەش خىل بولىدۇ. بىرىنچى، سەجدەئى ئىبادەت. بۇ ئۇلۇغ تەڭـ

رىگە قىلىنىدۇ. ئىككىنچى، سەجدەئى تەھىييەت. بۇ پەيغەمبەرلەرگە قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى، نامازدا خاتا كەتكەن بولسا سەجدە قىلىنىدۇ. تۆتىنچى، سەجدەئى شۈكرانە، تەڭرىنىڭ بەرگەن رىسقىغا شۈكرى قىلىپ سەجدە قىلىنىدۇ. بەشىنچى، سەجدەئى تىلاۋەت، قۇرئاندا ئون تۆت يەردە سەجدە كېلىدۇ.

نەقىل، دۇنيادا بىر يۈزيىگىرمە تۆت مىڭ پەيغەمبەر ئۆتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ يۈز ئون ئۈچ پەيغەمبەر مۇرسەل. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يىگىرمە تۆت پەيغەمبەر ئەڭ ئەۋزەلىدۇر.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ۋەھى كەلتۈرگەن پەيغەمبەرلەر «مۇرسەل» دېيىلىدۇ. تەڭرى يەتتە پەيغەمبەرگە ئون تۆت كىتاب ئەۋەتتى. ئاۋۋال ئەللىك سەفھە ئايەتنى ھەزرىتى شىست ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتتى. ئوتتۇز پارە كىتابنى ئىدرىس ئەلەيھىسسالامغا، يىگىرمە تۆت كىتابنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا، تەۋراتنى ھەزرىتى مۇساغا، ئىنجىلنى ھەزرىتى ئەيساغا، زەبۇرنى ھەزرىتى داۋۇدقا، فۇرقاننى ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە ئەۋەتتى. ھېچبىر پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك پەزىلەتلىك، ئىززەت-ئىكرامغا لايىق ئەمەس.

دېمەك، پەرىشتىلەر ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشتى. ئۇلار بېشىنى كۆتۈرگەندە كۆردىكى، بىر دىۋە سۈرەت، بەدبەشىرە، يۈزى قارا، كۆزى چېقىر، بويىنىدا لەنەت ھالقىسى بار بىر مەخلۇق تۇراتتى — ئەزازىل شەيتان بولۇپ قالغانىدى. پەرىشتىلەر ئەزازىلنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن تەڭرىگە شۈكرى ئېيتىپ باشلىرىنى قايتىدىن سەجدىگە قويدى. كېيىنكىسى «سەجدەئى شۈكرانە» ئىدى. تەڭرىدىن شۇنداق خىتاب كەلدىكى:

— ئەي مەڭگۈلۈك لەنەتگەردى، ئادەمگە سەجدە قىلىشقا نېمىشقا نومۇس قىلدىڭ؟ مەلئۇن:

— ئەي تەڭرى، ئۇ ئادەمدىن مەن ياخشىراق، چۈنكى مېنى ئوتتىن ياراتقانىدىڭ، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ، مەن نېمىشقا ئۇنىڭغا سەجدە قىلغۇدەكمەن؟ ئوت ساپتۇر، تۇپراق زۇلمەتتۇر. نۇر تۇپراققا سەجدە قىلىپ بويسۇنغان نەدە بار؟ — دېدى. تەڭرى:

— ئەي مەلئۇن، سەن قانداق قىلىپ ئادەمدىن ئوبدان، ياخشى پەزىلەتلىك بولىسەن؟ — دەپ خىتاب قىلدى. شەيتان:

— ئوت دېگەن خاسىيەتلىكتۇر. ئوت دېگەن ئەجدىھاغا ئوخشايدۇ. بىرەر نەرسە ئىچىگە كىرسە دەرھال كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. بارلىق خام نەرسىلەرنى پىشۇرىدۇ. بۇنداق نۇر نېمىشقا تۇپراققا سەجدە قىلىدۇ؟ — دېدى. بۇ چاغدا تەڭرى:

— ئەي مەلئۇن، بۇ سۆزلىرىڭ بىھۇدە بىلجىرلاشتىن ئىبارەت. سەن دەرگاھتىن ئەڭ بۇرۇن قوغلاندى بولغۇچىسەن، ئۆزۈڭنى ماختاپ ئاۋارە بولما. مېنىڭدەك ئەبەدىي پادىشاھنىڭ دەرگاھىدا سەندەك ماختانچاق، شەخسىيەتچىلەرگە ئورۇن يوق، ئېھتىياجمۇ يوق. سېنىڭدەك گەردەنكەش تەكەببۇرلارنى قانائەت تېشى بىلەن ئۇرار. خۇش خۇي، خۇش خۇلۇقلارغا رەھىم-شەپقىتىم تولا. ھەممە ئېغىرلىق، سەۋرچانلىق، مۇلايىملىق تۇپراقتا بولغانلىقى ئۈچۈن جەننەتلىرىمنى تۇپراق بىلەن

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى

بەرپا قىلدىم. جەننەتنىڭ ياخشىلىقى ئۇنىڭدا ئوتنىڭ بولمىغانلىقىدىن، دوزاخ ھەممىدىن قورقۇنچلۇق. ئۇنىڭدىكى ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ يامانراقى ئوتتىن كېلىدۇ. تۇپراقنىڭ ئوتقا ھېچقانداق ھاجىتى يوق. ئەمما ئوت تۇپراقنىڭ ئۈستىدە ماكان تۇتماي ئىلاج يوق. ئەي مەلئۇن، مەككار! سەن تۇپراق بىلەن بەسلەشمىگىن. بۇ ھەقتە ئاداۋىتىڭ بولسا ئوت بىلەن تۇپراقنىڭ مۇنازىرىسىنى ئاڭلىغىن. شۇنىڭدىن بىلىۋالىسەن، — دېدى.

### ئوت بىلەن تۇپراقنىڭ مۇنازىرىسى

ئوت:

— ئەي تۇپراق، مېنىڭ سۈپەتلىرىم شۇنچىلىك ئاجايىپكى، غايەت روشەنلىكىمدىن قاراڭغۇ كېچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ نۇر چاچىمەن، قىسقىسى نۇردىن پۈتكەن گۈلمەن، — دەپ ئۆزىنى بىر مۇنچە تەرىپلەپ ماختىدى. تۇپراق:

— ئەي ئوت، سېنىڭ بارلىق ئىشىڭ ھىيلە-مىكىر، پىتنىخورلۇق، تەكەببۇرلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مېنىڭ ئىشىم ئىززەت-ھۆرمەت تاجىسىنى كەمتەرلىك ۋە خارلىق تۇپرىقىغا تاشلىماقتۇر، — دېدى.

ئوت:

— ئەي تۇپراق، مەن ھەم تەڭرىنى ئاشكارا قىلغۇچى گۆھەردىنمۇ نۇرلۇق بولغان پەلەك چىرىغىمەن، — دېدى. تۇپراق:

— ئەي ئوت، ئۆزۈڭگە بەكمۇ تەمەننا قىلمىغىن. ھۆرمەتنىڭ خارلىقتىن تېپىلىدىغانلىقىنى، راھەتنىڭ ساخاۋەتتىن تېپىلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ مېنىڭ بۇنداق ئەزىز بولۇشۇم ئەسلىدىكى خارلىقىمدىن بولدى. مەن پۈتۈن ئالەمنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرىمەن. مەن بىر ئائىلىنىڭ ئىگىسىمەن. ئائىلەمنىڭ خۇشاللىقى پەرزەنتلىرىم بىلەن بىدۇر. دۇنيا، ئاسمان، ئۇلۇغ قەسىر-زىيارەتگاھلار، قۇشلارنىڭ ئۇۋىلىرى، جانلىقلارنىڭ ئۆيلىرى، ئەبەدى بۇزۇلمايدىغان ئوردىلار، قىمارخانىلار.... مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئورۇن ئالغان. مەن بەزىدە زەمھەر ئىچىسەم، بەزىدە گۇناھ-بۇزۇقلۇقلارنىڭ دەردىنى تارتىمەن. تەڭرىنىڭ پەيغەمبەرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىمۇ مېنىڭ ئۈستۈمگە جايلاشقان. مەن بارلىق دەل-دەرەخلەر ۋە گۈل-گىياھلارغا مۇھەببەت ئەمچىكىدىن سۈت ئەمگۈزىمەن. ئالەمنىڭ يىرتىلغان ياقىسىغا ئىپار-زەپەر، سەندەل، گۈل سۈيى، ئەنبەرلەرنى چېچىپ خۇش بۇي قىلىمەن. جەننەتنىڭ ھۆرلىرى ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ كۆزلىرىگە سۈرمە قىلىشىدۇ ۋە تەڭرى بىلەن يېقىندىن سۆزلەشىدۇ. مەن بارلىق مەخپىيەتلىكلەرنى ساقلايمەن. ئاللاتائالا «چىنلىقنىڭ ساندۇقى تۇپراقتۇر»، دېگەنىدى.

ئەي ئوت، ئەزازىل ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا نومۇس قىلىپ: «مەن ئوت تۇرۇپ تۇپراقتىن يارالغان ئادەمگە نېمىشقا سەجدە قىلغۇدەكمەن»، — دېدى. ئۇ دەرھال پەرىشتىلىك مەرتىۋىسىدىن چۈشۈپ دىۋە سۈرىتىگە كىردى. ئەزازىللىقتىن مەلئۇنلۇققا تەيىن تاپتى، جەننەتتىن قوغلىنىپ، زېمىنغا چۈشتى. كارامەت لىباسى پالاكەت كىيىمىگە ئالماشتى. دۆلەت تاجىسىنىڭ ئورنىغا غەم-مېھنەت كىيىمىنى كىيدى. پېشىۋالىقتىن قېلىپ، رەسۋالىققا چۈشتى. تەڭرىنىڭ دەرگاھىدىن قوغلاندى. رەھىم-شەپقەت دەرياسىدىن غەم-قايغۇ دېڭىزىغا چۈشتى. ھەممە پەرىشتىلەر، ھايۋاناتلار، دەل-دەرەخلەر، ھاشاراتلارغىچە ئۇنىڭ بېشىغا لەنەت تېشىنى ئاتتى. پە-

رىشتىلەرنىڭ سۆھبىتىدىن مەھرۇم
قالدى... — دېدى.

ئەزازىل ھۆسن - جامالدا پەرىشتى-
لەردىن چىرايلىق ئىدى. قاناتلىرى زۇم-
رەت - ياقۇتتىن ئىدى. ھەربىر قەۋەت ئاس-
ماندا باشقا ئىسىم بىلەن چىرلايتتى. قو-
شۇن بىلەن تۇغ - ئەلەملەرنى كۆتۈرۈپ
ئاسماندىن - ئاسمانغا، جەننەتتىن - جەننەت-
كە يۈرۈپ سەيلە - تاماشا قىلاتتى. پە-
رىشتىلەر، ھۇر - غۇلمانلار ئۇنىڭ خىز-
مىتىدە ھازىر ئىدى ۋە ئۇنى ئىززەت -
ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇ تەڭرىنىڭ پەرمانىغا
بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن ھەممە نازۇ - نې-
مەتتىن، ئىززەت - ھۆرمەتتىن مەھرۇم بول-
دى. ئۇنى شۇ چاغدا يەر يۈزىگە تاشلى-
غاندى. ئەزازىلنى يەرگە تاشلىغان ۋاقىتدا،
بىر دەرياغا چۈشتى. بۇ دەريادا ئۇ يۈز
يىل چۆمۈلۈپ، ئاجايىپ جاپا - مۇشەققەت-
لەرنى چەكتى. ئۇنىڭ شۇملۇقىدىن دەر-
يانىڭ سۈيى ئاچچىق بولدى. شۇنىڭدىن
كېيىن بۇ دەريا «شور دەرياسى» دەپ
ئاتالدى، «شور» دېگەن «بەدبەخت» دې-
گەن سۆزدۇر.

ئۆزىنى دەريادا بۇ ھالەتتە كۆرگەن
ئەزازىل:

— مەن شۇنچە تائەت - ئىبادەت
قىلدىم. ئاقىۋەت ئىشىم مۇنداق بولدى.
ئەمدى نېمە بولسا بولسۇن، — دەپ بارلىق
يامانلىق ۋە گۇناھ ئىشلارغا بېشىچە
كىرىپ كەتتى. چۆل - باياۋانلارنى كەز-
دى. بىر كۈنى ئۇ:

— ئەي تەڭرى، مەن ھەممە تائەت -
ئىبادەتنى قىلغانىدىم، شۇلارنىڭ ئەجرىنى
بەرگىن، — دېدى. تەڭرىدىن:

— سەۋر قىلىپ تۇرغىن. ئەجرىڭنى
قىيامەت كۈنى بېرەي، — دېگەن ئاۋاز
كەلدى. شەيتان:

— قىيامەت كۈنى نېمە بولسام بۇ-
لاي، ماڭا ھېلى لازىم، بۈگۈنلا بەرگىن، —
دېدى. تەڭرى:

— نېمە تىلىسەڭ تىلىگىن، — دېدى.
شەيتان:

— ماڭا ئۇزۇن ئۆمۈر بەرگىن،
تا قىيامەت كۈنىگىچە تىرىك بولاي، ئان-
دىن ئادەم پەرزەنتلىرىنىڭ گۆشى بىلەن
تېرىسىنىڭ ئارىسىدا يول بەرگىن، مەن
شۇ جايدا يۈرەي، ئۇلار مېنى ھەرگىز
تاشلىيالمىسۇن — دېدى. تەڭرى:

— ئەي مەلئۇن، تىلىكىڭنى بەردىم، —
دېدى. شەيتان:

— ئەمدى ھەممە خەلقنى ئۆزۈمدەك
قىلىمەن، — دېدى. تەڭرىدىن:

— ئەي مەلئۇن، ئاددىي پۇقرالارنى-
ڭۇ ئازدۇرارسەن، سىرداشلىرىمغا ھەرگىز
ئاداۋەت قولۇڭنى ئۇزىتالمايسەن. ھەر-
قانداق قىلىپمۇ ئازدۇرالمايسەن، — دېگەن
خىتاب كەلدى ۋە پەرىشتىگە:

— بۇ مەلئۇننىڭ گەدىنىگە ھەر
كۈنى بىر شاپىلاق ئۇرغىن. ھەرگىز بوش
ئۇرۇپ قويمىغىن، ئاغرىقىغا ئۇ-
لىشىپ تۇرسۇن، — دەپ پەرمان قىلدى.

پەرىشتە شەيتاننى ھەر كۈنى بىر شاپىلاق
ئۇرسا، ئۇ دوم چۈشۈپ يۈز - كۆزى تۈپ-
راققا بۇلىناتتى. ئەتىسى يەنە ئاشۇ ھا-
لەت داۋام قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ
ھالاكەتكە يۈزلەندى.

دېمەك، پەرىشتىلەر ئادەمگە سەجدە
قىلدى، ئەزازىل بويۇن تولغاپ شەيتان
بولدى. ھەزرىتى ئادەمنى جەننەتكە ئېلىپ
كىردى ۋە يەتمىش خىل، رەڭگارەڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيدۈرۈپ، تەختكە ئولتۇرغۇزدى، بېشىغا كارامەت تاجىنى كىيدۈردى. قولىغا خەلىپىلىك ئەڭگۈشتەر ئۈزۈكىنى سالدى. ھەممە كىيىملىرىگە «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلىل- لاھ» (بىر تەڭرىدىن باشقا تەڭرى يوق، مۇھەممەد تەڭرىنىڭ ئەلچىسى) دېگەن خەت نەقىش قىلىنغانىدى، ئادەم ئەلەيھىسسالام تەختىدە ئولتۇرسا، يەتمىش مىڭ گۇرۇھ پەرىشتىلەر ئارقىسىدا تۇرۇپ ياخشى تىلەك- لەرنى ياغدۇراتتى، يەنە ئاۋاز ئاڭلاندى:

ــ ئەي مالىكى رىزۋان، جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ قويۇڭلار، ئۇنى ئازادە قىلىپ ياساپ قويۇڭلار. بارلىق دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرى پىشىپ، دەريالارنىڭ سۈيى ئېقىپ تۇرسۇن، رەھىم ـ شەپقەت شامىلى چىقىپ تۇرسۇن، ھۆرلەر ئۆزىنى ياساپ تۇرسۇن، خىزمەتچىلەر ئاسمانلارنىڭ بىساتلىرىنى زىننەتلەپ ياساپ قويۇڭلار. ھەسەلدىن تاتلىق، مۇزدىن سوغۇق، سۈتتىن ئاق شەر- بەتلەر ئېقىپ تۇرسۇن. خۇش ئاۋاز، گۈزەل بۇلبۇللار يېقىملىق سادا بىلەن نەغمە قىلىڭ- لار. ئەي پەرىشتىلەر، تەختلەرنىڭ ئارىسىدا ۋە ئەتراپىدا ئەدەب بىلەن تۇرۇڭلار!......

نەزمە:

سۇ چېچىڭلار بۇ يوللارغا گۈزەل نىگار كېلىدۇ،
ئۇچۇر بېرىڭ، بۇ باغلارغا بۇيى باھار كېلىدۇ.
يول بېرىڭلار ئۇ دىلدارغا، يۈزلىرى تولۇن ئايغا،
چېھرىسىنىڭ نۇرىدىن كۆركى باھار كېلىدۇ.
ئاۋات بولۇر باغىمىز، تۆندە يانار چىراغىمىز،
يىراق كېتەر غەم ـ قايغۇمىز، باغى گۈلزار كېلىدۇ.
ياساڭ جەننەت ھۆرلىرىنى، قويماڭ ھېچبىر قۇسۇرىنى،
قۇرۇڭ شادلىق بەزمىسىنى، گۈل يۈزلۈك يار كېلىدۇ.
جان گۈلشىنى پەيدا ئاڭا، بولبۇلدۇر ئۇ، زەپ خۇشناۋا،
مېنىپ كۆكتە چاقماقلارغا، تەنگە مادار كېلىدۇ.
ئۇنىڭدىن نۇر ئالار ئالەم، ئۇ تەڭرىگە يېقىن مەھرەم،
لالە يۈزلىرىدە شەبنەم، بەرگى چىنار كېلىدۇ.
پۇراق ئېلىپ گۈل سۈيىدىن، ئەترە ـ ئىپار ھىدلىرىدىن،
ئىچىپ ساقى شەربىتىدىن، كۆزى خۇمار كېلىدۇ.

بۇ چاغدا بارلىق پەرىشتىلەر كۆڭۈل ئېچىش، بۇ گۈزەل كەيپىياتنى كۆرۈپ تاماشا قىلىش ئۈچۈن يىغىلدى. ھۆر ـ غىلمانلار ئۆزلىرىنى زىننەتلەپ، پۈتۈن ناز ـ كەرەش- مىلىرى بىلەن تەييار بولدى. ئادەم ئەلەي- ھىسسالام ئولتۇرغان تەختنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ جەننەتنىڭ ئىشىكىگە ئېلىپ كەلدى. بۇ چاغدا تەڭرىدىن:

ــ ئەي پەرىشتىلەر! ئادەمنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن ياراتتىم. ئاسمان تۈغرىسىدا تەلىم بەردىم. پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلدۇردۇم. ئەي ئادەم! ئەزازىلنى سېنىڭ ئۈچۈن دەرگاھىمدىن قوغلاندى قىلدىم، ئۇنىڭ بېشىدىكى پەلەكنىڭ تاجىسى- نى ئېلىپ، بوينىغا لەنەت چەمبىرىنى سالدىم. جەننەتنىڭ تونلىرىنىڭ ئورنىغا

پالاكەت كىيپەنلىرىنى بەردىم. ئۇ ساڭا ئەڭ ئاۋۋال دۈشمەن بولدى. شۇڭا ئۇنىڭ سۆزىگە زىنھار كىرمىگىن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولمىغىن، — دەپ پەرمان بولدى. ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام قوبۇل قىلدى. جەمئىي پەرىشتىلەرنى گۇۋاھ قىلىپ ئەھدىنامە يېزىلدى. ئاندىن كېيىن ئادەمنى جەننەتكە ئېلىپ كىردى. پەرىشتىلەر ياخشى تىلەكلەرنى تىلىدى. ھەزرىتى ئادەم:

— ئەي تەڭرىم، پېشانەمدىكى نۇرنى ئۆزۈممۇ كۆرۈپ باقسام، ئۇ نۇردىن قاراڭغۇ كۆزۈمنى نۇرلاندۇرسام، — دېدى. تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ بارمىقىغا كەلدى. ئۇ قولغا «ئەڭگۈشتى شاھادەت» (كۆرسەتكۈچ بارماق) دەپ ئات قويۇلدى، شۇ قولىنىڭ تىرنىقىغا دۇرۇت ئوقۇپ كۆزگە تەۋەررۈك قىلىپ سۈرتۈش سۈننەت بولدى. دېمەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرى بەخت پېشانىسىدىن باش بارماققا كەلدى. بەزى پەرىشتىلەر تېخىچە مەھلىيا بولۇپ قاراپ تۇرۇشاتتى. تەڭرىدىن:

— ئەي ئادەم، بۇ دوستۇم مۇھەممەدنىڭ ئۆزىنىڭ نۇرى. تۆت يارنىڭ نۇرىمۇ بار، — دەپ خىتاب كەلدى. ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام:

— ئەي تەڭرىم، تۆت يارنىڭ نۇرىمۇ قولۇمغا كەلسە، — دېدى. تۆت يارنىڭ نۇرىمۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا كەلدى، ئۇلارنىڭ نۇرلىرىنىمۇ كۆزىگە سۈرتتى، ئادەم تاكى گۇناھكار بولغانغا قەدەر ئۇ نۇرلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قوللىرىدا بار ئىدى. گۇناھكار بولغاندا كىندىك تۈۋىگە باردى.

جەننەتنىڭ ئىچىگە ھەرخىل كۇرسلار قويۇلغان بولۇپ، ھەر بىرىگە كېلىپ ئولتۇرسا پەيغەمبەرلىك دەرىجىلەر مەلۇم بولاتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىر كۇرسىدا ئولتۇرغاندى، نۇردىن يەتمىش مىڭ تۇغ تىكىلىپ، بۇ تۇغ ـ ئەلەملەرنىڭ نۇرى بارلىق ئاسمان، ئەرش ـ كۇرسى، لەۋھى ـ قەلەم، ھەممە جەننەتلەرنى يورۇتۇپ چاقنىتىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن ھەزرىتى ئادەم:

— بۇ كىمنىڭ كۇرسىسى؟ — دەپ سورىدى. پەرىشتىلەر:

— سىزنىڭ نەۋرىڭىز، ئاللانىڭ دوستى، دەردمەنلەرنىڭ داۋاسى، گۇناھكارلارنىڭ جازا كۈنىدىكى شەپقەتچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ، — دېيىشتى. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇ كۇرسىدا ئولتۇرۇپ ئۈزۈم، خورمىلارنى يېدى. جەننەتتە بارلىق راھەت ـ پاراغەت، شېرىن ـ شەربەتلەر تەييار ئىدى، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئادەم ئەلەيھىسسالامدا ئايالغا ھەۋەس تۇغۇلدى. كۆڭلىدە:

— بۇنداق ئىززەت ـ ھۆرمەت ۋە دۆلەت ـ سائادەتلىك كۈنلەردە ئۆز خىلىمدىن جۈپتۈم بولغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن سىردىشىپ، ھۇزۇرلىنىشىپ، ئىككىمىز ئەيش ـ ئىشرەت قىلىپ بەختىتىن بىللە بەھرىمەن بولساق قانداق ياخشى بولاتتى، — دەپ ئارزۇ قىلدى. بۇ دەل چۈش ۋاقتى ئىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ، بىر پەس ئۇخلىدى، بۇ چاغدا تەڭرى جىبرىئىلغا:

— ئادەمنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن بىرنى ئېلىپ ئۆزىدەك بىر ئادەم ياسىغىن. ھەممە ئادەم شۇنىڭدىن پەيدا بولىدۇ، — دەپ پەرمان قىلدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام دەرھال ھەزرىتى ئادەمنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن

www.uyghurkitap.com

بىرتالنى ئېلىپ ئادەم سۆرىتىنى ياسىدى. ئەمما ئۇنىڭ بىرقانچە يەرلىرى ھەزرىتى ئادەمنىڭكىگە ئوخشىمىدى. تېرىسى نېپىز ۋە ئاق، بەدەنلىرى يۇمشاق ئىدى. تەڭرى ئادەمنىڭ روھىدىن دەمىدە قىلدى. ھاۋا شۇ زامان تىرىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى.

ھاۋانى ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىقنىڭ ئارىسىدا ياراتماقنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھەزرىتى ئادەم ئويغاق چاغدا قوۋۇرغىسىنى ئالسا، بەدىنى ئاغرىپ كەتكەنلىكتىن ھاۋانى ئۆچ كۆرۈپ قالاتتى. قاتتىق ئۇخلاپ قالغان بولسا ھاۋانىڭ ئۆزىنىڭ بەدىنىدىن يارىتىلغانلىقىنى بىلمەي ئۇنىڭغا مېھرىبان بولماس ئىدى. باشقا نەرسىدىن ياراتقان بولسا ياخشى كۆرمىگەن بولاتتى.

ھاۋا ئىنتايىن گۈزەل ئىدى. ئۇنىڭدىكى ھۆسن - جامال ھېچقانداق ئىنساندا بولمىغاندۇر، تەڭرى ئۆز نۇرىدىن زەررىدەك ئېلىپ يۈزىگە بۆلۈپ توقسان توققۇزىنى ھاۋاغا بەردى. قالغان بىر ھەسسىنى يۈزىگە بۆلۈپ توقسان توققۇزىنى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا بەردى، قالغان بىر ھەسسىسىنى يەنە يۈزگە بۆلۈپ توقسان توققۇزىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، خەدىچە كۇبىراغا، ئائىشە سىددىقە، فاتىمە - زۆھراغا بەردى. قالغان بىر ھەسسىسىنى پۈتۈن دۇنيادىكى خەلقلەرگە بەردى.

ھەزرىتى ئادەم ئۆزىگە ئوخشاش سۈرەتتىكى ھاۋانى كۆرۈپ كۆڭلى زوق - شوخقا تولدى ۋە:

— ماڭا يېقىن كەل، — دەپ چاقىردى.

ھاۋا ئۇنىمىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۈچ قېتىم چاقىردى. بۇ چاغدا ھەزرىتى ھاۋا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا:

— ماڭا مەيلىڭ بولسا ئۆزۈڭ كەلگىن، — دېدى. ئاخىر ھەزرىتى ئادەم قوپۇپ ھاۋانىڭ قېشىغا كەلدى. ئەر كىشى ئايال كىشىنىڭ قېشىغا كېلىش شۇنىڭدىن باشلاپ قائىدە بولۇپ قالدى.

ھەزرىتى ئادەمنىڭ ھاۋاغا مەيلى چۈشتى. بۇ چاغدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

— ئەي ئادەم، ئالدىرىمىغىن. ھاۋا ھەرقاچان سېنىڭكى. سىلەرنى نىكاھ قىلمىغۇچە يېقىنلاشساڭ بولمايدۇ، — دېدى.

ھەزرىتى ئادەم مۇناجات قىلىپ:

— بۇ قانداق بولغىنى؟ مېنىڭ خىيال - پىكرىم ھاۋادا بولۇپ قالدى. ئۇ گويا مېنىڭ جان - جىگىرىمدۇر. مەن ھېچ تاقەت قىلالمايۋاتىمەن، — دېدى. تەڭرى:

— ئۇنى ساڭا جۈپ قىلىپ ياراتتىم. ئۇنىڭ جامالى بىلەن كۆڭلۈڭنى خۇش قىلىسەن. ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولغاندىن كېيىن كۆڭلۈڭگە ئارام بولىدۇ، — دېدى. شۇ سەۋەبتىن ھەرقانداق ئاشىق مەشۇقىنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئىلگىرىكى ھاۋايى ھەۋىسى قالمايدۇ.

ھەزرىتى ئادەم:

— ئەي تەڭرىم، ماڭا پەرمان قىلساڭ، ئازراق ئارام تاپسام، — دېگەنىدى، تەڭرىدىن:

— ئەي ئادەم، ساڭا نېمە ۋە قانداق نەرسە لازىم؟ — دېگەن خىتاب كەلدى.

ئادەم:

— ئەي تەڭرىم! سەن مېنىڭ بولغاندىن كېيىن ئىككىلا ئالەمنىڭ بايلىقى مېنىڭ ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

بۇ سۆز تەڭرىگە تولىمۇ يېقىپ كەتتى. ئۇ پەرىشتىلەرگە:

— ئەرش كۈرسى، لەۋھى قەلەمـ
دىكى بارلىق پەرىشتىلەر يىغىلىپ جەنـ
نەتنى چىرايلىق بېزەڭلار، — دەپ پەرـ
مان قىلدى. پەرىشتىلەر رەڭگارەڭ
كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىشكەن بولۇپ،
ھۆر قىزلار سەپ - سەپ بولۇشۇپ چاڭ
چېلىشاتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا
تاج، ئۇچىسىغا رەڭگا رەڭ كىيىملەرنى
يەتمىش قات كىيدۈردى. ئاندىن تەڭرىنىڭ
سۆپەتلىرى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ
ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋانىڭ نىكاھ
خۇتبىسى باشلاندى. خۇتبىغا مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرەپلىك نامى زىننەت
بەرگەندى. نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن
كېيىن ئۇلارنى بىر يەردە بولۇشقا تەڭرىـ
دىن پەرمان كەلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يۈز مىڭ
ئىززەت - ئىكراملار بىلەن جەننەتتە
ئەيش - ئىشرەتلەر قىلىشقا باشلىدى. لېكىن
«شەجەرەئى مەمنۇئ» دېگەن دەرەختىن
پەرھىز قىلىپ ئۇنىڭغا ھەرگىز يېقىنلاشـ
مايتتى.

بىر رىۋايەتتە بەش يۈز يىل، يەنە بىر
رىۋايەتتە ئۈچ يۈز يىل ئۆتتى. بۇ چاقىچە
تەڭرى ئۆز كاراھىتى بىلەن ئادەمگە ئاسـ
مان ئىلمىنى تامامەن بىلدۈرۈپ بولدى.
ئاندىن پەرىشتىلەرگە:

— سىلەر ئالىم بولماقچى بولساڭلار،
جەمئىي مەۋجۇداتلار ۋە مەخلۇقاتلار توغـ
رىلىق ھەرقانداق مۇشكۈل سوئالىڭلار بولسا
ئادەمدىن سوراڭلار، — دەپ پەرمان
قىلدى. پەرىشتىلەر كېلىپ سوئال سورىدى.
ھەزرىتى ئادەم ھەممە سوئاللارغا دەرھال
جاۋاب بەردى. بىراق ئادەم ئەلەيھىسسالام
پەرىشتىلەردىن سوئال سورىغاندى، ئۇلار
جاۋابىغا ئاجىز كېلىشتى. تەڭرىدىن:

— دېمەك، ئادەمنىڭ سىلەردىن ئالىم
ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. سىلەردەك مىڭ
ئابىد[1] دىن بىر ئالىم ياخشىراقتۇر. ئەمدى
ھەممىڭلار ئادەمنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ،
ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار! — دەپ پەرمان
بولدى، جەمئىي پەرىشتىلەر سەجدە قىلـ
دى. ئەزازىل سەجدە قىلمىدى. شۇ سەـ
ۋەبتىن ئىبلىس ئاتالدى. ئىبلىس — نا ئۈمىد
دېگەن سۆزدۇر. پەرىشتىلەر سەجدىدىن
باش كۆتۈرۈپ قارىسا شەيتاننىڭ گەدىنىگە
لەنەت بويۇنتۇرۇقى چۈشكەن، چىراي-
شەكلى پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەندى. بۇنى
كۆرگەن پەرىشتىلەر تەڭرىگە شۈكرى قىلىپ
قايتىدىن يەنە سەجدىگە باش قويۇشتى.
شۇنىڭ ئۈچۈن نامازدا ئاۋۋالقى سەجدە
پەرز، ئىككىنچى سەجدە ۋاجىپ بولدى.

ھەزرىتى ئادەم بىلەن ھاۋا ئەيشـ
ئىشرەت ۋە راھەت - پاراغەت بىلەن ئۆمۈرـ
لىرىنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. شەيتاننى جەنـ
نەتتىن چىقارغاندىن كېيىن:

— جەننەتنىڭ ئىشىكىدىن ھېچنەرسە
كىرمىسۇن، — دەپ پەرمان بولدى. شەيـ
تاننىڭ كۆڭلىدىن ھەزرىتى ئادەمگە بولغان
ئۆچمەنلىكى ھەرگىز يوقالمىدى. كېچەـ
كۈندۈز قىلىدىغان خىيال - پىكرى «قانـ
داق قىلسام ئادەمنى ئۆزۈمدەك ئاسىي
قىلۇرمەن؟» دېگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس
ئىدى. ئاخىر بىر كۈنى ھەسەت بىلەن:

— ئۇ جەننەتتە ئەيش - ئىشرەت
قىلدۇ. مەن بولسام خار - زار بولۇپ
يۈرۈيمەن. مەن چوقۇم بىر ھىيلە بىلەن
مۇرادىمغا يەتمەي قويمايمەن، — دەپ

[1] ئابىد — تەڭرىگە ئىبادەت قىلغۇچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئـت سۇرتىدە بولۇپ جەننەتنىڭ ئىشـ-
كىگـە كەلـدى. ئۈچ يىلغىچـە ئۇ يەردە
تەلمۈرۈپ ياتتى.
بىر كۈنى توز تالاغا چىقتى. شەيـ-
تان ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
— ئەي گـۈزەل، نـۇرلـۇق قـۇش،
سېنىڭ ئىسمىڭ نىمـە؟ — دەپ سورىـدى.
توز:
— مەن توز بولىمەن. ئۆزۈڭ كىم،
قانداق كىشىسەن؟ — دېدى. شەيتان:
— مەن پەرىشتىلەردىنمەن. بىر سا-
ئەت، بىر نەپەس تائەت - ئىبادەتتىن خالى
بولمىدىم. «كۆپ تائەت - ئىبادەت قىلغان
كىشىنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىسى ئۈستۈن
بولىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدىم. شۇڭا مەن
ئۆزۈمنىڭ جەننەتتىكى ئورنۇمنى كـۆرۈپ
باقسام، ئەگەر راستىنلا پايدىسى بولسا
تېخىمۇ كۆپرەك ئىبادەت قىلاي. بۇنىڭ
ساۋابى بولىدۇ. سەن مېنى باشلاپ
جەننەتكە ئەپكىرىپ قويساڭ، مەن ساڭا
ئۈچ نەرسىنى ئۆگىتىپ قويىمەن.
ئۇنىڭ بىرسىنى ئوقۇسا كىشى ھەرگىز
ئۆلمەيدۇ. يەنە بىرسىنى ئوقۇسا ھەرگىز
ئاسىي بولمايدۇ. يەنە بىرسىنى ئوقۇسا
ھەرگىز جەننەتتىن چىقمايدۇ، — دېدى.
بۇنى ئاڭلىغان توز:
— ئەي پەرىشتە، گەپلىرىڭ راستمۇ؟ —
دەپ سورىدى. ئەزازىل سۆزىنىڭ راستـ-
لىقىغا قەسەم ئىچىپ بىچارە توزنى ئالدىدى.
توز ئۇنىڭغا:
— بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلـ-
مەيدۇ. مېنىڭ «يىلان» دەپ بىر بۇرا-
دىرىم بار. شۇ بىر ئىلاج قىلىپ باقـ-
سۇن، — دېدى ۋە بېرىپ يىلاننى چاقىرىپ
كەلدى. شەيتان يىلانغىمۇ يۇقىرىقى سۆز-
لەرنى قىلىپ ئازدۇردى. يىلان:
— مەن سېنى قانداق قىلىپ جەنـ-
نەتكە ئەپكىرەرمەن؟ — دېدى. شەيتان:
— ئاغزىڭنى ئاچ، — دېدى. يىلان
ئاغزىنى ئېچىشىغا شەيتان يىلاننىڭ ئىچىگە
كىرىپ كەتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق ھىيلە-
مىكىر بىلەن جەننەتكە كىرىۋالدى. جەنـ-
نەتتىكى ھەممەيلەن ئۇنىڭ جەننەتكە
كىرىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى قوغلاپ
جەننەتتىن چىقىرىۋەتمەكچى بولۇشتى.
لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ چىقىرالمىدى. بۇ
لەنىتى مۆكۈپ يۈرۈپ ھەزرىتى ئادەم
بىلەن ھاۋانىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلارمۇ
بۇنى تونۇدى. ئۇ ئۇستىلىق بىلەن ھىيلە
ئىشلىتىپ ئۇلارغا يېقىنلىشىپ يىغا - زارە
قىلغان بولۇۋالدى. بۇلار شەيتاندىن:
— نېمىشقا يىغلايسەن، — دەپ
سورىدى. شەيتان:
— سىلەر بىلەن كۆڭلۈمىز يېقىن
ئىدى. ئەمدى ئايرىلىپ قالغىنىمغا يىغلايـ-
مەن، — دېدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام:
— بىز سەن بىلەن نېمىشقا ئىزدىـ-
شىمىز؟ — دەپ سورىۋىدى، شەيتان:
— سىزلەرگە بۇ مېۋىلەرنى بەرمىگە-
نىگە قاراپ سىزلەرنى جەننەتتىن چىقىـ-
رىۋېتەرمىكىن دەپ ئويلايمەن. بۇ مېۋىـ-
نىڭ ئۈچ خىل خاسىيىتى بار. بىرىنچى،
بۇنى يېگەن كىشى ھەرگىز ئۆلمەيدۇ.
ئىككىنچى، تەڭرىگە ئاسىي بولمايدۇ.
ئۈچىنچى، بېھىشتىن مەڭگۈ چىقمايدۇ، —
دېدى.
بۇ ھارامزادىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان
ھەزرىتى ئادەمنىڭ بۇغدايىنى يەپ باققۇسى
كەپقالدى. لەنىتى ئىبلىس بۇغداي دەرە-
خىنىڭ تۆۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ ھەددىدىن

ئارتۇق يىغلاشقا باشلىدى. بۇ چاغدا هاۋا هۇر قىزلار بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. شەيتان ئادەم ئەلەيھىسسالامغا دېگەن سۆزلىرىنى يەنە دەپ، سۆزىنىڭ راستلىقىغا بىر سائەت ئىچىدە يەتمىش قېتىم قەسەم ئىچتى. ئۇنىڭ ئازدۇرۇشى هاۋاغا تەسىر قىلدى ۋە بۇغدايىنى يېمەكچى بولدى. بۇ چاغدا شەيتان يەنە:

— بۇ مېۋىنى كىم ئاۋۋال يېسە ئۇ ھەممىدىن ئۇلۇغ بولىدۇ. ھېچقانداق دۈشمەن ئۇنىڭغا قەست قىلالمايدۇ، ئۇ ئەڭ خاسىيەتلىك ئادەم بولۇپ قالىدۇ، — دېيدى، هاۋانىڭ تېخىمۇ يېگۈسى كەلدى ۋە ئۈچ باشاقنى ئۈزۈۋالدى. بىرىنى شۇ يەردىلا يېدى، بىرىنى يوشۇرۇپ قويدى، يەنە بىرىنى ھەزرىتى ئادەمنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. ھەزرىتى ئادەم يېگىلى ئۇنىمىدى. هاۋا:

— مەن يېدىم، ناھايىتى لەززەتلىك مېۋە ئىكەن، — دەپ ماختاپ، يېيىشكە دالالەت قىلدى. ئاخىر بىرىنى ھەزرىتى ئادەم ئاغزىغا سالدى. ئۇنىڭغا شۇنداق بىر تۇرلۇك لەززەتلىك تېتىپ كەتتى. يەنە بىرىنى ئاغزىغا سېلىپ تۇرۇپ ھېلىقى چاغدا قىلغان ۋەدىسى ئېسىگە كېلىپ قالدى. دەل شۇ چاغدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ بوغۇزىنى تۇتۇۋالدى. بۇغداي يۇمىلاق بولۇپ بوغىزىدا توختاپ قالدى. ئەركىشىنىڭ بوغۇزىدا بۇغدايدەكى بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇندىن قالغانكەن.

ھەزرىتى ئادەم ئالدىدا يېگەن بىر باشاق بۇغداي ئاشقازىنىغا بارماي تۇرۇپلا ئۇچىسىدىكى جەننەتنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى چۇشۇپ كەتتى. بېشىدىكى تاج ئۇچتى. تەختى سىلكىنىپ ئۇنى يەرگە تاشلىدى. ئۇلار يالىڭاچ، يالاڭباشتاق قالدى. قورساقلىرى ئېچىلىپ، تەرەت قىستاشقا باشلىدى. قەيەرگە بارسا «بۇ پاك يەرنى ناپاك قىلمىغىن!» دېگەن ئاۋاز چىقاتتى. تەرىتى قىستاپ ئامالسىزلىقتىن چىقىپ كەتتى. ئاياغلىرى بۇلغاندى. ئاخىر بولمىغاندا ئۇلار خىجىللىقتا چىدىماي قولتۇقلىرىغا، چات ئارىلىرىغا قىستۇرۇپ باقتى. بۇ نىجاسەتلەر تەگكەن يەردىن هارام تۈكلەر ئۈنۈپ چىقتى. كېيىنكىلەرگە ئۇنى ئېلىۋەتمەك سۈننەت بولۇپ قالدى. دېمەك، ئۇلار پاناھلانغۇدەك ھېچيەر يوق ئىدى. دەرەخنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنسا، دەرەخلەرمۇ قاچاتتى. ئۇلار قىپيالىڭاچ بولغاچقا خىجالەت بولۇپ يىغلاپ ئاھ ئۇرۇپ پۇشايمان قىلاتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى هاۋادىن كۆرەتتى. تۇرۇپ شەيتاندىن كۆرەتتى. ئۇ:

— ئەي هاۋا، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ... ئەي لەنتى شەيتان، مەن ساڭا نېمە قىلغىنىمغا مېنى بۇ هالغا قويىسەن؟ — دەيتتى. شەيتان:

— مەن سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن مۇشۇ كۈنگە قالغان تۇرسام، سېنىمۇ ئۆزۈمدەك قىلماي بۇ جاپا - مۇشەققەتنى يالغۇز ئۆزۈم تارتىپ يۈرەمتىم؟ سېنىمۇ ماڭا ئوخشاش بولسۇن دېدىم، — دەپ خۇشاللىقىدا تېرىسىگە سىغماي كەينىگە كىرىپ تاماشا كۆرۈپ يۈرەتتى. ھەزرىتى ئادەم خىجالەت بولغانلىقىدىن يوشۇرۇندىغان جاي تاپالماي قېچىپ يۈرەتتى. چىلان دەرىخى ئۇنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. ھەرقانچە زارلىنىپ كەتسىمۇ قويۇپ بەرمىدى ۋە:

— مەن سېنى ھەرگىزمۇ قويۇۋەت-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



مەيمەن. ئەگەر قويۇپ بەرسەم مەنمۇ سەندەك ئاسىي بولىمەن، — دېدى. ئاخىر تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ:

— ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم، يالغۇزچىلىق خىجالىتىدىن دەرەخقە گىرىپتار بولۇپ قالدىم. سېنىڭدىن باشقا قۇتقازغۇچۇم يوق ... — دېدى. تەڭرىدىن:

— بۇ ئىش ئۆزۈڭنىڭ شۇملۇقىدىن بولدى، — دېگەن خىتاب كەلدى ۋە چىلانغا:

— ئۇنى قويۇۋەتكىن، — دەپ پەرمان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن چىلاندىن ئاجرىدى.

ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىگە چۈشكەن چاغدا جەننەتتىكى بارلىق مېۋىلەرنىڭ ئۇرۇقىنى ئەپكېلىپ تېرىدى. چىلان دەرىخىگە يۇقىرىقى ئاداۋىتى بولغاچقا ئۇنى چۆلگە تېرىدى، سۇغارمىدى.

تەڭرى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى جەننەتتىن چىقارماقچى بولدى. لېكىن يەنە ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ:

— ئەي ئادەم، سېنى تۇپراقتىن ياراتتىم. ئىززەت - ئىكرام بىلەن ھۆرمەتلىك قىلدىم. پەرىشتىلەرگە كۆتۈرگۈزۈپ داغدۇغا بىلەن جەننەتكە كىرگۈزدۈم. جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن بېرىپ، ھاۋانى جۈپ قىلىپ بەردىم. بۇغدايىنى يېمىگىن، دەپ مەنئى قىلسام، شەيتاننىڭ دۈشمىنىڭ ئەكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ئۇنىڭ سۆزىگە كىرىپ بۇغداي يەيسەن؟ ئەي ئادەم! نېمىشقا ئەمرىمنى تۇتمىدىڭ؟ — دېدى. ھەزرىتى ئادەم:

— ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم، ھۆكۈمنى كىم پەرمان قىلدى؟ — دەپ سورىدى. تەڭرى:

— ئەي ئادەم، مېنىڭ ھۆكۈمۈم ۋە تەقدىرىم يوشۇرۇن، بۇيرۇقۇم ئاشكارىدۇر. يوشۇرۇن نەرسىنى ئاشكارا نەرسىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، — دېدى. ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام يەنە:

— ئەي تەڭرىم، ماڭا قانداق ھۆكۈم قىلساڭمۇ قىل، مېنى كەچۈرگىن، — دېدى. تەڭرى:

— ئادەمنىڭ دۈشمەنلىرىنى جەننەتتىن چىقىرىپ، ئۇنى يەر يۈزىدە گۇناھلىرىدىن ساقىت قىلىمەن، — دېدى.

ھەزرىتى ئادەم بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە بېرىۋىدى، دەرەخ:

— ئەي ئادەم، خۇجىسىنىڭ پەرمانىنى تۇتمىغان كىشى بۇنىڭدىنمۇ يامان ھالغا قېلىپ جەمئىي خەلقى ئالەمگە دۈشمەن بولغۇسىدۇر، — دېدى.

ئادەم ئەلەيھىسسالام ئەنجۈرنىڭ قېشىغا كېلىۋىدى، ئۆز يوپۇرمىقىدىن تۆت تالىنى بەردى. ئادەم بۇ يوپۇرماقلار بىلەن ئەۋرىتىنى ياپتى. تەڭرى:

— ئەي ئەنجۈر، ئادەمگە نېمىشقا يوپۇرماق بەردىڭ؟ — دەپ سورىۋىدى، ئەنجۈر:

— ئەي قۇدرەتلىك تەڭرىم، ئادەمدىن ھەقىقەتەن گۇناھ سادىر بولدى. ئۇلۇغلار ئۆز قۇلىنىڭ بىرەر گۇناھى ئۈچۈن ھەرگىز ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغۇ؟ ئادەمنى ئەسلىدە ئەڭ ئېسىل مەخلۇق قىلىپ ياراتقانىدىڭ. ئۇنىڭ سۈرىتىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ياسىدىڭ. شۇنچە ئىززەتلەپ پەيدا قىلغان بەندەڭنى ئاخىرى تاشلىۋەتمەسسەن ۋە زايا قىلماسسەن؟ ئۇ بەندەڭنىڭ

قىپيالىڭاچ يۇرگىنىگە چىدىمىدىم، سېنىڭ ھۇرمىتىڭنى ساقلاپ ئۇنىڭغا يېپىنچا بەردىم ... دېدى. تەگرى:

— ئەي ئەنجۇر، سېنىڭ ئويلىغانلىرىڭ تولىمۇ ياخشى بوپتۇ. شۇ سەۋەبتىن سېنى نۇرغۇن كېسەللەرگە داۋا قىلدىم. خالايىق ئارىسىدا ئەزىز قىلدىم، ئەمما مەندىن رۇخسەتسىز ئىش قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن كىشىلەر سېنى ئازراق شاپىلاقلاپ يېسۇن، بارلىق دەرەخلەر چېچەكلەپ مېۋە بولسا، سېنىڭ مېۋەڭ چېچەكسىز بولىدۇ، - دەپ بېشارەت بەردى. ۋە ئادەمگە:

— ئەي ئادەم مەن ساڭا كارامەت ياخشىلىقلارنى قىلغانىدىم. سەن بولساڭ مېنىڭ پەرمانىمنى تۇتمىدىڭ. شۇڭا نەچچە تۈرلۈك جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتسەن، بىرىنچى يالىڭاچلىق، ئىككىنچى، قورسىقىڭ ئېچىلىشى، ئۈچىنچى، تېرەڭ سۇس، رەڭسىز بولدى. تۆتىنچى، خۇدادىن يىراق بولدۇڭ. بەشىنچى، جۈپتىڭ ھاۋادىن ئۈچ يۈز يىل جۇدا بولسەن. ئالتىنچى، شەيتان ساڭا دۈشمەن بولدى. يەتتىنچى، پۈتۈن ئالەمگە پۈر بولدۇڭ. سەككىزىنچى، مال - ئەمۋالىڭغا شەيتان ئارىلىشىدۇ. توققۇزىنچى، ئادەم پەرزەنتىگە بۇ دۇنيا بىر زىندان بولىدۇ. بارلىق جاپا - مۇشەققەت، ئىسسىق - سوغۇققا دۈچ كېلىدۇ. ئونىنچى، تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن تولىدىن - تولا مۇشەققەت بىلەن خار - زارلىققا ئۇچرايدۇ، - دېدى. ئاندىن ھاۋاغا:

— ئەي ھاۋا، ئادەمگە نېمىشقا بۇغداي يېگۈزدۈڭ؟ خاتالىقىڭنى بىلەمسەن؟ — دېۋىدى، ھاۋا:

— ئەي تەگرىم، مۇنداق بولۇشۇمنى ھەرگىز بىلمىدىم، سېنىڭ ئالدىڭدا تۇرغان كىشى يالغان ئېيتمايدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. تۆۋە قىلدىم. سېنىڭ كەرىمىڭ كەڭدۇر ... — دەپ يىغلىدى. تەگرى:

— ئەي ھاۋا، سېنىڭ ئىتائەتسىزلىكىڭنىڭ شۇملۇقىدىن ئاياللار ئون تۈرلۈك بالاغا گىرىپتار بولىدۇ. بىرىنچى، ھەيز، نىفاس، ئىككىنچى، قورساق ئاغرىقى. ئۈچىنچى، تۇغۇت ئاغرىقى. تۆتىنچى، ئەرنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقالماسلىق. بەشىنچى، تالاق ئەرنىڭ ئىختىيارىدا بولۇش. ئالتىنچى، مىراس ئاز تەگمەك. يەتتىنچى، دىن - دىيانەتتى كەم بولماق. سەككىزىنچى، تەگرىنىڭ يولىۋرۇقلىرىنى بىۋاستە ئاڭلىيالماسلىق. توققۇزىنچى، ناماز جۈمەدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئونىنچى، ھېيت نامىزىغا ۋە مېيىت نامىزىغا قاتناشمايدۇ، — دېدى. ئاندىن كېيىن شەيتانغا:

— ئەي لەنتى، سېنى ئۆز كاراميتىم بىلەن ئەزىز قىلغانىدىم. سەن ئىتائەتسىزلىك قىلدىڭ. ئۆزۈڭدىكى ئىززەت - ھۆرمەتنى ئۆزۈڭدىن كۆرۈپ مەغرۇرلاندىڭ. ئادەم بىلەن ھاۋاغا دۈشمەنلىك قىلىپ بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدۇڭ. شۇڭا سېنىمۇ ئون تۈرلۈك بالاغا گىرىپتار قىلدىم، — دېدى. بىرىنچى، يەر يۈزىگە پادىشاھ بولالمايدىغان بولدى. ئىككىنچى، ئاسماندىكى ئۇلۇغلۇقىنى ئالدى. ئۈچىنچى، جەننەتنىڭ خەزىنىچىلىكىدىن قالدۇردى. تۆتىنچى، پەرىشتىلىك سۈرىتىدىن دىۋە سۈرىتىگە كىرگۈزدى. بەشىنچى، ئەزازىل دېگەن ئىسمىنى ئىبلىسقا ئۆزگەرتتى. ئالتىنچى، جەمئىي كاپىرلارغا باش قىلدى. يەتتىنچى، تۆۋىسىنى قوبۇل قىلمىدى. سەككىزىنچى، ھېچكىم ئۇنى دوست تۇت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مايدىغان بولدى. تۇققۇزىنچى، دوزاختىنمۇ قوغلاندى بولۇپ يۈرىدىغان بولدى. ئونىنچى، ئەبەدىلئەبەد دوزاختا مەھكۇم قىلىندى.

يەھيا ئىبنى مەئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق دەيدۇ: «ھەجگە كېتىۋاتاتتىم. بىر كۈنى كېچىسى بىر باياۋانغا كېلىپ قالدىم. كېچە قاراڭغۇسىدا قاتتىق نالە - زار ئاۋازى ئاڭلاندى.

— سەن كىم؟... — دەپ سورىدىم.

— مەن ئاسمانىدىكى بارلىق پەرىشتىلەرنىڭ مۇدەررىسى، جەننەتنىڭ خەزىنىچىسى ئەزازىل ئىدىم. مېنى ئادەمگە سەجدە قىلمىدىڭ، دەپ بويۇنۇمغا چەمبەر سېلىپ قوغلىۋەتتى، — دېدى. مەن يەنە:

— شۇنچە كۆپ تائەت - ئىبادەت قىلغانىكەنسەن، بىر سەجدىنى ئارتۇق قىلىشقا نېمىشقا ئۇنىمىدىڭ؟ — دەپ سورىدىم، ئۇ:

— مېنى «سەجدە قىل» دېيۈدى ئۇنىمىدىم، ئادەمنى «بۇغداينى يېمە» دېسە، يېدى. ئەگەر ئازابلىسا ھەر ئىككىمىزنى تەڭ ئازابلىسا بولاتتى. ئەمما ئادەمنى ئەپۇ قىلىپ گۇناھىدىن كەچتى. مېنى كەچۈرمىدى، — دېدى. مەن:

— ئەي ئىبلىس، بىر قېتىم سەجدە قىلساڭ مۇنداق ھالغا قالمايتتىڭ، — دېيۈدىم، ئۇ:

— ئەسلىدە تەڭرى ئادەمگە كۆپ ياخشىلىقلارنى بېغىشلىغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ماڭىمۇ ئازراق ياخشىلىقى بولغان بولسا بۇ ھالغا قالمايتتىم، — دېدى.»

شۇنداق قىلىپ جەننەتتىن چىقىرىش نۆۋىتى تۇزغا كەلدى. تۇزنىڭ سەككىز يۈز تال قانىتى بار بولۇپ، ھەر بىر تال قانىتىدا تۇرلۇك - تۈمەن نەقىشلەر بار ئىدى. جەمئىي ئەزالىرى رەڭگا رەڭ جاۋاھىراتتىن بېزەلگەنىدى. ئۇنىڭ ھەممە قاناتلىرىنى يۇلۇپ ئىككى تال قانىتىنى قويدى ۋە جەننەتتىن قوغلاپ چىقاردى.

يىلاننىڭ تۆگىنىڭ پۇتىدەك پۇتى بار ئىدى. يېشىل زەبەرجەدتىن يارالغان بەدىنى خىلمۇ خىل جاۋاھىراتلار بىلەن بېزەلگەنىدى. ئۇنىڭ بەدىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتى. يىلان شەيتاننى ئاغزى بىلەن جەننەتكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئاغزىغا زەھەر قۇيدى. «سېنى ھېچقانداق ئادەم دوست تۇتمىغاي، پۇتسىز، كۆكرىكىڭ بىلەن سۆرۈلۈپ ماڭغىن. يۈز - قولۇڭ تۇپراق بولسۇن. ئادەم پەرزەنتلىرى ھەرقانداق يەردە سېنى كۆرسە، بېشىڭنى يانجىپ ئۆلتۈرسۇن» دەپ قاغاپ، جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى.

ھەزرىتى ئادەم باشلىق ئاسىيلارنى جەننەتتىن چىقارماقچى بولغاندا، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام مۇناجات قىلىپ:

— ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم! مېنىڭ سۈرىتىمنى ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن ياساپ جان بەردىڭ. پەرىشتىلەرنى سەجدە قىلدۇرۇپ، جەننەتتىن ئورۇن بەرگەنىدىڭ. مەن بىلمەي سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھكار بولدۇم. بىلمەسلىكىمدىن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق گۇناھىم ئۈچۈن مېنى بۇنىڭدىن ئارتۇق رەسۋا قىلمىغىن. مەن ئۈچۈن قىلغان بارلىق كاراماتلىرىڭنى زايا قىلمىغىن، دەپ نالە - زار قىلدى ۋە يەنە:

— تەڭرىم! «سەندىن ئۇرغۇنلىغان

پاك پەيغەمبەرلەرنى، ئەۋلىيالارنى، تەقۋادارلارنى دۇنياغا كەلتۈرىمەن» دېگەنىدىڭ. ئەنە شۇلارنىڭ ھۆرمىتىدىن ماڭا رەھىم قىلىپ، مېنى جەننەتتىن چىقارمىساڭ ...، — دەپ ئىككى تۈپ دەرەخنى قولى بىلەن تۇتۇۋالدى. پەرىشتىلەر ئۇنى دەرەختىن ئاجرىتىپ دەرەخنى پارچە-پارچە قىلىۋەتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالام يەنە:

— تەڭرىم! «مۇسا ئەلەيھىسسالامنى سەندىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن تۇر تېغىدا سۆزلىشىمەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى ۋە دوستۇم مۇھەممەدنى سەندىن يارىتىمەن» دېگەنىدىڭ، ئۆزۈڭ ئېيتقان ئاشۇ مۇھەممەدنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ئۈچۈن ماڭا رەھىم قىلغىن، — دېدى. بۇ چاغدا تەڭرىدىن:

— ئەي پەرىشتىلەر، ئادەم دوستۇم مۇھەممەدنى تىلغا ئېلىپ شەپقەت تىلەۋاتىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن پات-ئارىدا ئادەمنىڭ گۇناھىدىن كېچىمەن، — دېگەن خىتاب كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەمنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن دىلىغا ئازار بەرمەي ئېلىپ ماڭدى. ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام:

— مېنى قەيەرگە ئېلىپ بارىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— سېنىڭ ئەسلىمۇ تۇپراقتىن يارالغانىدى. سېنى ھازىر يەر يۈزىگە ئاپىرىپ قويماقچىمىز، — دېيىشتى پەرىشتىلەر. بۇنى ئاڭلىغان ئادەم نالە-زار قىلىپ پەرىشتىلەر بىلەن ۋىدالاشتى.

جەننەتتىن قوغلانغان گۇناھكارلارنىڭ ھەربىرىنى يەر يۈزىنىڭ بىر تەرەپىگە ئاپىرىۋەتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ھىندىستاندىكى سەرانىدىپ تېغىغا چىقىرىپ قويدى. ھاۋانى جىددى تېغىغا ئاپىرىپ قويدى. توز قەپەزگە سېلىنىپ كابۇلغا چۈشتى. يىلان بەسرە جەزىرىسىگە چۈشتى. شۇ سەۋەبتىن بارلىق بۇزۇقچىلىق، غەيۋەت ۋە يامانلىقلار پۈتۈن ئالەمگە تەڭ تارالغان.

ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىگە چۈشتى. شەيتان بارلىق ھايۋاناتلارغا:

— تەڭرىنىڭ بىر گۇناھكارى يەر يۈزىگە كەلدى. ئۇ سىلەرنى تۇتۇپ ئىشلىتىدۇ. ئۇنىمىساڭلار سىلەرنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ پەرزەنتى ناھايىتى كۆپ. ئۇلار سىلەرگە زۇلۇم سالىدۇ. ھەممىڭلار يىغىلىپ ئۇنى ۋاقتىدا يوقىتىۋېتىڭلار، — دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلدى.

بىر كۈنى بىرمۇنچە قۇرت-قوڭغۇزلار ۋە زەھەرلىك چايانلار يىغىلىپ كېلىپ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھۇجۇم قىلدى. ھەزرىتى ئادەم ئۇلاردىن قورقتى. بۇ چاغدا تەڭرى:

— ئەي ئادەم، ئىتنىڭ بېشىنى سىيلىغىن. ساڭا قەست قىلغان گېزەندىلەرگە تاقابىل تۇرىدۇ، — دېدى. ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىتنىڭ بېشىنى سىيلىدى. ئىت بۇرۇنقىدىن كۈچلۈك ۋە ھەيۋەتلىك بولۇپ، گېزەندىلەرنىڭ بەزىسىنى چىشلەپ، بەزىسىنى چاڭگال سېلىپ ھەممىسىنى قوغلىدى. ئىت ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ۋاپا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئادەم ئۇنىڭغا:

«مېنىڭ پەرزەنتلىرىم ساڭا ۋاپا قىلسۇن!» دەپ دۇئا قىلدى. شۇڭا ئىت ئادەمگە يالغۇزلۇقتا ھەمراھ بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «سەككىز تۆرلۈك قۇشنى ئۆلتۈرسە چوك گۇناھ بولىدۇ. بىرىنچى، كۆك قاغا. ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا يول باشلىغان. ئىككىنچى، چۇمۇلە. ئۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا نەسىھەت بەرگەن. ئۈچىنچى، قارلىغاچ، بەيتۇلمۇقەددەس خاراب بولغاندا ئۇ يىغلىغان. تۆتىنچى، ھۆپۈپ، ئۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بەگلىرىدىن بىرى ئىدى، بەشىنچى، سۇ پاقىسى. ئۇ نەمرۇدنىڭ ئوتىغا سۇ ئەپكىلىپ چاچقان. ئالتىنچى، ھەسەل ھەرىسى، ئۇ ئادەمگە شىپالىق ھاسىل قىلغان. يەتتىنچى، شەپەرەڭ، پىنھان جايدا ياشىغۇچىدۇر. سەككىزىنچى، بايقۇش، ئۇ تەقۋادار قۇش بولغانلىقى ئۈچۈندۇر» دېگەن.

ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام سەراندىپ تېغىدا شۇنداق قاتتىق يىغلىدىكى، كۆز يېشىدىن ھاسىل بولغان لايلارغا بۇلۇنۇپ، گاھى بىھوش بولۇپ، گاھى ھوشىغا كېلەتتى. باشلىرىغا ئۇرۇپ، ياقىلىرىنى يىرتىپ ھەددىدىن تاشقىرى پەرىشانلىق بىلەن زار - زار يىغلاپ، پەرياد ئۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان يېشى بىر ئۇلۇغ سۇ بولۇپ ئېقىشقا باشلىدى. سۇنىڭ بويىدا ئادەم پەرزەنتلىرىگە دەۋا بولىدىغان ئاچچىق - چۈچۈك دورىلار ئۈندى.

ھەزرىتى ھاۋا جىددى تېغىغا چۈشكەندى. ئۇنىڭ نالە - زار قىلىپ ئاققان كۆز ياشلىرىدىن سەندەل، ئەنبەر، سۇنبۇل، قەلەمپۇر، خىنا، ئوسمىلار ئۈنۈپ چىقتى. تا قىيامەتكىچە بۇ گىياھلارنى ئاياللار ئۆزىگە زىننەت بۇيۇمى قىلىپ ئىشلىتىدۇ. ھاۋانىڭ كۆز ياشلىرى دەرياغا چۈشسە گۆھەر، سەدەپكە ئايلاندى.

ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام بەكمۇ خىجالەتچىلىكتە قالغاندى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشلىرىنى باياۋاندىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار ئىچىپ: «ئەجەبمۇ لەززەتلىك سۇ ئىكەن» دېيىشەتتى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئادەم:

— ئەي تەڭرىم، بۇلار ماڭا تەنە قىلىشىۋاتىدۇ. جەننەتتە پەرىشتىلەرنىڭ تەنىسىگە قويىدۇڭ. بۇ يەردە بۇ ۋەھشىي ھايۋانلار تەنە قىلىشىپ خىجالەت قىلىدۇ، — دەپ تېخىمۇ بەكرەك يىغلايتتى. تەڭرىدىن:

— ئەي ئادەم، ئۇلار ساڭا تەنە قىلمىدى، بەلكى راست سۆزلەۋاتىدۇ. سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭ بىزنىڭ رەھمەت دەريالىرىمىزدىن كەلگەن. رەھىم - شەپقەت دەرياسى مەۋج ئۇرمىسا، كۆزگە ياش كەلمەيدۇ، — دېگەن نىدا كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئادەمنىڭ كۆڭلى بىرئاز تەسكىن تاپتى.

ھەزرىتى ئادەم بىلەن ھاۋا جەننەتتىن چىققۇچە يۆگىنىپ چىققان ئەنجۈر يوپۇرمىقى قۇرۇپ، يىرتىلىپ، شامالدا ئۇچۇپ تۆگىدى. بۇ يوپۇرماقنىڭ پارچىلىرى چۈشكەن يەرلەردىن پىننە كۆكى، زىرە، يۇمغاقسۈت، زەپەر، ياسۇمەن، ئادراسمان قاتارلىق نۇرغۇن خۇشبۇي نەرسىلەر ئۈندى. ئۇنى كىيىك يېيىشىدى، كىندىكىدىن ئىپار پەيدا بولدى.

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى ھاۋا ئۆزلىرىنىڭ بۇ شەرمەندىلىكىدىن نومۇس قىلىپ، ھەرگىز يۇقىرى قارىيالمىدى. قىرىق كېچە - كۈندۈزگىچە ھېچنەرسە يېمىدى، سۇمۇ ئىچمىدى. تېنى يالىڭاچ، قورسىقى ئاچ ئىدى. ھەزرىتى ئادەمنىڭ

چىدىغۇدەك تاقىتى قالمىدى. بەزى چاغلاردا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورايتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پەرىشانلىقلىرى توغرىسىدا سۆزلىسە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

— ئەي ئادەم، ھەرقانداق نەرسىنى بەندىسىگە بەرسىمۇ، ئالسىمۇ تەڭرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىختىيارىدا. بەك غەمكىن بولمىغىن، تەڭرى ساڭا رەھىم قىلار، — دەپ تەسەللى بېرەتتى.

ئادەم ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم بۇغداي يېگىنى ئېسىگە كەلسە:

— بۇغداي دېگەن ئەجەبمۇ لەززەتلىك ئىكەن، ئۇ جەننەتتىكى ھەممە مېۋىلەردىن شېرىن ئىدى، تەڭرى نېسىپ قىلسا يەنە بىر قېتىم يېگەن بولسام، — دەيتتى.

تەڭرىدىن:

— ئەي ئادەم كەبىگە بارغىن. ئۇ يەردىن خالىغان نەرسەڭنى تاپىسەن، — دېگەن ئىدا كەلدى. ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام كەبىگە باردى. تەڭرى جەننەتتىن ئات، تۆگە، قوي، كالىلارنى كەلتۈرۈپ بەردى. تۆگىنى يۈك ئارتسۇن دەپ، ئاتنى مىنسۇن دەپ بەردى. كالىنى سېغىپ سۈتىنى ئىچكىلى، ئۆكۈزنى قوشقا قاتقىلى، قوينىڭ سۈتىنى ئىچسۇن، قوزىلارنى سويۇپ يېسۇن، يۇڭىنى يازلىق كىيىم، تېرىسىنى قىشلىق كىيىم قىلسۇن دەپ بۇ ھايۋانلارنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلدى.

ئادەم ئەلەيھىسسالام دەرھال قوشقاردىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى يېگەندىن كېيىن، جېنى بىر ئاز ئارام تاپتى. ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۈچ دانە بۇغداي ئەپكېلىپ ئىككى تالنى ھەزرىتى ئادەمگە، بىرسىنى ھاۋاغا بەردى. بىر تال بۇغداينىڭ ئېغىرلىقى بىر يۈز سەكسەن مىسقال ئىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئادەمگە:

— بۇ بۇغداينى تېرىپ كۆپەيتىپ يەيسەن، — دېدى. ھەزرىتى ئادەم بۇغداينى ئەتىگەندە ئەپچىقىپ يەرگە تېرىدى. ئاخشىمى پىشتى. بۇغداينى ئۇۋۇتۇپ ئۇن قىلىپ ئاندىن نان راسلاپ قوقاسقا كۆمدى. نان پىشتى. ناننىڭ چوڭلۇقى بەش يۈز گەز ئىدى. نان ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدىن چىقىپ دومىلاپ كەتتى. ھەزرىتى ئادەم كەينىدىن قوغلاپ تۇتۇۋالدى. ئادەم بالىسىغا يېمەك-ئىچمەكنى كۆپ جاپا چېكىپ، قوغلىشىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈش شۇنىڭدىن قالدى.

ئادەم ئەلەيھىسسالام تېرىغان بۇغداي خېلى كۆپ ھوسۇل بەردى.

بۇغداينى ئەتىگەندە تېرىسا كەچتە پىشاتتى. بۇغداينى ئورۇپ، تېپىپ، سورۇپ تەييار قىلىپ بىر تەرەپكە بۇغداينى، بىر تەرەپكە سامانىنى دۆۋىلەپ قويدى. ئاندىن ئۆكۈزنى چاقىرىپ:

— بۇغدايدا سېنىڭمۇ شېرىكچىلىكىڭ بار. مۇشۇ ئىككى دۆۋىدىن بىرىنى ئالغىن، — دېدى. ئۆكۈز قارىغۇدەك بولسا بۇغداي ئاز، سامان كۆپ تۇراتتى. ئۇ سامانىنى ئالماقچى بولدى. بۇغداي ئادەمگە قالدى. ئۆكۈز كېيىن بۇغداينى يەپ تەمىنى بىلگەندىن كېيىن پۇشايمان قىلدى. ئۇنىڭ تا ھازىرغىچە پۇشۇلداپ يۈرگىنى شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

تەڭرى بىر دانە ئاق ياقۇتنى ئەڭ

www.uyghurkitap.com

مۇھەم جايغا قويۇشلار، دەپ ئەۋەتتى. پەرىشتىلەر ياقۇتنى مەككىگە ئەكېلىپ قويۇشىدى، بۇ ياقۇت ئۆيگە ئايلاندى. بۇ ئۆينىڭ ئىچىدە ئىككى قەندىل بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى غەرب تەرەپتە، يەنە بىرى شەرق تەرەپتە ئىدى. بۇ ئۆينى «بەيتۇلمەئمۇر» دەپ ئاتىدى.

تەڭرىدىن ئادەم ئەلەيھىسسالامغا:

— ئەي ئادەم، ئەرشىنىڭ ئۇدۇلىدا «بەيتۇلمەئمۇر» دېگەن بىر ئۆي بار. پەرىشتىلەر بۇ ئۆينى تاۋاپ قىلىپ، گۇناھىدىن پاك بولىدۇ. ھەرقانداق ئادەم شۇ ئۆيگە بارسا، مەن ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىمەن. ئەي ئادەم، سەنمۇ بېرىپ ئەنە شۇ ئۆينى تاۋاپ قىلىپ ناماز ئۆتەپ، تۆۋە قىلساڭ گۇناھلىرىڭنى كەچۈرەمەن، — دېگەن خىتاب كەلدى.

ئادەم ئەلەيھىسسالام شۇ زامان مەككىگە بارماقچى بولدى. ئۇ مەككىنىڭ يولىنى بىلمەيتتى. پەرىشتىلەر كېلىپ يول باشلىدى. ئاخىر مەككىگە بېرىپ «بەيتۇلمەئمۇر» نى تاۋاپ قىلدى.

ھەزرىتى ئادەمنىڭ قەدىمى تەگكەنلىكى جاي ئاۋات شەھەرگە ئايلاندى. ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىدىكى قەدەم تەگمەگەن جاي چۆل، جاڭگال بولدى.

ئادەم ئەلەيھىسسالام مەككىنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

— ئەي ئادەم، تەڭرى تۆۋەڭنى قوبۇل قىلدى. ئەمدى جۈپتۈڭ ھاۋانى ساڭا تېپىپ بېرىدۇ، — دېدى.

ھەزرىتى ھاۋامۇ جىددى تېخىدىن مەككىگە كەلدى. ئادەم بىلەن ئىككىسى بىر ـ بىرىنى تونۇمىدى. چۈنكى ئۇلار ئايرىلىپ كەتكىلى ئۈچ يۈز يىل بولغانىدى. بۇرۇن ئۇلار ھەر ئىككىسى ياش ئىدى. ئايرىلىپ كەتكەن چاغلاردا ئاچ ـ يالىڭاچلىق ئازابى تارتتى. كىيىم ـ كېچەكسىز بولغاچقا ئاپتاپنىڭ كۆيدۈرۈشى بىلەن چىرايى بۇزۇلۇپ، رەڭگى ـ رويى ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىككىسىنى تونۇشتۇرۇپ قويدى. ئۇلار تونۇشقاندىن كېيىن ئۆز ئارا ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ كۆرۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار غەم ـ غۇسسىدىن خالاس بولۇپ، نەچچە يىلدىن تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى ئۇنۇتتى. ھەممە قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ ئورنىنى راھەت ـ پاراغەت ئىگىلىدى. ئۇلار تېپىشقان بۇ ئورۇننىڭ نامىنى «ئەرەفات» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار خۇشال ـ خورام ھالدا ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ھەزرىتى ئادەم ھاۋا بىلەن تېپىشتى. ئەمما ئۇلار يالىڭاچ ئاپتاپتا يۈرگەچكە، بەدەنلىرى كۆيۈپ قاپقارا بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار:

— ئەي تەڭرىم، بەدىنىمىزنىڭ قارىلىقىغا نېمە ئىلاج قىلارمىز؟ — دەپ مۇناجات قىلدى. تەڭرى:

— بۈگۈن ئايغا ئون ئۈچ. بۈگۈندىن باشلاپ ئۈچ كۈن روزا تۇتۇڭلار. ئىككى رەكەت شۈكرانە ناماز ئوقۇڭلار. شۇچاغدا قارىلىقىڭلار يوقىلىدۇ، — دېدى. ئۇلار ئۈچ كۈن روزا تۇتۇپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇۋىدى، بەدەنلىرى ئاقاردى.

ھەزرىتى ئادەم بىلەن ھاۋا بىر ـ بىرى بىلەن تېپىشقىنىغا خۇشال بولۇپ بىيىت ئوقۇشتى، نەزمە:

نەقەدەر شادلىق، كىشى سۆيگەن نىگارىن تاپسا،
ئەيش - راھەت كېلدۇ يار ئۇزارىن تاپسا.
يارغا يەتمەك بىلە خۇشال بولدۇ جانۇ كۆڭۈل،
ئايرىلىپ كەتكەن ئاشۇ لەيلۇ ناھارىن تاپسا.
يۈرىكى كۆيمەي نە بىلسۇن ئۇچرىشىش قىممىتىنى،
يېتىدۇ قەدرىگە ئايرىلغاندا يارىن تاپسا.
ئىزدىسە مەشۇقىنى چىن دىلدىن ئاشىق شۇ،
گۈلشەن ئىچىدە كۆرۈپ كۆزى خۇمارىن تاپسا.
شادلىنىڭ تاڭ شامىلى، غۇنچە كۆرۈپ گۈلزاردا،
كۆڭلى غۇنچىسى ئېچىلغاي بۇلبۇلى زارىن تاپسا.
يادىدىن كەتكەن ئەقىل، ھوش، سەزگۇ، ئىدراك خۇش بولۇر،
ساقىيدەك كەلگىنچە سەبرى قارارىن تاپسا.

بۇ ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببىتى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىدى. پەرىشتىلەر ئۇلاردىن:

— يەنە قانداق ئارزۇيۇڭلار بار؟ — دەپ سورىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى ھاۋا:

— تەڭرى بىزنىڭ گۇناھىمىزنى كەچۈرۈم قىلىپ رەھىم - شەپقەت قىلغىنىغا سۆيۈنىمىز. ئىككىمىزنىڭ تېپىشقىنىمىزغا ئىنتايىن خۇشالمىز، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

ئۇلار بۇ يەردە مەڭگۈلۈك بەخت - دۆلەتكە ۋە دائىملىق شادلىققا ئۇلاشتى. ئاندىن يەنە خۇشال ھالدا سەراندىپ تېغىغا باردى. قالغان ئۆمۈرلىرىنى شۇ جايدا ئۆتكۈزدى. ئۇلار تەڭرىنىڭ پەرمانى قانداق بولسا ھەرگىزمۇ قارشىلىق قىلماستىن، شۇ بويىچە ئىجرا قىلىپ، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ياشىدى. بۇ مەزگىلدە يەر يۈزىدە بۇ ئىككىسىدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى.

# شېئىرلار

## ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

يۈز تۈمەنمىڭ ئافەرىن ئۇل پاكقە،
ئەقل ـ ئىمان بەردى مۇشتى خاكقە.
ئەرشغە بەردى سۇ ئۈزە بۇنيادنى،
خاكقە قىلدى مۇئەككەل بادنى.
ئاب ـ گىلغە زىننەتۇ ھۆرمەت بىرىپ،
پاك قىلدى رۇھىغە سۈرەت بىرىپ.
..................................①
چۈن تۇفەيلى نۇرىدىن بولدى ئۇمەم،
جەمئ چۈن مەبئۇس ئاتاندى لاجەرەم.
چۈنكى مەبئۇس ئۇلدى تا روزى شۇمار،
جۇملە خەلق ھەققىدە شەمئى روزگار.
قىلدىلار شەيتاننى ئىمانغە تەلەب،
چۈن مۇسۇلمان بولدى ئۇل شەيتان سەبەب.
ھەر بىرىگە قىلدى دەئۋەت ئاشكار،
قىلدىلار جۇملە پىرىلار ئىقرار.
ئەنبىيانى قۇدسلارغە قىلدى جەمئ،
بەرگەچ دەئۋەتغە ئىنداپ نۇرى شەمئ.
قىلدى دەئۋەت جۇملەئى ھەيۋاننى،
ھەم پەرىيۇ دىۋە ھەم ئىنساننى.
داغى زەرراتى ئىدى ئۇل پاك زات،
ئىلكىدە تەسبىھ ئىردى ئەز نەجات.
نۇرى ئانىڭ جۇملە مەۋجۇداتدۇر،
زاتى ئانىڭ مىھتەرى ھەر زاتدۇر.
ھەرنەبى ئۆز قەۋمىغە ئىردى رەسۇل،
ھەرنەبى ئۆز قەۋمىنى قىلدى قەبۇل.
جۇملە مەخلۇقات ئانىڭكى ئۇممەتى،
بارچەنى قۇل قىلدى ئالىي ھىممەتى.
كەلگەي ئۇل مەھشەر كۈنىدە بىر نىدا:
«غەم يىمە، قايغۇرما، ئەي شەمئى ھۇدا.
ئۇممەتىڭنىڭ فىكرىدىن ئازاد بول،
زىكر لۇتفۇم بىرلە دايىم شاد بول.»
خەتم قىلدى ھەق نەبۇۋۋەتنى ئاڭا،
مۇئجىزە لەۋلاكى خۇلفەتنى ئاڭا.
داغى بولدى ئۇل زىبەھرى خاسۇ ئام،
نىئمەتنى ھەق ئاڭا قىلدى تەئام.
ئەينەكىدىن ئىككى پارە بولدى ئاي،
جۇملەئى خەلقۇ جەھانغە رەھنەماي.
تاپتى ئىرسە كەئبە ئانىڭ تەشرىفىن،
ئۇل سەبەبدىن رەھبەرى بولدى ئىمىن.
روزى مەھشەر كۆركى ئۇل ئالىي نەفەس،

① ئارىلىقتىن سەككىز مىسرا شېئىرنىڭ ئورنى يېرتىلىپ كەتكەن.

ئۇممەتى ھەققىدە سۆزلەر بەس-بەس.
ئۇل سەئادەت گەنج دەريايى يەقىن،
نۇرى ئالەم رەھمەتەن لىلئالەمىن.

× ×

بولماسە سىمۇرغ ئەئزەم ئاشكار،
مۇسا ۋەھشەتىدىن بولۇر مۇسىچە ۋار.
بارى مۇسا كۆردى ئۇل ئالىي جەناب،
«نەئلىين سالغىل» تەيۇ كەلدى خىتاب.
مۇسا ئۇمران ئەگەرچە ئېردى شاھ،
كۆر ئانىڭ نەئلىينىچە تاپمادىٰ راھ.
كۆردى مېئراجىندە شەمئ زۇلجەلال،
ئىشىتىپ ئاۋاز نەئلىنى بىلال.
چاكەرى تاپتى مۇنىڭدەك ئىززۇ جاھ،
تاپتى نەئلىنى ئانىڭ ئەرش ئۈززە جاھ.
كۆردى ئېرسە مۇسا بۇ قۇربى بىلال،
لاجەرەم قىلدى مۇناجات ئۇل مەھال.
ئەيدى: «يارەب ئۇممەتى قىلغىل مەنى،
ھەم تۇفەيلى ھىممەتى قىلغىل مەنى...»
گەرچە مۇسا قىلدى بۇ ھاجەت مۇدام،
لىيكى ئەيسا تاپتى بۇ ئالىي مەقام.
ھىندىدىن بولدى مەسىھى نامدار،
مىلك قۇلىچە فەزل بەردى كىردىگار.
جۇملە ۋاسىف ۋەسفىدە ھەيران ئېرۇر،
جۇملە ئارىفلاركى سەرگەردان ئېرۇر.
خەندەسىدىن زاھىر ئۇلدى ئافتاب،
گىريەسىدىن يىغلايۇ ھەردەم سەھاب.
ئۇل فەسەھۇ ئالىمۇ مەن بىزەبان،
شەرھى ھالىن مەن نېچۈك ئەيلەي ئەيان.
بىر نەزەر قىلغىل مەنى غەمخارەغە،
چارەئى قىلغىل مەنى بىچارەغە.
ھاجەتىم ئۇلدۇر ئايا شاھى جەھان،
لۇتف ئېتىپ مەھشەر كۈنى قىلغىل ئەيان.
مۇنتەزىردۇرلار ئۇشۇل كۈن رۇ سىياھ،
ھەقغە ھەم نامەمنى ساقلاپ قىل نىگاھ.
كۆز تۇتۇپ تۇرغايمەن ئۇلدەم ئىنتىزار،
دەستىگىر بولغاي تەيۇ ئۇممىدۋار.

× ×

خاجەئى سىددىق ئەكبەر ئېردى يار،
سەدر ئالەمغە ئۇل ئېردى يارغار.
مەھدىئى ئەسھاب ھەم سەدركىبار،
قىلدى ئۇل سىررى مەئانىي ئاشكار.
ھەر ئىنايەتكىم رەسۇلغە بەردى ھەق،
ھەزرەتى بۇبەكىر ئالىپ بەردى سەبەق.
ھەق رەسۇلغە ھەرنەكىم قىلدى ئەتا،
ئۆزىگە مەئلۇم ئېردى بىخەتا.
كېچە-كۈندۈز فىكر ئىچىندە مەردى راھ،
ھۇۋ ئېتىپ، دەرد بىرلە قىلۇر ئېردى ئاھ.
ھۇۋ ئانىڭ جانىغە يەتتى مۇشكبار،
يىغلادى ئاھۇيى مۇشك ئۇلدەم نىسار.
ئۇل سەبەبدىن دېدى ئۇل سۇلتانىدىن،
جان بىلە بولسە تىلەك ئىلمۇلىيەقىن.
چۈن ئۇمەر تاپتى ئانىڭكى بۇيىدىن،
ئەيدىكىم: «ئالسام ئانىڭ بىر مويىدىن.»
تار مويىن ئارزۇلاپ ئېردى ئۇمەر،
يەتكەمۇ دەپ تار مويىدىن ئەسەر.
با ۋۇجۇد فارۇق ئەئزەم ئېردى شاھ،
ھەزرەتى سىددىقدىن سوڭ پادىشاھ.
تار مويىدىن ئۆزىنى تۇتتى كەم،
ئەيدى: «مەن ئانىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەدەم.»
قىل دېسە سىددىق خىلافەتنى قەبۇل،
سانى ئەسنەيىن بولدى مىن بەئدى رەسۇل.
پارەئى ئىلمنى تاپتى يارغار،
دىن ئانىڭ دەۋرىندە تاپتى ئىفتىخار.

× ×

ئۇل ئەمىرۇلمۇئمىنىن سەدر كىبار،
دىن ئانىڭ ئەسرىندە بولدى ئاشكار.

www.uyghurkitap.com

فارۇقى ئەئزەم ئاتاندى ئۇل ئىمام،
خەتمى بولدى ئەدل ئانىڭ بىرلە تەمام.
ئۇل كىمەرسە كىم سىرات ئەۋۋەل كېچەر،
بارچە ئەلدىن بۇرنا بولغاي ئۇل ئۇمەر.
كەلدىكىم شەئنىدە «تاھا» سۇرەسى،①
نۇرغە ئۇيرۇلدى مۇتەھھەر سىنەسى.
ئۆزى كىيگەن خىلئەتى دارۇسسەلام،
بارچەدىن بۇرنا زەمى ئالىي مەقام.
دىن ئانىڭ زاتىدا ئېردى مۇفتەخىر،
دىن ئانىڭ دەۋرىندە تاپتى مۇنتەشىر.
نىل مەۋجى دەررەسىدىن بولدى سۇست،
ھەيبەتى كۆنىنىڭ نۇرىنى قىلدى سۇست.
دىنغە شۆھرەت بەردى ئۇل شەمئى جەھان،
كۇفر ئانىڭ ئەسرىندە بولدى بىنىشان.
شەمئى جەننەتدۇر ئۇشۇل گەۋھەر سىرىشت،
ئەۋۋەلدە ئۇل كۆرەر رۇيى بىھىشت.
گاھى ئىشقىنىڭ دەردىدىن كۆيدۇردى جان،
گاھى ھەقنىڭ لۇتفىدىن كۆتۈرۈپ زەبان.
بەس، ئەجەب سۇلتان ئىدى ئۇل بەھر راز،
ھەيبەتىدىن دىۋلەر قىلدى فەراز.
چۇن رەسۇل كۆردى كۆيەر ئۇل زار-زار،
شەمئى جەننەتدۇر دەپ ئېردى ئاشكار.
بۇ سىفەتلەر بىرلە مەفسۇفدۇر ئۇمەر،
بۇ فەزىلەتنى ئىشىت، ئەي بىخەبەر.

× ×

خاجەئى ئۇل قۇلزۇمى ئىرفان ئېرۇر،
ئۇل ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئۇسمان ئېرۇر.
يۇسۇفى سانى دەپ ئېردى مۇستەفا،
بەھرى تەقۋاۋۇ ھەيا كانى ئەتا.
جۇملە مەئدۇدات گەر ئاھاي فەلەك،
شەرم تۇتار ئۇسماندىن جۇملە مەلەك.
ئەيدىلەر تەبئىندەكىم چاكەرلارى،
ئۇشبۇ زۇننۇرەين كۆزىمىزنىڭ نۇرى.
بىر زەمان ئايرىلسامىز ئۇسماندىن،
گۇيىيا ئايرىلدامىز بۇ جاندىن.

× ×

خاجەئىكىم، دىن ئىچىندە رەھنەماي،
ئۇل ئەلىيۇل مۇرتەزا شىرى خۇداي.
خەلقغە ئۇل كەۋسەر سۇيىدىن سۇ بېرۇر،
جۇملەئى ئىسيانىدىن مەئسۇم ئېرۇر.
مۇستەفا ئەيدىكىم: «ئىلمنىڭ شەھرىمەن،
يا ئەلى ئىلم شەھرىنىڭكى قۇبغىسەن.»
ئىن ئەمم مۇستەفا ئالىي ھىمەم،
ئۇل رەسۇلنىڭ ئۆشىگە قويدى قەدەم.
چۇن ئۆلۈك تىرگۈزدى ئەيسا بولدى خاست،
شاھ ھەم كىيگەن ئېلىگىنى قىلدى راست.
قىلدى ئۇل پەيغام ئېلىگىنى ئاشكار،
تارتتى ئانداغ زۇلفىقار ئانداغ قەرار.
جۇش بىرلە كىردى ئۇشبۇ راھغە،
ئۇل ھەقىقەت شىردىن ئېردى جاھغە.
تاپمادىم ئافاق ئىچىندە ھەمدەمىم،
تاپمادىم زار ئەيغالى بىر مەھرەمىم.
ئەي تەئەسسۇب بىرلە بولغان مۇبتەلا،
بۇ قۇرۇغ ئەمگەك نېدۇر جانغە بەلا.
چۇنكى سەندە بولسە ئەقلۇ ئېئتىبار،
بۇ نە ئىشدۇركىم قىلۇرسەن ئىختىيار.
مەيل ئۇلاردە يوق ئىدى ئەي بىخەبەر،
مەيل قەچان قىلدى ئەبۇبەكرى، ئۇمەر.
ناھەق ئېردى دېسەڭ ئەسھابى رەسۇل،
قىلمامىش بولدۇڭ رەسۇل قەۋلىن قەبۇل.
كۆرگىل ئانداغ ئېردى ئالەم سەرۋەرى،
ئۇل جەمىئي ئەنبىيالار رەھبەرى.
ئېرۇر ئېردىلار سەھابە ئاشكار،
كىم ئۇلارغە يۆرۈر ئېرسە يول تاپار.
بولماسەلار ئېردىلار بىر-بىرگە خاست،
جەمئ قۇرئان بولماس ئېردى راست-راست.

①«تاھا»، «ياسىن» — قۇرئاندىكى سۈرىلەرنىڭ نامى.

ھەرنەكىم جۇملە سەھابە قىلدىلار،
بارچەسىنى راست ـ بەرھەق بىلدىلار.
ھەرنەكىم پۇتمەسەڭ ئاخىر نابكار،
يوق دېمىش بولغاي ئوشۇلدەم سەد ھەزار.
مەيل قىلسە ئېردى ئول فارۇق پاك،
قىلماس ئېردى دەررەدە ئوغلىن ھەلاك.
ھەم ئەيالۇ مالىنى قىلدى نىسار،
زۇلم كېلۇرمۇ ئاندىن ئەي ناسازۋار.
ئېردى مۇنبەردە ئەدىبنى ئول نىگاھ،
ھېچ غەلەت قىلماي ئوشۇل دانايى راھ.
گاھى كۆچ بىرلە كۆتەرۈر ئېردى خار،
لۇقمەسىن يەر ئېردى ئول شەيخ كىبار.
گەھ مۇبارەك ئۆشنىدە كۆترۈپ ئوتۇن ①
كۆرمەس ئېردى ئۇيقۇنى ئول ھېچ تۈن.
تاڭغە تەگرۇ ئول شەھەرنى تەزگەنىپ،
يۈرۈر ئېردى ئەلنى ساقلاپ ئەمگەلىپ.
نان ـ خۇرۇشى سىركە ئېردى يا نەمەك،
لۇقمەسى ئول دىن ئىچىندە غەم يېمەك.
تىكمە كۆندە يەتتە لۇقمە يەپ تەئام،
ئاندىن ئۆزگە تاتماس ئېردى ئول ئىمام.
ئۇشبۇ يەڭلىغ كەچرۈر ئېردى ھالىنى،
زەررە تاتماس ئېردى سىتتۇل مالىنى.
قەۋم تۇشەنىپ، دەرە ياستانىپ مۇدام،
ئەلنى سۆزگە كىگۈرۈردى ئول ئىمام.
ئەيتۇر ئېردى: «ئەيبىم ئېتسەكىم ماڭا،
يۈز تۈمەن ھەديە بېرۇر بولغاي ماڭا.»
ئونۇ يەتتە فاتمان ئېردى خىرقەسى،
كېچە ـ كۆندۈز تائەت ئېردى ھەديەسى.
سەلتەنەتغە بولماسە ناسازۋار،
قىلماغاي ئېردى خىلافەت ئىختىيار.
ناھەق ئېردى [ئەۋۋەل] ئول سۇلتاندىن،
ئالماس ئېردى مۇلكنى سىددىقدىن.
ئول ئۇۋەيس قەرنىغە ئەيدى ئول ئۇمەر:
«مۇلك كەرەكمەسدۇر ماڭا، ئەي راھبەر.
بۇ خىلافەتنى ئالىڭ كىمگە كەرەك،
مەن سەتارمەن كىمگە بەرسە بىر فەلەك.»
چۇن ئۇۋەيس ئىشىتتى ئېرسە ئۇشبۇ ھەرف،
ئول ئۇمەرغە دېدى: «ئەي دانايى زەرف.
خاتىرىڭدىن تەرك قىلغىل ئۇشبۇ راھ،
كىم تىلەسە ئالسۇن ئۇشبۇ ئىززۇ جاھ.
خەۋف خىلافەت تەرك قىلسە ئول ئەمىر،
جۇملە ئەسھابى رەسۇل قىلدى نەفىر.
ناھەق ئېرسە، بولماس ئېردى يارغار،
سەن داغى مۇلك ساقلاغىل سىددىقۋار.
مۇلك ساڭا ئول ۋەئدەئى سىددىقدۇر،
يالغان ئېرمەس ھەر ئىشى تەھقىقدۇر.
سەن قەبۇل قىلغىل ئانىڭ فەرمانىنى،
رەنجۇر ئەتمەگىل ئانىڭكى جانىنى.
بۇ خىلافەت بولسە ئېردى نا سەۋاب،
قىلماغاي ئېردى ساڭا سىددىق خىتاب.»
چۇن ئۇمەر ئىشنى ھۇججەت ئۇستۇۋار،
قىلدى ئول ئاندىن خىلافەت ئىختىيار.
كۆرەيىك ئول شۇم رۇي بەدبەخت چەيان،
مۇرتەزاغە زەخم ئۇردى ناگەھان.
مۇرتەزا مەجرۇھ بولدى ئولزەمان،
بولدى ئول سائەت تەنىدىن قان رەۋان.
شەربەتى كەلتۇردىلەر ئول شاھغە،
شاھ ئەيتتى: «بەر ئو شۇل گۇمراھغە.»
بەردىلەر شەربەتنى خۇنرىز ئالمادى.
بىسەئادەت ئېردى ئىشنى بىلمادى.
مۇرتەزا ئەيدى: «بەھەققى كىردىگار،
شەربەتىمنى ئىچسە ئېردى نابىكار.
مەن ئانىڭسىز قويماغاي ئېردىم قەدەم،
جەننەتۇل مەئۋا ئىچىندە بىر نەدەم.»
مۇرتەزاغە زەخم ئۇردى مەرد زىشت،
مۇرتەزا ئانسىز تىلەمەدى بېھىشت.
دۇشمەنىگە قىلدى ئول لۇتفۇ ۋەفا،
سىددىقۇ ئەكبەرگە قىلغايمۇ جەفا.

① قول يازمىدا «ئۆتۈب» دەپ يېزىلغان بولۇپ، قابىيە ۋەمەزمۇن ئېتىبارى بىلەن «ئوتۇن» ئېلىندى.

پەند ئىشىتكىل، ئەي رەفىقى روزگار،
بارچەغە بەردىڭ بول ئەمدى ئۇستىۋار.
ئەي، نېچۈك ئۇل مۇرتەزا مەزلۇم بولۇر،
سەلتەنەتدىن ئۇل نېچۈك مەھرۇم بولۇر؟
شىرى يەزدۇر مۇرتەزا ھەم تاج سەر،
زۇلم ئاڭا نېچۈك رەۋا، ئەي بىخەبەر؟

× ×

مۇستەفا لەشكەر بىلە قىلدى سەفەر،
بولدى ناگەھ بىر قۇدۇغ ئۈستۈن گۇزەر.
بىر كىشىگە ئەيدى: «بۇ چاھدىن سۇ ئال،
لەشكەرىم سىيراب بولسۇن فىلھال.»
ئۇل كىمەرسە چاھ سارى بولدى رەۋان،
كۆردى ئۇل چاھنىڭ ئىچىندەكى سۇ قان.
ئۇل ئەيتتى: «قان بولۇپدۇر ئۇشبۇ سۇ،
بۇ نە سىردۇر ئەي رەسۇلى نېكخۇ؟
مۇستەفا لەشكەرگە ئەيدى: «ئەي سىپاھ،
بۇ قۇدۇغكىم ئەرز قىلمىش سىرنى شاھ.»
چاھ سۇيى بىتاقەتۇ ھەيران بولۇپ،
جۇش ئۇرادۇر سۇنى كۆرگىل قان بولۇپ.
ئۇلكى بولسە ھەق قەتىدا شىرنەر،
فىكر قىلغىل گىنە ئاندا نە تىلەر؟
بۇ تەئەسسۇب تا قىيامەت سەندە بار،
تاپماغايسەن شاھ قەتىدا ئېئتىبار.
مۇرتەزانى قىلمە ئۆزۈڭگە قىياس،
ئارىفى ئېرفاندۇر ئۇل دانايى خاس.
نېگە بولدۇڭ سەن ئەلىدىن بىنىشان،
«ئەين»،«يا»ۋۇ«لام»① ئىمىش،بىلگىل ئەيان.
ھەق يولىدا ئېردى دايىم بىقەرار،
فىكر ئۇل ئېردىكى قىلسە جان نىسار.
تەگمەسۇن تەيۇ سەھابەغە زەرەر،
ھەيدەر ئۆز جانىن قىلۇر ئېردى سىپەر.
نې جەفا كۆردى بىلالى نامۇەر،
سەن ئانىڭ ھالىدىن ئىشىتكىل خەبەر.

يۈز تەياق ئۇردىلار ئەنى بىجىھەت،
بوينى، قان تۇتتى ئەيتۇر: «يا ئەھەد.
ناگەھان كىرسە ئاياغقە بىر تىكەن،
بەئىزى ھەق نېدۇر ئۇ شۇندا بىلگەسەن.
بۇ تىلەكدىن بۇتپەرەسلەردۇر ئەمان،
خەستەدۇر سەندىن سەھابە ھەر زەمان.
فىتنەلىكدىن دەفتەرىڭ بولدى سىياھ،
بۇ سەبەبدىن كۈندە بىتىلۇر مىڭ گۇناھ.
رافىزى بولماق بەسى بىراھلىق،
بىھۇدە ئەبلەھلىقۇ گۇمراھلىق.
كۈن قەتىدا زەررەگە نې ساندۇر،
سۆزلەمەي شۇك تۇرغانىڭ يەكساندۇر.
بۇ تەئەسسۇبنىڭ ساڭا نې ئاسغى بار،
چۈن كىرىپ بىر گۇشەنى قىل ئىختىيار.»

× ×

گەر ئەلىدۇر دىگەرى سىددىقدۇر،
ھەر بىرى ئۆز سىررىغە تەھقىقدۇر.
غار ئىچىدە تەكيە قىلسە مۇستەفا،
ئورنىدا تەكيە قىلۇر ئۇل مۇرتەزا.
نىيەتى قىلسە كى ھەيدەر جان نىسار،
تا سەلامەت قالسا ئۇل سەدر كىبار.
سەن ھەم ئۇلار ۋەفاسىن پىشە قىل،
يا خەمۇش بول تەرك بۇ ئەندىشە قىل.
يا ئەلى دەرسەن ئەبۇ بەكرۇ ئۇمەر،
ھەم خۇدا ھەم ئەقل ـ جاندىن با خەبەر.
سەن بۇ ناھەق ئىشنى قوي، ئەي ناشۇناس،
بولغىل ئەمدى رابىئەدەك ھەقشۇناس.
خاتۇن ئېردى ئۇنىڭ ئەردىن پاكتەر،
ئىشق يولىدا ئۇنىڭ ئەردىن خوب تەر.
بىر كىمەرسە ئەيدى: «ئەي ساھىب قەبۇل،
سەن نېچۈك تەيۇسەن ئەسھابى رەسۇل.»
ئەيدى: «كەلمەسمەن ئۆزۈم بىرلە مەگەر،
نېچۈك ئەيتايىن ئىرانلاردىن خەبەر.

① «ئەين»، «يا»، «لام» چاغىتاي يېزىقىدىكى ھەرىپلەرنىڭ نامى.

هەق يولدا مەن بولۇپمەن بىگۇمان،
ئۆزگەلەردىن نىچۇك ئەيتايىن نىشان.
سەجدە ئىچرەلەر كۆزۈمگە تەگدى خار،
بىخەبەرمەن قان ئاقىپدۇر بىشۇمار.»
ئولكى ۋاقىف بولمايۇر ئۆز هالىدىن،
ئول نە بىلۇر ئۆزگەنىڭ ئەهۋالىدىن.
ئەيدىكىم: «مەن مەست ئىردىم هەقشۇناس،
ئۆزگەنى نىچۇك قىلايىن مەن قىياس.»
كەلگىل ئەمدى سەن بۇلاردىن پاك بول،
چۇنكى ئەۋۋەل خاك ئىردىڭ خاك بول.

× ×

مۇستەفا قەۋلدە ئەيتتى: «بىرۇبار،
ئۇممەتىمنى سەن ماڭا قىلغىل نىسار.
ئۇممەتىمدۇر بەس خەرابۇ پۇر گۇناه،
بەخش ئەتكىل ئۇممەتىمنى، ئەي ئىلاه!»
هەق رەسۇلغە ئەيدى: «ئەي سەدرى كىبار،
كۆرسەڭ ئۇممەتنىڭ گۇناهى بىشۇمار.
تاقەتىڭ قالماس كۆرۈپ بۇ هالنى،
ئۇممەتىڭنىڭ بۇ خەراب ئەهۋالنى.
ئائىشە ئىردى ساڭا تەن ـ جان هەم،
بولدى بىر بوهتان سۆزىدىن مۇتتەهەم.
مەهرەمىڭ ئىردى ئەزىزۇ مېهرىبان،
يۈز ئۆيۈردۈڭ سەن ئانىڭدىن بىر زەمان.
كۆرسەڭ ئۇممەت يازۇقىنى بىشۇمار،
باقماغايسەن قالغاي ئۇممەت خار ـ زار.
ئۇممەتىڭنى قويغىل، ئەي ئالى گوهەر،
لۇتف ئېتەيىن تاپماسۇن هېچكىم خەبەر.
ئۇممەتىڭنى سەن سپارىش قىل ماڭا،
ئۇممەتىڭنىڭ فىكرى بولماسۇن ساڭا.»
كۆتەر ئالمادى رەسۇل ئۇممەت ئىشىن،
ئول يەقىنلىق بىرلە ئول سۇلتانىدىن.
بۇ هۆكمىدىن سەن تىلەك كۇتاه قىل،
بىتەئەسسۇب بولغىل ئەزم راه قىل.

ئەهلى سۇننەتنىڭ ئىشىنى پىشە قىل،
سەن ئىشىڭنىڭ ئاخىرىن ئەندىشە قىل.
يا قەدەم ئۇر سىدق ئىلە سىددىقۋار،
يا ئۇمەردەك قىلغىل ئىشنى ئىختىيار.
ياخو ئۇسماندەك كى ساهىب ئىلىم بول،
يا ئەلىدەك بەهر جۇدى هىلم بول.
سەن ئۆزۈڭنى قىلما هەيدەرگە قىياس،
سەن زەبۇنى نەفسسەن، ئەي نا شۇناس.
نەفسنى ئۆلتۈر ئەندەكى مۇئمىن بول،
سەن ئانىڭكى شەررىدىن ئىمىن بول.
سەن تەئەسسۇب دەئۋىسىن قوي، ئەي فۇزۇل،
سەن ئانى قىلىكىم، نىچۇك قىلدى رەسۇل.
مەندە يوقتۇر بۇ تەئەسسۇب، ئەي ئىلاه،
بۇ تەئەسسۇبدىن مېنى قىلغىل نىگاه.
شەرئىي ئىچرە بىر تانۇق بولماس قەبۇل،
مەسمۇئ ئىرمەس بۇ سۆزۈڭ، ئەي ناقەبۇل.
بۇ تەئەسسۇبدىن ئەرىتغىل جاننى،
پاك قىل بۇ دەفتەرۇ دىۋاننى.

× ×

مەرهەبا ئەي هۇدهۇد هادىيۇ راه،
سەن هەقىقەت يوللارىن قىلغىل نىگاه.
ئەي سەبا هىدىڭكى خۇش سەيرىڭ بىلە،
هەم سۇلەيمان مەنتىقۇتتەيرىڭ بىلە.
ساهىب ئەسرارى سۇلەيمان سەن بۇدەم،
شاهى جۇملە تاجداران سەن بۇدەم.
دىۋەنى قىلمە بەند زىنداندىن خەلاس،
تا سۇلەيمان تەبئىدە بولغايسە خاس.
خوش ـ خوش ئەي مۇسىيچەئى مۇساسفەت،
مۇسادىن ئەيغىلكى ئەمدى مەئرىفەت.
خان ‌نې قىلدى ئىرسە مۇساغە شۇناس،
لەهنى ئانىڭ بولدى خىلئەتكە سپاس.
مۇسا يەڭلىغ ئوت كۆرۈپ قىلساڭ قەرار،
تۇر ئىچىندە بولغاسەن مۇسىچەۋار.

www.uyghurkitap.com

سەن بۇ قىرئەۋنۇ لەئىندىن دۇر بول،
كەل بۇ مىقات ئىچرە مۇرغ تۇر بول.
ئىشتۇرسەن بۇ كەلامى بىخۇرۇش،
فەھم ئېتەرسەن ھاجەت ئېرمەس ئەقلۇھۇش.

× ×

كەلدى ئاخىر تۇتىنى تۇبى نىشىن،
ھۇللە پۇش بويىندا تەۋقى ئاتەشىن.
ئەيدى: «تەۋقۇم دۇر ئۇلۇغلۇقغە نىشان،
ھۇللە ئۇچماقغە بۇ خىلئەتدۇر ئەيان.
سەن خەلىل يەڭلىغ قۇتۇل نەمرۇددىن،
ھېچ زەرەر تەگمەس ساڭا بۇ دۇددىن.
كەس باشىن نەمرۇدنىڭ كى چۇن قەلەم،
كۆيمەگەيسەن ئۇتغە قويساڭ بۇ قەدەم.
تاپساڭ ئول نەمرۇد ئىلكىدىن خەلاس،
چۇن خەلىلدەك بولغاسەن ھەزرەتكە خاس.

× ×

شادۇ خۇررەم كەلدى كەبكى راھدار،
كەشفى ئېرفان ئىچرەلەر مەردانەۋار.
قەھقەھە ئېتىپ كىردى ئۇشبۇ راھغە،
خىلئەتى سەندانى دارۇللاھغە.
سەن رىيازەت بىرلە بولساڭ كوھ گۇداز،
ناقە سالىھ بولغاي ئاندا سەر فەراز.
ناقەنى كەلتۇرسەڭ ئاخىر دەرمىيان،
جۇي شىرىن ئەنگۇبىن بولغاي رەۋان.
ناقەنى سورساڭ مۇسالىھ بولغاسەن،
بىگۇمان ھەمراھى سالىھ بولغاسەن.
مەرھەبا ئەي باز بىر فەرۋاز قىل،
سەن ئۆزۈڭنى ئىشق ئىلە دەمساز قىل.
ئىشق تەنابىدغە ئۆزۈڭنى باغلاغىل،
تائەبەد ئول گىرىھىنى يەزمەگىل.
سەن بۇ ئىشقىنىڭ كۆڭلىنى قىلغىل بەدەل،
يەكجىھەت بولغاي ئەبەد بىرلە ئەزەل.
تۇشتى بۇ ئىشقىنىڭ ئوتى جاندا كۆيەر،
بىر تەرەف بولمايۇ تىنمايىن كۆيەر.

× ×

خۇش - خۇش ئەي دۇرراج مېئراجى ئەلەست،
ئەي بەلى دەپ تاپتىڭۇ تاجۇ ئەلەست.
چۇن ئەلەست ئىشقىدا بولدى قەۋل بول،
نەفسىنىڭ كى راھىدىن بىزار بول.
نەفس ئەيسا مەركەبىنى ئۇتغە سال،
ئانداكىم كۆرسەتسە ئۇشبۇ قۇربى ھال.
نەفسىنى ئۆلتۇر سەلامەت قالسۇ جان،
ئەيسا [نى] تاپغايسەن ئاندىن بىگۇمان.

× ×

نالە قىل، ئەي ئەندەلىبۇ خۇشنەۋا،
ئاشىق ئېرسەڭ قىل بۇ دەردنى بىرھەبا.
دەرد بىرلە نالە قىل داۋۇدۋار،
جۇملە قۇشلار قىلغاي ئاندىن جان نىسار.
نەغمە قىل داۋۇد يەڭلىغ دىلكۇشاي،
بەھر ئالسۇن جۇملەئى خەلقۇ خۇداي.
سىنى گۇمراھ قىلدى ئۇشبۇ نەفسى شۇم،
ئاھەڭنى نەرم قىلغىل مىسلى مۇم.
قىلساڭ ئاخىر ئاھەڭنى مۇمۋار،
ئىشق يولىدا بولغاسەن داۋۇدۋار.

× ×

خوش،- خوش ئەي تاۋۇس مۇرغى نامۇر،
سىنى مەجرۇھ ئەتتى مارۇ ھەفت سەر.
چۇنكى ھەمراھ بولدى بىردەم مارزىشت،
بولدى ئادەمگە ھەرام ئۇلدەم بىھىشت.
سەن ئۆزۈڭنى قۇتقار ئۇشبۇ ماردىن،

باخەبەر بولغايسەن ئول ئەسراردىن.
تاپساڭ ئۇشبۇ ماردىن بىردەم خەلاس،
بولغاسەن ئادەم بىلە ئۇچماقدا خاس.
ئەي بەراق كۆرگۆچى سىۋگەن مەرھەبا،
چاھى زىندان ئىچرە بولغان مۇبتەلا.
بۇ قەراڭغۇلۇقدىن ئۆزۈڭنى چىقار،
بولغاسەن مەردانەلەرگە سازۋار.
يۇسۇف ئىرسەڭ قىلغىلۇ زىنداندا جاھ،
بولغىل ئاندىن مىسر ئىلگە پادىشاھ.
مىسر خەلقى كىم سەڭا ھەمدەم بولۇر،
يۇسۇفۇ سىددىق ھەم ھەمدەم بولۇر.

× ×

كەلگىل، ئەي قۇمرى بۇدەم ھەمراز بول،
بۇ ھەقىقەت يولىدا دەمساز بول.
نەفس يولىدا قىلمە كۆپ بىراھلىق،
ياخشى ئىرمەستۇر ساڭا بەد خاھلىق.
ئۇشبۇ بالىق قارنىدىن تاپساڭ خەلاس،
بولغاسەن يۇنۇس نەبىي تەبئىندە خاس.

× ×

مەرھەبا، ئەي فاختە مۇرغى بەھار،
باشىڭ ئۇزرە قىلدىلار گەۋھەرنىسار.
سالدىلار بوينۇڭغە بۇ تەۋقى ۋەفا،
زىشت بولغاي قىلساڭ ئەمدى بىرجەفا.
كەلسە سەندىن زەررەئى دەردۇ جەفا،
تائەبەد ئاتىڭ بىتىلگەي بىۋەفا.
باخبەرەد بولغىل ھەمىشە باخبەرەد،
باخبەرەد ئىززەتغە يەتكەي تائەبەد.
چۇن بۇ مەئىندە ساڭا بولسا ئەيان،
خىزر بەرگەي ئابى ھەيۋاندىن نىشان.

× ×

خوش - خوش ئەي شاھىن بىر پەرۋاز قىل،
سەن ھەقىقەت دەفتەرىن ئاغاز قىل.
بولماسە سەركەش بولۇرسەن سەرنىگۇن،
يوق ئىسە بولغايسەن ئاخىر غەرق خۇن.
قىل ھەزەر بۇ دۇنياۋۇ مورداردىن،
ۋاقىف ئولغىل جۇملەئى ئەسراردىن.
سەن مەجازىي دۇنيانى قىلغىل گۇزار،
تاج - ئىززەتغە بولۇرسەن سازۋار.
مۇنقەتىئ بول ئىككى دۇنيادىن تەمام،
تابغاسەن ئىسكەندەر ئىلكىدىن نىزام.

× ×

مۇرغ زەررىن چۇن ئىرۇرسەن سازۋار،
سەن ئۆزۈڭنى ئوتغە سال پەرۋانەۋار.
ھەرنەكىم بۇ ھاجەتىڭدۇر ئوتغە سال،
مەتلەئ بولغايسەن نىدۇر ھەسبى ھال.
چۇنكى كۆيدۇر ھاجەتىڭنى بۇ زەمان،
باخەبەر بولغايسە ھەقدىن بىنىشان.
بولسە كۆڭلۈڭ ۋاقىفى ئەسرارى ھەق،
ھىچ ئەجەب يوق تەگسە بۇ ئاسار ھەق.
ھەق يولىنى بىلسەڭ، ئەي مۇرغى تەمام،
تاپغاسەن ھەزرەتدە بۇ ئالىي مەقام.

× ×

جەمئ بولدى جۇملە قۇشلار ئول زەمان،
ھەرنەكىم بار ئاشكارەۋۇ نىھان.
قۇشلار ئەيدى: «ئەي رەفىقى روزگار،
بولماغاي ھىچ مەملەكەت بىشەھر يار.
بۇ نىچۇكدۇر بىزگە بىر ھىچ شاھ يوق،
مەملەكەتكە شاھ بولماق راھ يوق.
جەمئ بولۇڭلار بولالى يەكجىھەت،
پادىشاھى ئىزدەلى ئالىي سىفەت.
مەملەكەتكە بولماسە بىر پادىشاھ،
نەزم تەرتىب تاپماغاي ھەرگىز سىپاھ»

www.uyghurkitap.com

گەرچە ئەيدىلەر بۇ يولغە كىرسەلەر،
ھەربىرى ئۆز ئۆزرىغە ئۆزر ئەيسەلەر.

× ×

ھۇد ھۇدى ئاشۇفتە بولۇپ ئىنتىزار،
كەلدى قۇشلارنىڭ قاتىغە بىقەرار.
ھۇللە ئىگنىدە تەرىقەت زىننەتى،
باشىدا تاجۇ ھەقىيقەت خىلئەتى.
بەس ئەجايىب تىز تۇند ھەمراھ بول،
نىكۇبەد ئەھۋالىدىن ئاگاھ بول.
ئەيدى: «ئەي قۇشلار بولۇڭلار بىرزمان،
بىيىلك ھەزرەتمەن، مەن ئەيتايىن نىشان.
مەن تاپىپمەن ئۇشبۇ ھەزرەتدىن خەبەر،
مەن بىلۇرمەن ئۇشبۇ مەئنىدىن ئەسەر.
ئەۋۋەل ئالدى نامەنى مىنقارىيغە،
مەھرەم ئولدى جۇملەئى ئەسرارىغە.
مەن قىلۇرمەن ئۆز غەممىدە دەرگۇزەر،
ھىچ كىشىگە يوقتۇرۇر مەندىن زەرەر.
كىمكى تارتىسە زەخم ـ دەردى پادىشاھ،
تەگمەگەي ھەرگىز ئاڭا دەررى سىپاھ.
ئۆزگە قۇشلار كەلمەسەلەر سال ـ ماھ،
ھەرگىز ئانى سورماس ئېردى پادىشاھ.
مەن قاتىدىن غايىب ئولسام بىر زەمان،
ھەرتەرەف ئىزدەگۇچى قىلدى رەۋان.
ئول مەنىڭسىز قىلمادى بىردەم گۇزەر،
تا قىيامەت مەھز ئېرۇر ئۇشبۇ نەزەر.
نامە ئېلتكۇچى مەن ئېردىم زار ـ زار،
كۇچ بېرىپ تەبئىندە بولدۇم سازۋار.
ئول كىمەرسە ئانى پەيغامبەر تىلەر،
خۇش يەراشۇركىم ساڭا بۇ تاج ـ زەر.
ئول كىشىكىم بولسە، مەزكۇرى خۇدا،
بولغاي ئول ئىككى جەھاندا مۇقتەدا.
مەن كېزىپمەن خىدمەتىندە بەھرۇبەر،
تەبرەتىپ يەتكەي خەبەر ئاندا گۇزەر.

كەلدىم ئول شاھ رەسم ئادابىن بىلىپ،
ھەمرەھىم يوقكىم يەنە كۆرسەم بارىپ.
چۇن ھەۋەس باردۇر ماڭا ھەمراھ بولۇڭ،
مەھرەمى سۇلتانى ھەم دەرگاھ بولۇڭ.
تەرك قىل بۇ غەفلەتۇ بىزارنى،
سىدقى بىرلە ئىزدەڭ ئەمدى يارنى.
ئۆز مۇرادىڭ تەرك قىل بىگانە سەن،
بولماسە بىمەئنى، ئەي مۇلك كۆرگەسەن.
جان دەرىغ ئەتمەسەڭ ئول جانانەدىن،
تاپغاسەن لەززەتنى ئۇشبۇ جاندىن.
جاننى تەرك ئەت، كىرگىل ئۇشبۇ راھغە،
يول ئاچابەرگەي ئۇشۇل دەرگاھغە.
بەس ئەجەب سۇلتان ئېرۇر ئول بىخىلاف،
سەير ئېتەرگە مەنزىلىدۇر كۇھىقاف.
ئول ھەقىـقەت شاھ ئېرۇر با ئىتتىفاق،
ئول يەقىنۇ بىزگە، بىز ئاندىن يىراق.

× ×

يەتتى سىمۇرغ جۇملە قۇشلار ئۈزرە شاھ،
بەس ئەجەب سۇلتان ئېرۇر ئول پادىشاھ.
يۈزتۈمەنمىڭ پەردە باردۇر دەرمىيان،
زۇلمەتۇ ھەم نۇردىن باردۇر نىشان.
ئەۋۋەل ـ ئاخىر پادىشاھۇ مۇتلەق ئول،
ھەم كەمالۇ غەيرىدىن مۇستەغرەق ئول.
پادىشاھى مۇتلەق ئولدۇر تائەبەد،
يەتمەس ئانىڭ كۇنھىغە ئەقلۇ خىرەد.
فىكرىدىن ھەم ئەقل ھەم جان خىيرەدۇر،
ھەم كەمالۇ ۋەسفىغە كۆز تىيرەدۇر.
بىلمەدى ھېچكىم كەمالىنى ئانىڭ،
كۆرمەدى ھېچكىم جەمالىنى ئانىڭ.
چۇن ئىشىتتى بۇ جەمالۇ بۇ كەمال،
خەلقى ئانىڭ نەزدىدە مەستۇ خەيال.
ھىچ خەيالى بولماغاي بۇ ئاھنى،
ماھ سەن ـ سەن، نە بىلۇرسەن ماھنى.

سەن ساغىنما ئالەم ئىچرە بەھرۇ بەر،
ئانداغ ئىرسە باقماغىل ئۇل بىنەزەر.
شىرى مەردى كىرسە ئۇشبۇ راھغە،
تا سەلامەت يەتسە ئۇل دەرگاھغە.
مەن يۈرۈرمەن كۆرگىلۇ ھەيرانىزار،
گەھ كولۇپ، گەھ يىغلايۇ ئەبرۇ بەھار.
جاننى جانانغە تىگۈرگىل زىنھار،
جانغە جانان بولماسە نىگە يارار.
ئەر كەرەككىم، بىلسە ئۇشبۇ راھنى،
جان بېرىپ تاپسە ئوشۇل دەرگاھنى.
جاندىن ئىلىك يۇساڭ ئەي ئەھلى كەرەم،
بولغاسەن جەننەت ئىچىندە مۇھتەرەم.
جان بېرىپ جانانىنى قىلسە ئىختىيار،
قىلسە ھەم جانان ساڭا جاندىن نىسار.

× ×

باشلادى سىمۇرغ بىر كارى ئەجەب،
جىلۋە قىلدى چىنغە يەتتى نىم شەب.
بىر يولى چىن ئىچرە تۈشتى ئۇل زەمان،
شور - غەۋغا بىرلە تۇتتى بۇ جەھان.
كۆردى ئانىڭ نەقشىنى ئۇل ئەھلى چىن،
نەقـش بىرلە تولدى بۇ روىي زەمىن.
ھەر يۈكىدىن بولدى بۇ نەقشى نىگار،
«ئۇتلۇ بۇلئىلم» ① ئولدى ئاندىن ئاشكار.
ئۇشبۇ يۈكنىڭ نەقشى بولماسە ئەيان،
بولماس ئېردى ئۇشبۇ غەوغا دەرمىيان.
«ئۇتلۇ بۇلئىلم» ۋەفاسىدىن خەبەر،
ئۇل سەبەبدىن راستدۇر، ئەي بىخەبەر.
جۈملە مەسنۇئات ئانىڭكى فەررىدىن،
بۇ نەمۇنە نەقش ئانىڭ بىر موييىدىن.
بىلگىل، ئۇشبۇ نەقـشنىڭ پايانى يوق،
مۇندىن ئۆزگە سۆزلەمەك ئىمكانى يوق.

مەرد رەھ بولسە كىرىڭلار راھغە،
كۆز يۇمۇڭلار تەبرەلى دەرگاھغە.
جۈملە قۇشلار تاپتىلار بىر جايگاھ،
مۇنتەزىردۇرلار قىلۇر دەپ شاھ نىگاھ.
شاھ شەۋقىدە تەمامى بىقەرار،
بولدى، ئىرسە قالمادى سەبرۇ قەرار.
ھەركىمەكىم ئۆزىنى دۇشمەن تۇتار،
دوست ئولدۇر شاھ تەبئىندە يەرار.
كىردىلەر ئۇل يولغەكىم پايانى يوق،
بەئىزنىڭ ھەم بارغالى ئەھۋالى يوق.

× ×

كەلدى بۇلبۇل ئۇل زەمان شەيداۋۇ مەست،
يوق كەمالۇ ئىشقىدا ھېچ نىستۇ ھەست.
لەھن بىرلە يۈز تۈمەن ئاۋاز ئېتىپ،
سىررى مەئنىدە ئۆزىن دەمساز ئېتىپ.
نالەئى ئىشق ئىچرە ئۇردى نەئرەزەن،
نەغمەسىدىن يىغلار ئېردى ئەنجۇمەن.
ئەيدى خۇش ئەلھان قىلىپ داۋۇدۋار،
ئىشق زەبۇرىنى ئوقۇپ ئۇل زار - زار.
ئەيدى: «بۇ مېنىڭكى گۇفتارىم ئەمەس،
ئۇشبۇ زارىزار مېنىڭ زارىم ئەمەس.
خەتم بولدى مەندە بۇ ئەسرار ئىشـق،
كېچەلەر تىنماي قىلىپ تەكرار ئىشـق.
گۈلىستانلارغە خۇرۇش مەندىن ئېرۇر،
جۈملە ئاشقلارغە جۇش مەندىن ئېرۇر،
ئەيتاي ئەمدى ھەرزەمان رازى دىگەر،
ئىشقىن ئەيتىپ ھەردەم، ئاۋازى دىگەر.
ئىشق قىلادىلار ھەر زەمان جانىمغە شۇر،
داغ ئۆزە سالدى جانىمغە زەئى شۇر.
كىمكى بۇ زارىم ئىشىتتى بولدى مەست،
گەرچە ئۇل ھۇشيار ئېردى بولدى مەست.

① مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ «ئۇتلۇ بۇلئىلمۇ ۋەلەۋبىس سىن» يەنى: «ئىلىم - پەن چىندا بولسىمۇ ئىزدەڭلار» دېگەن سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاپمادىم مەھرەم چېكىپ ئۆمرۈدەراز،
ئەمدى مۇندىن ئەيماغايمەن ئۇشبۇ راز.
نېچۈك ئەيتاي دوست ۋەقتى نەۋبەھار،
بۇيى مۇشكىن خەلقى ئالەمغە نىسار.
ئەيمادىم مەئشۇقغە بۇ رازۇ دىلىم،
ھەل قىلالمادىم قەتىدا مۇشكىلىم.
مەئشۇقۇم ناگەھ ـ گەھ ناپەيدا بولۇر،
بۇلبۇلى مىسكىن نەچۈك گويا بولۇر.
نالەئى زارىمنى ھەركىم نە بىلۇر،
گۇل بىلۇر سىررىمنى، ھەر خەس نەبىلۇر.
مەنكى گۇل ئىشقىدا مۇستەغرەق بولۇپ،
ئۆز ۋۇجۇدۇم ھەجرىيۇ مۇتلەق بولۇپ.
گۇل غەمىدە ئۇشبۇ سەۋداسى ئېرۇر،
مەتلۇبى ئول گۇلكى رەئناسى ئېرۇر.
گۇلكى ناگەھ غۇنچەدىن زاھىر بولۇر،
بۇلبۇلى شەيدا كۆرۈپ، شاكىر بولۇر.
بولسە گۇلدىن بۇلبۇلى مىسكىن جۇدا،
لال بولۇپ قىلماغاي ھەرگىز نىدا.

× ×

ھۇد ھۇد ئەيدى: «بۇلبۇلۇ شەيداۋۇمەست،
سەن يىراق بۇ مەئنىدىن،ئەي بول ھەۋەست.»
گۇل ئېرۇر بەس، دىلكەشۇ ساھىبجەمال،
بىبەقادۇر ھەفتەدە بولۇر زەۋال.
ئول نىمەرسەكىم ئاڭا مەغرۇرى يار،
مەرد كامىل قىلماس ئېردى ئىختىيار.
خۇش كېلۇر بىر نەچچە كۈن گۇل خەندەسى،
بەرمە كۆڭۈل بولغاسەن گۇل خەندەسى.
قىلماغىل گۇل خەندەسىگە ئېئتىبار،
فىكر قىلغىل دەرمىياندۇر گۇلدا خار.

× ×

پادشاھى ئېردى بىر ئالىي گـوھەر،
بىر قىزى بار ئېردى ئانىڭ سىيمبەر.
ھۆسن ئىچىدە بەس، ئەجايىب بەركەمال،
لۇتفۇ خۇلق ئىچرەلە ئېردى بىمىسال.
خەلق كۆرسە ئېردىلار ئول ماھنى،
كۆتۈرۈر ئېردىلار فىغانۇ ئاھنى.
كۆردى بىر كۈن ئانى دەرۋىشى ئەسىر،
ئەيدى: «قاندىن چىقتى بۇ بەدرى مۇنىر؟»
كەردە ئىلكىندە ئالىپ ئول مەردكار،
كېلۇر ئېردى، كۆردى بىر زىيبا نىگار.
قالدى ھەيران، كەردە تۈشتى ئىلكىدىن،
بولدى بىھۇش ئول گەدايى مىسكىن.
كۆردى ئول ھالەتنى بۇ ماھى جەھان،
شىۋە بىرلە كۇلۇپ ئۆتتى ئول زەمان.
كۆرۈپ ئول مىسكىن ئانىڭكى كۇلگەنىن،
ئاھ ئۇرۇپ يەرگە چالۇر ئېردى ئۆزىن.
ئىشق ئانى قىلدى ئۇلدەم بىقەرار،
دەرد بىرلە يىغلار ئېردى زار ـ زار.
يادلانىپ ئول شاھىنىڭكى كۇلگەنىن،
ھەر زەمان يەرگە ئۇرار ئېردى باشىن.
يەتتە يىل ئۇشبۇ رىيازەتدە مۇدام،
سەرف قىلدى ئول ئەزىز ئۆمرىن تەمام.
ئاقىبەت بولدى بۇ قىسسە ئاشكار،
قىزنىڭ ئەھلىغە بۇ ئىشدىن كەلدى ئار.
ئۇشبۇ قىزنىڭ چاكەرۇ خادىملارى،
قەسدى قىلدى جۇملەئى مەھرەملارى.
ئۆلتۈرۈرگە جۇملەسى كۆز تىكتىلەر،
ئول گەدايى بىنەۋاغە يوق خەبەر.
قىز خەبەر ئىبەردى دەرۋىشكە رەۋان،
ئەيدىكىم: «كەلسۇن قاتىمغە بۇ زامان.»
كەلدى ئول سائەتدە بۇ دەرۋىش زار،
ئەيدى دەرۋىشكە ئۇشۇل زىيبا نىگار:
«مەن ساڭا جۇفت بولغالى يوقتۇر يەراغ،
بىھۇدە نېدۇر ساڭا بۇ دەردۇ داغ.
سەن مېنىڭ پەندىمنى ئالغىل بۇ زەمان،
ئۆلتۈرەدۇرلار سېنى بولغىل نەھان.»
دەرۋىش ئەيدى: «مەن سېنى سۆيدۇم، ئەي
جان،

مەن كېچېپدۇرمەن جانىمدىن بۇ زەمان.
يۈز تۈمەن بولسە مېنىڭدەك بىقەرار،
قىلسەلەر ئېردى بۇ يولدا جان نىسار.
ناگەهان ئۈلسەم بۇ يولدا نىسەۋاب،
بىر سوئالىم بار ئاڭا بەرگىل جەۋاب.
چۇن مەنى ئۈلتۈرەدۇرلار دايىمگان،
نە ئۈچۈن ئۇلدەم كۆلۈپ ئۈتتۈك رەۋان؟»
قىز ئايۇر: «كۆردۈم سېنى، سەن بەهۈنەر،
كۈلگەنىم ئاندىن ئېدى ئەي بىخەبەر.»
ئۇشبۇ سۆزنى ئىشتىپ بولدى رەۋان،
گۇيىيا هېچكىم يوق ئېردى بۇ زەمان.
ئۇمر هەم مۇنداق ئېرۇر بىل، ئەي ئەزىز،
دۇنيانى هەم ئانداغ ئوق قىلغىل تەمىز.

× ×

تۇتى ئاغزىدا ئالىپ [شىرىن] شەكەر،
سەبزەپوشۇ گەردەنىدە تەۋق زەر.
لۇتفىدىن هەردەم تۆكۈپ شەهدۇ شەكەر،
زىكر بىرلە مەشغۇل ئول شامۇ سەهەر.
ئەيدىكىم، هەربىر تۈكىدىن بىر نەفەس،
«چۇن ماڭا قىلدىلار ئاهىندىن قەفەس.
قالدىم ئول زىندان ئىچىندە خار-زار،
ئابى هەيۋان ئارزۇسىدىن ئىنتىزار.
قالدىم ئول زىنداندا ئەمدى چارە يوق،
ئىشق كويىدا مېنىڭدەك زار يوق.»
ئەيدىكىم: «هەردەم مېنىڭدەك بىقەرار،
هېچ ئاشىق يوق مېنىڭدەك زار-زار.
قۇشلارنىڭكى خىزرىمەن، مەن سەبزە پوش،
قىلغامەنكىم، ئەمدى ئابۇ خىزر نۇش.
كەزدىم ئول سەۋدايىلاردەك بۇ جەهان،
تاپغامەن دەپ ئابى هەيۋاندىن نىشان.
تاپسام ئېردى قەترەئى ئابى هەيات،
تاپغاي ئېردىم دەردۇ مېهنەتدىن نىجات.»
هۇد هۇد ئەيدى: «ئەي زىغەفلەت بىنىشان،
ئاشىق ئېرسەڭكىم قىلۇرسەن تەرك جان.
جاننى ئەل تەندە ئانىڭ ئۈچۈن تىلەر،
دوستىغە ئاندىن ۋەفا يەتكەيمۇ دەر.
دوستىغە سەندىن تەگمەسە زەررە سەۋاب،
خىزر سۈيىنى نېتەرسەن ئارزۇلاپ.
ئەي، نېتەرسەن جانىغە جانان بولماسە،
ئابى هەيۋاننى نېتەرسەن بولماسە.

× ×

بار ئىدى دىۋانەئى ئالىي مەقام،
خىزر ئاڭا ئەيدىكى: «ئەي مەردى تەمام.
سەن ئەيۇرسەن خىزر بول، مېنىڭ ئىشىم-
پۈتمەيۇر سېنىڭ بىلە مېنىڭ ئىشىم.
ئابى هەيۋان ئىچمەگىل مەقسۇد بار،
فىكرىڭ ئول دۇنيادا بولسە بەرقەرار.
مەن بارى هەردەم قىلۇرمەن تەرك جان،
چۇنكى جانانى بۇ سىردىن بۇ جەهان.
چۇن قىلۇرمەن دەمبەدەم جاندىن قەرار،
خوش بىرلە بولغامەن دەپ بەرقەرار.»

× ×

كەلدى ئاندىن سۇڭرە تاۋۇس زەر نىگار،
هەر قەناتىدا تۈمەنىمىڭ نەقشى بار.
جىلۋە بىرلە كەلدى ئول دەمساز ئېتىپ،
هەر قەناتى جىلۋەئى ئاغاز ئېتىپ.
ئەيدى: «چىن نەققاشى بولدى نەقىش بەس،
ئەهل چىنغەدۇر قەلەم ئەنگۇشت بەس.
گەرچە قۇشلار ئۈزرەمەن، مەن جىبرەئىل،
بىر خەتادىن مۇنفەئىلمەن مۇنچە بىل.
يار بولدى ئول زەمان بىر مار زىشت،
تابۇدەمگە كۆرمەدىم رويى بېهىشت.
جەننەتۇلمەئۋا ئىدى ئول مەنزىلىم،
بىر خەتادىن هېچ بولدى هاسىلىم.

www.uyghurkitap.com

ئەزم ئېتىپمەنكىم، نە قىلىسە رەھنەماي،
بارسام ئاندا قالىسە بۇ تارىك جاي.
مەن قىلۇرمەن كېچە - كۈندۈز ۋاي - ئاھ،
تاپىغامۇ دەپ گەرچە ئۇل جەنىنەتكە راھ.
نىيەتىم ئۇلدۇركى سۇلتانغە يېتەر،
بولماسە بارى بۇ دەرمانغە يېتەر.
ئەي، ماڭا سىمۇرغ قاچان پەرۋا ئېتەر،
لۇتفىدىن فىردەۋس ئەئلاغە يېتەر.
مەندە يوقتۇر ئۆزگە ھېچ فىكرۇدىگەر،
بەرسە جەنىنەتنى ماڭا يارۇدىگەر.»
ھۇد ھۇد ئەيدى: «بىخەبەرسەن راھدىن،
ئۆي تىلەسەڭ ئىزدەگىل ئۇل شاھدىن.
نەفس ئۆيىدۇر ئۇشبۇ خۇلد پۇرھەۋەس،
كۆڭۈل ئۆيى مەقسەد ئېردى سىدق بەس.
ھەزرەتى ئانىڭكى دەريايى ئەزىم،
قەترەئىدۇر ئۇشبۇ جەنناتۇننەئىم.
قەترەئىدۇركىم، يەنە دەريا بولۇر،
ھەرنەكىم دەريا بولۇر، سۇدا بولۇر.
كىمكى دەرياغە بارۇرغە يول تاپار،
شەبنەم ئۇچۇن نىكى بولۇر ئىنتىزار.
ئۇلكى خۇرشىد بىرلە قىلۇر مەئرىفەت،
زەررەگە ھەرگىز قىلۇرمۇ ئىلتىفەت.
ئۇلكى گۇلدۇر جۇزۋنى نىتەر تىلەپ،
ئۇلكى جاندۇر ئۇزۋنى نىتەر تىلەپ.
چۈنكى مەردى گۈل سەنۇ گۈل ئىزدەگىل،
كەل تەلەپ قىلغىلكى سەن گۈل ئىزدەگىل.

× ×

قىلدىكىم، شاگىرد ئۇستاددىن سوئال:
«قىلغىل، ئەي ئۇستاد، بۇ مۇشكىل نى ھال؟»
—«مۇشكىلى ئۇلدۇر بىلىڭ، مەردى خۇدا،
ئادەم ئۇچماقدىن نېگە بولدى جۇدا؟»
ئەيدى: «ئادەم ئېردى بەس ئالىي گۇھەر،
نېگە فىردەۋسدىن رەۋان قىلدى گۇزەر؟»
كەلدى ھاتىفدىن بىر ئاۋازى بەلەند:
«كىمكى بولسە ھەزرەتىمدىن بەھرەمەند.
غەيرىغە باغلاپ كۆڭۈل تاپماس ۋىسال،
لاجەرەم تەبىئىمدىن ئۇل بولغاي زەۋال.
كىمكى جانان ئىندەكىگە بولسە يار،
يىغلار ئادەم، يىغلاتۇركىم زار - زار.
جان كېرەك، جانان قاتىدا سەد ھەزار،
جانغە جانان بولماسە نېگە يەرار.
كۆڭنى چۈن ئىلتىتىكى ئۇل مەيداندىن،
غەيرەتى تەرك ئەتسە ئۇل شەيتاندىن.
راست ئالىغل كىمدۇر ئۇل ئاخىر ئەسەر،
ۋەسىق ھەق ئېردىكى مازاغۇلبەسەر.
ئەھلى جەننەت بولماسە ئۇل ئەھلى راز،
قىلۇر ئېردى ئۇل جىگەردىن ئېھتىراز.

× ×

بەت چىقىپ كەلدى ئۇشۇل سائەت سۇدىن،
ئۆزىن ئارتۇق كۆرەر ئېردى قۇشلاردىن.
ئەيدى: «ھېچكىم بەرمەدى مۇنداغ خەبەر،
ئىكى دۇنيا يوق مېنىڭدەك پاك تەر.
غۇسل ئېتەرمەن دەمبەدەم، ئەي ئەھلى راز،
سۇ ئۈزەسىدە سالۇرمەن جايىنەماز.
مەن بولۇرمەن سۇ ئىچىدە بەرقەرار،
ئۆزگە قۇشلار قىلماغاي بىردەم قەرار.
قۇشلانىڭكى زاھىدى مەن، پاك راھ،
مەنزىلىمنى كۆردۈڭىز پاكىزە جاھ.
ھەرنەكىم بار ئېردى ئالەمدە غەمىم،
بارچەدىن ئىلىك يۇدۇم ئەي ھەمدەمىم.
دائىما سۇ ئىچرە كۆچرۈپ روزگار،
مەن نېچۈك سىمۇرغنى كۆردۇم ئاشكار.
ئۇلكىم ئانى كۆيدۇرۇپ جانىن سۇفەر،
ئۇل قاچان قىلغاي بۇ دەريادىن گۇزەر.»
ھۇد ھۇد ئەيدى: «ئەي سۇ بىرلە مۇبتەلا،
ئۇشبۇ ئوق بولغايكى جانىڭغە بەلا.

سۇ ئىچىندە ئۈزۈقۇ ئىلتىپدۇر سىنى،
قەترە سۇنى ئىزدەپ ئۇل ئالتى سىنى.
يۈزى يۇغىسۇزلارغە دائىم سۇ كەرەك،
ئەيب ئەمەسمۇ ئەمدى سەن سۇ ئىزدەمەك.»

× ×

قىلدى بىر ۋەيرانەدىن مەردى سوئال:
«بۇ ئىكى ئالەمدەدۇر چەندىن خەيال.»
ئەيدىكىم: «ئىككى جەھان بالاۋۇ پەست،
قەترە سۇدۇر ئۇشبۇ بىلگىم، ھەستۇھەست.
بولسە ئەۋۋەل قەترە سۇدىن ئاشكار،
كۆر ئۇ شۇل قەترە سۇدىن، چەندىن نىگار.
ھەرنىگارى ئىردى ئانىڭ مىسلى ئاب،
گەرچە ئاھەن دۇر بولۇر ئاخىر خەراب.
ھىچنىمە بولماس تۆمۈردىن سەخت تەر،
كۆر ئانىڭ بۇنيادى سۇ بىرلە پۆتەر.
ھەرنەكىم، بۇنيادى سۇ بىرلە بولۇر،
گەرچە ئاھەنـدۇر ئانىڭ ئارىـق بولۇر.
ھەركىمە كۆرمەس بۇ سۆزدىن پايدار،
بولمادى سۇ بىرلە بۇنياد ئۇستىۋار.

× ×

كەبك ھەيران يەتتى ئۇلدەم كاردىن،
با خەبەر بول جۇملەئى ئەسراردىن.
كەلدى ئۇل سائەت ئىچىندە جۇش ئۇرۇپ،
كۆزلەرىدىن ئۇل زەمان قان بەلگۇرۇپ.
گەھ ئانىڭكى ئىلكىدە تىغۇ كەمەر،
گاھى تىغىنىڭ ۋەھمىدىن كۆترۇپ سىپەر.
ئەيدى: «مەن كىردىم ئۇشۇل كانى گۇھەر،
باغلانىپ بىلىمگە بۇ تىغۇ كەمەر.
سەڭگىيەپ ئاش بولدى ئاخىر دەرمىيان،
ئۇل سەبەبدىن مەن مۇئەتتەل بۇ زەمان.
تاغ ئىچىندە كۆچۈرۇرمەن روزگار،
ناقەنى شىددەتدە قىلدىم ئىختىيار.
قويمايۇرمەن بۇ زەمان تىغۇ سىپەر،
يا ئۆلەيىن يا ئالايىن دەپ گۇھەر.
مەن قەچان تاپغايمەن ئۇل سىمۇرغقە راھ،
مەن زەئىفۇ ناتەۋان ئۇل پادشاھ.
تاغ ئاراسىدا يۈرۈرمەن ئىنتىزار،
گەۋھەرىنى تاپغامەن دەپ ئاشكار».
ھۇد ھۇد ئەيدى: «گەرچە تاپتىڭ مۇنچە رەڭ،
نەچچە ئەيدىڭ بىزگە ئاخىر ئۆزر لەڭ.
پاي مىنقارىڭ بۇ قان نا كۇرەدەر،
تاش ئاراسىدا يۈرۈرسەن بىگۇھەر.
رەڭگىدىن ئايرىلسە گۇھەر سەڭگ ئىرۇر،
قىيمەتىن ئارتۇرغان ئانىڭ رەڭگ ئىرۇر.
ئۇلكى ئاندا يوقتۇرۇر بۇ رەڭگۇ بوي،
گەۋھەرى ئىرمەس ئىرۇر ئۇل نىكخوي.
كىمكى بويى تاپتى ئۇل رەڭ ئىزدەمەس،
چۇنكى مەردى گەۋھەرى سەڭ ئىزدەمەس.
جۇملە گەۋھەرلەرنىڭ ئىردى سەرۋەرى،
ئۇ سۇلەيمان ئىلكىدە ئەڭگۈشتەرى.
ئۇل يۈزۈككە ئىردى مۇنچە نامى نەڭ،
ئىردى ئانىڭ ئاغزىدا نىم دۇرر نەڭ.
ئۇل گۇھەر بولدى سۇلەيمانغە نىگىن،
ئەمرى ئالتىن بولدى بۇ رۇيى زەمىن.
كۆر بۇ مۇنچە مەملەكەت بۇ كار بار،
ئۇل يۈزۈكدىن بولمىش ئىردى ئابدار.
بولدى ئۇل سائەت سۇلەيمان ئاشكار،
كۆردى ئۇشبۇ مۇلكدە يوق ئىئتىبار.
ئۇل يۈزۈك بىرلە سۇلەيمان ئىردى شاھ،
ئۇل يۈزۈك ئۇق بولدى ئاخىر بەندى راھ.
سەلتەنەتنى كۆردىكىم [illegible] پايدار،
قىلدى ئۇل زەنبەل ئۆرەرنى ئىختىيار.
سەلتەنەتنى سۆيگەن ئۇچۇن نامۋەر،
بەش يۈز يىلدىن سوڭ ئۇچماقغە كىرەر.

سەلتەنەت بولدى ئاڭا بىل بەند راھ،
ئەنبىيادىن سۈكرە تابغاي ئىززۇ جاھ.

× ×

كەلدى ئۇل سائەت ھۇمايى سايە بەخش،
ھالى ئاندىك جۇملەگە سەرمايە بەخش.
ھىممەت ئىچرە جۇملە قۇشلاردىن بەلەند،
ئۇل ھەقىقەت ئالەمىندە بەھرەمەند.
ئەيدى: «ئەي پەررەندە گانى بەھرۇ بەر،
مەن قىلىپمەن نەفس ئىلكىدىن گۇزەر.
چۈنكى قىلدىم ئىرسە ئۇزلەت ئىختىيار،
ھىممەتىم ئالەمدە بولدى ئاشكار.
خار قىلدىم ئىرسە نەفسنى لاجەرەم،
تاپتى مەندىن ھۇرمەت ئەفرىدۇن ھەم.
جۇملە شاھغە پەرۋەرىش مەندىن يېتەر،
ھەرگەدا بولماس بۇ سىردىن باخەبەر.
بەس، ئەجەب دۇشمەن ئىرۇر بۇ نەفس زار،
قىلدىم ئىرسە قوي سۈڭەكنى ئىختىيار.
بەس، زەبۇن ئىردى ئاندىك ئىلكىدە جان،
قوي سۈڭەك بىرلە ئاڭا بەردىم ئەمان.
نې ئۈچۈن تاپتى بۇ ھىممەتنى ھۇماي،
جۇملە قۇشلارغە چۇ بولدى رەھنەماي.
بەس، قۇرۇغ سۈڭەكنى قىلدى روز - گۇزەر،
ھىچ جانۋەر كۆرمەدى ئاندىن زەرەر.
ئۇل سەبەبدىن تاپتى ئۇشبۇ ئىززۇجاھ،
جۇملە قۇشلار ئۈزرە بولدى پادىشاھ.
ھەزرەتىدىن ھىچ كىشىگە يوق گۇزەر،
سايەسىدىن زەررەئى تەگسە يېتەر.
بولمادىم سىمۇرغ سەركەش يارمەن،
سەن ئىرۇر خۇسرەۋ نىشانى كارمەن.

× ×

ھۇد ھۇد ئەيدى: «شەرم تۇتغىل ئەي ھۇماي،
سىېنى قۇشلار ئەيتادۇرلار خۇد نەماي.
ئۈز - ئۈزۈڭنى خەلقغە بىلدۇرمەگىل،
كۆپ ھەمە سايەڭغە مەغرۇر بولماغىل.
يوقتۇرۇركىم مەن قولۇڭغە بىر نىشان،
ئىت كەبى دايىم كەمۇرسەن ئۇستىخان.
ئۇل سۈڭەكدىن ئەيلەسەڭ دانايى كار،
بولغاسەن شاھلىقغە ئاندىن سازۋار.
مەن بىلۇرمەنكىم، كى جەمێ خۇسرەۋان،
بولدىلار سايەڭ تېگىپ شاھى جەھان.
بولدىلار لېكىن تەمۇغى پادىشاھ،
ھەر بىرى ئۈز شەھلىقىغە مۇبتەلا.
كۆلالىك تەگمەسە ئىردى شەھرىيار،
ئاخىرەتدە بولماس ئىردى خار - زار.»
پاك راھى ئىردى بىر ئالىي مەقام،
كۆردى مەھمۇدنى تۈشىدە ئۇل ئىمام.
سوردى: «ئەي سۇلتانى نىكۇ روزگار،
قايسى ئىشدا سەن ئىدىڭ دانايى كار.»
مەھمۇد ئەيدى: «سورمە ئەي مەردى سەلىم،
بەس، ئەجەب دىشۋار ئىرۇر بۇ ئەھۋەلىم.
مەن قىلىپمەن جۇملە ئىشلارىم غەلەت،
ئۇل بەلا ئىردى قەچانكىم سەلتەنەت.
ئۇل ھەقىقەت شاھ ئىرۇركىم بىرۇبار،
ئۇل ئىرۇر بۇ سەلتەنەتغە سازۋار.
قالدىم ئەمدى ئاجىزۇ ھەيران بولۇپ،
شەرم تۇتارمەن ئۇشبۇ ھالىمنى كۆرۈپ.
كاشكى، زىندانىدا قالسام سالۇ ماھ،
تارتماغاي ئىردىم بۇ يەڭلىغ دەردۇ ئاھ.
قۇرۇپ ئۈلسە خوب ئىكەن كۆر ئۇل ھۇماي،
سايەسىدە ئۇل ماڭا بەرگۈنچە جاي.»

× ×

جەمێ روزى باز كەلدى سەرفەراز،
سىرى مەئىنىدىن بولۇپ ئۇل بۇردە باز.
ئەيدى: «سەرگەردان يۈرۈرمەن قان يۇتۇپ،
شاھ ئىلكىدە قۇنارغە كۆز تۇتۇپ.

www.uyghurkitap.com

مەن نىقاب تارتىپ يۈرۈرمەن ئىنتىزار،
شاھ قاتىدا بولغامەن دەپ ئېئتىبار.
ئىلتىسەلەر كۆزۈم تىكىپ شەھ تەبىئگە،
ئەي رىيازەتكەش تەيۇ باقغاي ماڭا.»
ھۇد ھۇد ئەيدى: «ئەي گىرىفتارى مەجاز،
نە ھەقىقەت بارسەندە نە مەجاز.
قايسى بىر سۇلتان ئاڭا ھەمتا بولۇر،
سەلتەنەت نېچۇك ئاڭا زىيبا بولۇر.
سەلتەنەت سىمۇرغقە ئېرۇر سازۋار،
تەگتۇشى يوق سەلتەنەتكە ئول يارار.
شاھ ئولدۇر ئاڭا ھەمتا بولماسە،
ھېچ ئانىڭ بىرلە مۇسەۋۋا بولماسە.
دۇنيا شاھى ھەرنېچە قىلسە ۋەفا،
ئاقىبەت ئاندىن تېگەر جەۋرۇ جەفا.
كىمكى بولسە دۇنيا شاھىغە يېقىن،
خالى بولماس بىر زەمان ئول قايغۇدىن.
كۆپ قىلۇر ئول دايىما شەھدىن ھەزەر،
پاك ئانىڭ جانىغەدۇر خەۋفۇخەتەر.
دۇنيا شاھى فىل مەسەل ئاتەش ئېرۇر،
كىم يىراقدۇر ھالى ئانىڭ خوش ئېرۇر.
دەست بەرسە سەن ئۇلاردىن بول يىراق،
بۇ ھەقىقەت سۆز ئېرۇر بىل ئىتتىفاق.

× ×

پادىشاھى ئېردى بىر ئالىي گۆھەر،
مەئشۇقى ئېردى غۇلامى سىيمبەر.
شاھ قەتىدىن غايىب ئولسە بىر زەمان،
تۇرماس ئېردى يىغلاپ ئول شاھى جەھان.
ئارتۇق ئاسرار ئېردى ئانى بارچەدىن،
بىر زەمان ئايرىلماس ئېردى تىغىدىن.
ئول يىگىتنىڭ باشىدا ئالمە قويۇپ —
ئوق ئاتار ئېردىكى يەكسان ئولتۇرۇپ.
ئالمەنى ئۇرۇپ ئوشۇل ئالىي گۆھەر،
باشىغە يەتكۈرمەس ئېردى ھېچ زەرەر.
ئالمەغە ھەرگەھكى سۇلتان ئاتسە تىير،
بولۇر ئېردى چېھرەسى ئەينى زەرىر.
ئول يىگىتدىن سوردى مەردى بىخەبەر:
«نى ئۈچۈن گۈلدەك چىرايىڭ ئەين زەر؟»
ئول يىگىت ئەيدىكى: «مەردى بىخەبەر،
پاك مېنىڭ جانىمغەدۇر خەۋفۇ خەتەر.
شاھكىم، ئالمەنى باشىمغە قويار،
ئوق ئاتار، قورقۇنجىدىن جانىم سىزار.
ئالمەغە تەگسە بۇ ئوقنىڭ شىددەتى،
بارچە ئەيتۇرلاركى شەھنىڭ دەۋلەتى.
مەن بۇ ئىككى غەمگە بولدۇم مۇبتەلا،
بۇ يەقىنلىق بولدى جانىمغە بەلا.»

× ×

كەلدى ئول سائەتدە بۇ تىمار پىش،
ئەرز قىلدى ئولزەمان ئەھۋال خىش.
ئەيدىكىم: «دەريا قەتىدا مەنزىلىم،
يوق رىيازەتدىن كى ئۆزگە ھاسىلىم.
دەريا قىرغىندا يۈرۈرمەن بەھرەمەند،
دايىما غەمكىن ھالىمغە مۇستەمەند.
دايىما دەريا سۈيىنى ئارزۇلاپ،
تاتمايۇرمەن دەريادىن بىر قەترە ئاب.
ئەھلى دەريادىن ئەمەسمەن، ئەي ئەجەب،
دەريا قىرغىندا يۈرۈرسەن تەشنەلەب.
گەرچە دەريادىن كېلۇر يۈزمىڭ خۇرۇش،
زەھرە يوقتۇر قىلغالى بىر قەترە نۇش.
ئىچكەلى كۆڭلۇم قىلادۇر ئىزتىراب،
قورقادۇرمەنكىم، بولۇر بىر قەترە ئاب.
ئولكى بولسە ئاڭا بىر قەترە ئەجەل،
ئول نېچۇك بولغايكى سىمۇرغقە بەدەل.»
ھۇد ھۇد ئەيدى: «ئەي زىدەر يايى خەبەر،
كۆپ بۇ دەريادا نەھەڭۇ جانۋەر.
مۇنقەلىب ئېرۇركى نا پايەندە ھەم،
گەھ رەۋەندە گاھ باز ئايەندە ھەم.

www.uyghurkitap.com

كىمەسىز دەرياغە كىرمە دەردناك،
كىرسە ناگەھ لاجەرەم بولغاي ھەلاك.
كىم بۇ دەريادا قىلۇر بولسە سەناھ،
جان غەمىدە بولسەكىم، قىلغاي نىگاھ.
ناگەھان مەۋج ئۇرسەلەر دەريا قەھرناك،
يۈز تۈمەنمىڭ دەرد ئىلە بولغاي ھەلاك.
ھېچكىم قىلماس ئۇمىد ئاندىن ۋەفا،
بىۋەفاغە سەن كۆڭۈلنى باغلاما.
ئۆز-ئۆزىدىن تاپمادى بىر كامى دىل،
تاپماغايسەن ئاندىن ئول ئارامى دىل.
جۇملە دەريا، چەشمە ئانىڭ جويىدىن،
بولمە قانىئ سەن ئانىڭكى بۇيىدىن.»

× ×

بىر ئەرى ئېردى ئەجايىب زۇفۇنۇن،
ئەيدى دەرياغە: «نېگە سەن نىلگۇن؟
نې ئۈچۈن كەيدىڭ لىباسى تەئزىيەت،
ئاتەشىڭ يوق جۇش ئۇرارسەن بۇ سىفەت؟»
ئەيدى دەريا بۇ كىمەرسەگە جەۋاب:
«يار شەۋقىندە قىلۇرمەن ئىزتىراب.
دەرمىيان ئۈچۈن نەھەڭ بەد ئەھد شەرت،
كىيدىم ئاخىر بۇ لىباسى تەئزىيەت.
ئولتۇرۇپمەن دوست غەمىدە مۇزتەرەب،
ئىشق ئوتىدا كۆيەدۇرمەن روز-شەب.
تاپماسام مەن ئابى كەۋسەردىن نىشان،
زىندە بولسام ئىشكىدە جاۋىدان.
گىريە مەندىن ئۇشبۇ يولدا سەد ھەزار،
تەشنەلەب ئولدىلار ئاخىر خار-زار.»

× ×

سۇفى كەلدى مەست چۇن ۋەيرانەئى،
ئەيدىكىم: «مەن ساقلارەم ۋەيرانەئى.»
ئەيدىكىم: «ۋەيرانە ئىچرە زارمەن،
ھەمراھتىم يوق دايىما بىيارمەن.
گەرچە بۇ باغۇ سەرار مەئمۇر ئېرۇر،
ئاقىبەت ۋەيرانەلەر مەشھۇر ئېرۇر.
كىمكى جەمئىيەتدە ئولتۇرماق تىلەر،
لاجەرەم ۋەيرانەدىن قىلغاي گۇزەر.
تارتادۇرمەن بۇ خەراب ئىچىندە رەنج،
تا مۇيەسسەر بولغايۇ ۋەيرانە گەنج.
ئىشق ماڭا ۋەيرانەدە كۆرسەتتى يول،
گەنج كېرەك ۋەيرانەنى قىلغاي قەبۇل.
كىم ئېرۇر سىمۇرغ ئەئزەم پادىشاھ،
تاپمايۇرمەن مەن گەدا تەبئىندە راھ.
ئېرمەس ئۈچۈن ئىشقىدا مەردانەۋار،
ئىشق گەنجىن ئىزدەيۇرمەن ئىنتىزار.»

× ×

ھۇد ھۇد ئەيدى: گەرچە تاپتىڭ مالۇ گەنج،
فىكر قىلساڭ ئاقىبەت ئول دەردۇ رەنج.
ئالدى ئېرسە يۈزتۈمەن تۇرلۇك ھۇنەر،
ئاقىبەت قىلماق كېرەك ئاندىن گۇزەر.
ئىشق گەنجىن ئىشقى زەر كافىر ئېرۇر،
كىمكى ئانى بۇت ئېتەر كافىر ئېرۇر.
بولماغىلكى، ئىشقى زەر قىلسە خەلەل،
روز مەھشەر سۇرەتى بولغاي بەدەل.

× ×

ھۇققەزەر تاپتىيۇ مەردى بىخەبەر،
ئۆلدى ئاخىر قالدى ئۇشبۇ ھۇققە زەر.
نەچچە يىلدىن سوڭ تۇشەپ ئوغلى ئانى،
ئەلگە ئەيتۇر ئول ئاتاسى ھالىنى:
«سۇرەتى سەچقان بولۇپ كەلدى ئاتام،
كۆزلەرىدىن قان ئاقىپ تىنماي مۇدام.
كەلدى ئول مەۋزىئ كى ئاندا ئېردى زەر،
سۇرەتى-سەچقان قىلۇر ئېردى نەزەر.»

ئەيدى: «نېگە تەغبىر ئۇلدى سۇرەتىڭ؟
بۇرنا مۇنداغ ئېرمەس ئېردى سىرەتىڭ.»
ئەيدى: «ئوغلۇم تەرك قىل بۇ سىيم-زەر،
مېنى سەچقان قىلدى ئۇشبۇ ھېرسى زەر.
سىيم-زەرنى خەرج ئۇچۇن بەردى ئىلاھ،
بەرمەدىم يىغدىم ماڭا قىلدى جەفاھ.»

× ×

كەلدى سوفى غەمكىنۇ بىچارەۋار،
ئۇت تۇتاشىپ جانىغە بەس، بېقەرار.
ئەيدى: «مەندەك ئاجىزۇ پۇر تۇت يوق،
جانغە تەگرۇ قۇۋۋەتۇ ھەم قۇت يوق.
بىسەرۇ سامان ئەجەب دىشۋار ھال،
مەن نېچۇك كۆرگەيمەن ئاخىر ئۇل ۋىسال.
كۆرگەلى سىمۇرغ ئەئزەم شاھنى،
تاقەتىم يوق كەچكەلى دەرگاھنى.
يۇز كېتۇردۇم مەن ئۇشۇل دەرگاھغە،
يا ئۆلەيىن يا كىرەيىن راھغە.
چاھدا يۇسۇفنى تىلەرمەن روز-شەب،
ئىگە بولغايمەن بەھۇكم دەر تەلەب.
مەن چىقارسام يۇسۇفۇمنى چاھدىن،
مەقسۇدۇم تاپغايمەن ئۇل دەرگاھدىن.»
بولدى چۇن يەئقۇب يۇسۇفدىن جۇدا،
بىبەسەر بولدى قىلىپ ھەردەم نەدا.
كۆزلەرىدىن قان تۆكۈپ بىچارە ۋار،
يۇسۇفۇم دەپ يىغلار ئېردى زار-زار.
يەتتى ھەزرەتدىن ئۇشۇلدەم جىبرەئىل،
ئەيدى: «يەئقۇب زىكر يۇسۇف قىلماغىل.
يارلىغ ئۇلدۇر زىكر قىلساڭ بەئدەزىن،
مەھۋ ئېتەرمەن ئەنبىيالار جەمئىدىن.»
ھۇكم ئىشتتى ئېرسە يەئقۇب دايىمىن،
ئاغزىغە ئالمادى يۇسۇفنىڭ ئاتىن.
گەرچە يۇسۇفنىڭ فىراقى قىلدى زار،
قورقتى يۇسۇف دېگەلى ئۇل پىرى كار.
بىر كېچە يۇسۇفنى كۆردى ئۇيقۇدا،
تىلەدىكىم، كەل يەتۇقلىسە نىدا.
يادىغە كەلدى ئۇشۇل فەرمانى ھەق،
سەبىر قىلدى، ئۇرمادى ئۆزگە سەبەق.
تاقەتى قالمادى ئۇل يەئقۇب پاك،
ئۇردى بىر ئاھى ئەجايىب دەردناك.
سەسكەنىپ ئويغاندى پەيدايى جەھان،
جىبرەئىل ئىمىن تىلەدى ئۇل زەمان.
ئەيدى: «ئەي يەئقۇب ساڭا ئېردى ئىلاھ،
مەقسۇدۇڭ نې ئېردىكىم، ئۇردۇڭ بىر ئاھ.
ئۇشبۇ ئاھىڭ يۇسۇف ئېردىيۇ زەمىر،
سىنمادىمۇ كۆڭلۇڭ ئەي شەمئى كەبىر.
ئەقل بىرلە ئۇشبۇ ئىش سەۋدا قىلۇر،
ئىشق دەئۋاسىن ئاڭا پەيدا بىلۇر.»

× ×

جەمئ بولدى جۇملە قۇشلار سەربەسەر،
ئۇزر ئەيتتى جۇملەسى، ئەي بىخەبەر.
ھەر بىرى ئۆزجەھەتىدىن ئۇزر ئەيدىلەر،
ھەر بىرى ئۆز ئۇزرىغە ئۇزر ئەيدىلەر.
بىر-بىر ئەيتامىزكى، بىر كۇن ئۇزر باز،
سەن ئانى مەئزۇر تۇت بولغاي دەراز.
ھەر كىشى ئۇزر ئەيدى ئاخىر ئۇزر لەڭ،
ئۇل نېچۇك قىلغۇسى ئەنقا بىرلە جەڭ.
جانغە ئەنقا بىرلە تۇشسە ئۇشبۇ كار،
ھالىدىن كەچمەك كەرەك مەردانەۋار.
قايسى قۇشكىم، چېھرەسىدە يوق نەۋا،
ئۇل قەچان سىمۇرغقە بولغاي ئاشنا.
چۇنكى يوقتۇر چېھرەسىدە دانەئى،
بولماغاي سىمۇرغ بىلە ھەمخانەئى.
چۇنكى سەندە يوقتۇر زەررە پىچۇ تاب،
سەن نېچۇك تاپغايسە گەنجى ئافتاب.
چۇنكى بولدۇڭ قەترەئى ئاجىز زار،
نېچۇك ئەتكەيسەن بۇ دەريادىن گۇزار.

www.uyghurkitap.com

قىلغاسەن ئەمدى بۇ دەريادىن ھەزەر،
سەندە يوقتۇر تاقەتۇ تىغرۇ سىپەر.
زەررەئى بۇ دۇرد ئەمەس بۇ رەڭگۇ بۇي،
لايىق ئېرمەس سەندە بۇ ناشەستەروي.

× ×

بىلدى ئېرسە جۇملە قۇشلار ئۇشبۇ ھال،
قىلدىلار ئولدەمدە ھۇد ھۇددىن سوئال:
«ئەيكى، بولدۇڭ بارچەمىزنىڭ رەھبەرى،
خەتم قىلدىڭ بۇ مەئانى دەفتەرى.
بىز ئېرۇرمىز بەس، زەئىفۇ ناتەۋان،
نە بىلىڭ، بار بىزدە بۇ نە ئەقلۇ جان.
بىز نېچۈك تاپغايمىز ئول سىمۇرغقە راھ،
بىز زەئىفۇ ناتەۋان، ئول پادشاھ.
ئول سۇلەيمان، بىز زەئىف مۇرى گەدا،
بىز نېچۈك ھەمراھ بولغايمىز ئاڭا!؟
ھەر گەداغە سەلتەنەت ئاندىن تېگەر.
بىز نېچۈك بولغايمىز ئاندىن بەھرەۋەر.

× ×

ھۇد ھۇد ئەيدى قۇشلارغە: «بىھاسىلان،
قابىلۇ دەركا ئەمەسسىز بىيدەلان.
ئۇشبۇ يولدا ئاشىقۇ سادىق كېرەك،
ئىشق دەئۋا قىلغالى لايىق كېرەك.»
ئالتى سىمۇرغ ئول زەمان يۈزدىن نىقاب،
زاھىر ئولغاي ئاندا چۈن بۇ ئافتاب.
جۇملە ئانىڭ سايەسىدە سەد ھەزار-
كۆز تۇتۇپ قورقۇپ يۈرۈرلەر ئىنتىزار.
بىلمەدىڭ ئېرسە بول ئەمدى ھۇشيار،
بىلدىڭ ئېرسە، قىلمە سىرنى ئاشكار.
سەن ماڭا پىتكىل ئەگەر بىلسەڭ نەخۇست،
گەر ئاتدا نىسبەتى قىلدىڭ دۇرۇست.
ھەركىم ئانى بىلسە مۇستەغرەق بولۇر،
١

ھاشە لىللاھ، ھەرنە ئىسە ھەق بولۇر.
بولماسە سىمۇرغ ئەئزەم ئاشكار،
بولماغاي ئېردى ھەممىشە سايەدار.
كۆرگىل ئول سىمۇرغ ئەگەر بولسە نىھان
سايەلەر پۈر بولغاي ئېردى دەرجەھان.
ھەرنەكىم مۇندا ئىسە پەيدا بولۇر،
ئول نېمەرسە ئاشكار ئاندا بولۇر.
باتىنىڭنى سەيقەل ئۇر ئايىنەۋار،
بەئىدەزىن كۆرگەيسەن ئول دىيدارى يار.
چۈنكى يوقتۇر دىيدەئى سىمۇرغدىن،
سەن نېچۈك كۆرگەيسەن ئانىڭكى يۈزىن.
بۇ كۆڭۈل ئايىنەسىغە سەيقەل ئۇر،
ئاندىن ئول ئايىنەدە كۆرگەيسەن نۇر.

× ×

پادشاھى ئېردى بىر ساھىبجەمال،
ھۇسن خەلقى ئىچرە ئېردى بىمىسال.
سۇبھى سادىق خىيرە ئېردى يۈزىدىن،
رۇھ قۇدسى تىيرە ئېردى بۇيىدىن.
ئالەمى گۇمراھ ئانىڭ غەۋغاسىدىن،
ۋالەۋۇ شەيدا ئانىڭ سەۋداسىدىن.
تارتىپ ئېردى شاھ يۈزىگە نىقاب،
مۇنفەئىل ئېردى يۈزىدىن ئافتاب.
كىمكى ئول بۇرقەئ سارى قىلسە نىگاھ،
ئۆلتۈرۈر ئېردى ئانى ئول پادىشاھ.
تىلداكىم ئانىڭ ئاتىن قىلسە رەۋان،
كەستۈرۈر ئېردى تىلىنى ئول زەمان.
كىم يۈزىنى كۆرسە ئانىڭ ئاشكار،
جانىدىن ھەم كەچكەي ئېردى ئول مەھال.
خەلق ئانىڭ يولىدا ئۆلدىلەر تەمام،
بەس، فانىغە كەلدى جۇملە خاسۇ ئام.
ئايىنە فەرمانلادى ئول پادشاھ،
تا ئوشۇل ئايىنەگە قىلسە نىگاھ.
شاھ ئىمارەت قىلدى بىر قەسرى بەلەند.

مەقسۇدى ئۇل ئەلگە ئېردى بولسە بەند.
شەھ باقار ئېردى ئۇشۇل ئايىنەگە،
ئەل چىقار ئېردى ئۇشۇل نەززارەگە.
سەن كۆڭۈلنى قىل ئۇشۇل ئايىنەۋار،
چۇن كۆرەي دېسەڭ ئەيان دىيدارى يار.
باتىنىڭنى سەيقەل ئۇر كۆرگۈز جەمال،
ھەم جەمالۇ ھەم كەمالۇ ھەم خەيال.
مۇتلەق ئۇل شاھ مەنزەرىدۇر بۇ كۆڭۈل،
بۇ كۆڭۈل ئايىنەسىنى كۆرگەي ئۇل.
ھەم لىباسىڭىم ئۇشۇل سەھراۋۇ يار،
سايەئى سىمۇرغ ئېرۇر ئۇل ئاشكار.
تاكى ئۇل سىمۇرغدىن بولماس جۇدا،
گەر جۇدا بولۇر دېسەڭ بولماس جۇدا.
ھەر بىرى بىرلە ئېرۇرلار راز جوي،
كەچكىل ئۇشبۇ سايەدىن ئەي راز گوي.
سەن ئۆزۈڭنى قۇتقار ئۇشبۇ سايەدىن،
خىزر ئالغايسەن ئۇشۇل سەرمايەدىن.
هاسىل ئۇلسە تاكى ئۇشبۇ فەتھ باب،
پەردە ئىچرەلەر كۆرەرسەن ئافتاب.
سايەنى كۆندىن ياۋۇق كۆرسەڭ تەمام،
كۆننى رەۋشەن قىلمىش ئۇل بولغاي مۇدام.

× ×

ئېردى ئۇل ئىسكەندەرى ساھىب نەزەر،
ھەر تەرەفگە يۆرۆر ئېردى ئەلچىلەر.
ئەلچىلەر تونىن كىيىپ شاھى جەھان،
ھەر ۋىلايەتغە بارۇر ئېردى نىھان.
قايدا يۆرسە ئەيتىپ ئىسكەندەر سۆزىن،
ھېچ كىشىگە ئۆزىنى بىلدۇرمەيىن.
ھەر ۋىلايەتغە تەمام ئۆزى يۆرۆپ،
گاھى تىل ئالىپ، گەھى تىل بىلدۆرۆپ.
قايدا يۆرسە بىلۇر ئېردى ھەر كىشى،
ئەيتۇر ئىدىلار ئانى رۇم ئەلچىسى.
جۇملە شاھغە سۆزلەتىپ تاڭسۇق سۆزىن،
ياخشى سۆز بىرلە ئاغىرلاتىپ ئۆزىن.
ئۆزنى ئىسكەندەر تەيۇ دەر ئېردىلار،
ھېچ كىشى ئۇل سۆزگە پىتمەس ئېردىلار.
يول ئاچۇقدۇر بارغالى ئۇل شاھغە،
يول قاچان بولغاي ۋەلىّ گۇمراھغە.
ھۇجرە تاشىن گەرچە شاھ بىگانەدۇر،
غەم يېمەڭكىم، ھۇجرەدە ھەمخانەدۇر.
قىلساڭ ئۇل پىرۇ جەۋاندىن سىر نىھان،
ساقلاغىلكىم، جان ئىچىدە دەرمىيان.

× ×

شەيخ سەنئان ئېردى بەس، بۇزۇرگۋار،
ئەۋلىيالار زۇمرەسىدە نامدار.
بۇزۇرگ ئېردى كەئبەدە پەنجاھ سال،
تۆرتيۈز ئەسھابى ئەجەب ساھىب كەمال.
ھەر مۇرىدى ئىدىلەر مەردى ئەجەب،
تارتار ئېردىلار رىيازەت روز-شەب.
ھەم ئەمەل، ھەم ئىلم ئىچىندە مۇئتەبەر،
ھەم ئەمەل، ھەم كەشف ئىچىندە راھبەر.
قىلمىش ئېردى قىرىق-ئەللىك ھەج گۇزار،
ئۇمرىنىڭ ئۇمرىندا ئۇل شەيخ كىبار.
كېچەلەر دائىم قىلۇر ئېردى قىيام،
سايىمۇددەھر ئېردى ئۇل ئالىي مەقام.
كىمكى بولسە مەجرۇھۇ بىمارە سۇست،
بولۇر ئېردىلار دەمىدە تەندۇرۇست.
بىر كېچە تۈش كۆردى ئۇل شەيخى جەھان،
بۇتغە سەجدە قىلۇر ئېردى ئۇل زەمان.
بۇتغە سەجدە قىلدى ئۇل رۇمغە بارىپ،
شەيخ غەمكىن بولدى ئۇلدەم ئويغانىپ.
شەيخ ئەيتتى: «تەرك قىلسام جانىنى،
ياخشىراقدۇر بەرگىچە ئىمانىنى.»
ئەيدى ئەسھابىغە ئۇل شەيخى جەھان:
«رۇم ئېلىگە ئەزم ئېتەلى بۇ جەھان.
بىلالى نېدۇر بۇ تۈشنىڭ تەئبىرىن،

www.uyghurkitap.com

بۇ نە مۇشكىل ئىش ئېرۇر، بولسۇن يەقىن.»
تەبرەدى تۆرت يۈز مۇرىدىن مۇئتەبەر،
باردىلار رۇمغە ئالالى دەپ خەبەر.
كىردى رۇم شەھرىگە ئۇل دانايى كار،
كۆردى بىر قەسر بەلەندۇ زەر نىگار.
كۆردى بىر تەرسا قىزىنى ماھروي،
ئولتۇرۇر تەخت ئۈزرە زۇلفى مۇشكبۇي.
شەيخ ئاڭا باقتىيۇ ھەيران قالدى زار،
ۋالەئى شەيداۋۇ مەستۇ بىقەرار.
شەيخنى مۇنداغ كۆرۈپ ئۇل ماھروي،
بۇرقەئ ئالدى ئۇلزەمان كۆرگۈزدى روي.
ئوت تۇتاشتى شەيخنىڭكى جانىغە،
باقتى قالدى ئۇل پەرى روھانىغە.
زەررەفىكرى قالمادى بۇ جانىدىن،
ئىلمۇ زۇھدۇ تائەتۇ ئىمانىدىن.
قىلدى شەيخ تەرسا يولىنى ئىختىيار،
كەچتى ئىماندىن ئۇشۇل شەيخ كىبار.
باقتىلار تۆرت يۈز مۇرىدى مۇئتەبەر،
مەستـۇ ھەيران، شەيخ ئۆزىدىن بىخەبەر.
كۆردىلەر بۇ ئىشغە ھېچ ئىمكانى يوق،
ئۇشبۇ دەردغە چارەئى دەرمانى يوق.
روز-شەب تۇرۇپ ئاياغىن ئىنتىزار،
تاپماس ئېردى زەررە ئارامۇ قەرار.
ئەيتۇر ئېردى: «ئۇشبۇ تۈنگە يوق سەھەر،
ئىشق ئوتى باشىمدا تىنمايىن كۆيەر،
قالمادى يارەب تەنىمدە زەررە نەم،
بەند-بەندىمنى گېرىه قىلدى بۇ غەم.
ئەقلى كەتتى، سەبر كەتتى بىقەرار،
بۇ نە ئىشقدۇر، بۇ نە دەرددۇر دۇشۋار.»
ھەمنىشىن ئەيدىكىم: «ئەي شەيخ كىبار،
غۇسل قىل ۋەسۋاس ئېرۇر زىنھار.»
شەيخ ئەيتتى: «ھەر كېچە خۇنۇ جىگەر–
بىلە قىلدىم نەچچە غۇسل، ئەي بىخەبەر.»
بىر كىمەرسە ئەيدى: «ئەي پىرى كۇھۇن،
بۇ گۇنەھدىن تەۋبە قىلغىل سەن بۇكۇن.»

شەيخ ئەيتتى: «تەۋبەدىن، نامۇسدىن،
دەلق ئىززەت خىرقەۋۇ سالۇسدىن.»
بىر كىمەرسە ئەيدى: «ئەي دانايى راز،
سەن ئۆزۈڭنى جەمئ ئېتىپ قىلغىل نەماز.»
ئەيدى: «مېھرابىم ئېرۇر رويى نىگار،
تا ئانىڭسىز قىلماغايمەن ھېچ كار.»
بىراۋ ئەيدى: «غەلەت ئەيدىڭ پىرى راھ،
سەجدە قىل، ھەزرەتكە بولغىل ئۆزر خاھ.»
ئەيدى: «ئۇل بۇترويى كۆرگۈزدى ۋىسال،
سەجدە قىلماق ئۆزگەگە بولغاي مەھال.»
بىر كىمەرسە ئەيدى: «ئەي شەيخى زەمان،
ھېچ فۇشايمان بارمۇدۇر ئەيغىل ئەيان.»
ئەيدى: «فۇشمانىم ئۇشۇلدۇر بىلمەدىم،
مەن بۇرۇنراق نېگە ئاشىق بولمەدىم!؟»
بىراۋ ئەيدى: «دېۋە ئىلتىپدۇر سېنى»
شەيخ ئەيتتى: «خۇشلانۇرمەن دېـۋەنى»
بىراۋ ئەيدى: «بار يارانۇ قەدىم،»
شەيخ ئەيتتى: «سەن داغى بار نە غەمىم،»
بىراۋ ئەيدى: «جەمئ قىل ئەسھابىنى،
ئىزدالى ئۇل كەئبەئى مېھرابىنى.»
شەيخ ئەيتتىكىم: «نېتەرسەن كەئبەنى،
مەن كېزىپ كەلدىم ئۇشۇل بۇتخانەنى.»
ھېچ كىشىنىڭ پەندى قىلمادى ئەسەر،
جۈملە ئالەمنىڭ سۆزىدىن بىخەبەر.
شەيخ ئانىڭ ئاستانەسىدە باش قويۇپ،
كېچە-كۈندۈز يىغلار ئېردى ئولتۇرۇپ.
كۆردى بىر كۈن شەيخنى زىبا نىگار،
سوردىكىم: «نېگە بولۇپسەن ئىنتىزار؟»
ئەيدى: «ئىشقىڭ قىلدى، كۆر، شەيداۋۇ مەست،
ئۇل سەبەبدىن قىلدىم ئىشىكىڭنى نەشەست.
يا ماڭا كۆڭلۈڭنى بەر ئەي كارساز،
بۇ نىيازىمنى كۆرۈپ كۆپ قىلمە ناز.
يا باشىمنى كەس مېنىڭ يا بەر مۇراد،
چۈن سېنىڭ ئىشىكىڭگە تۈشتى ئۇشبۇ داد.
سەنسىزىن، جان، ئولتۇرالمام بىر زەمان،

مەقسۇدۇم ئولدۇر بىل، ئەي شاھى جەھان.»
قىز ئەيتتى: «يانغىل، ئەي شەيخ كەبىر،
ئۇشبۇ دەئۋا سەندىن ئېرمەس دىلپەزىر.
سەن بۇ دەم ئەزم سەفەر قىلغىل رەۋان،
چۈنكى، قەسد بىرلە قىلۇرسەن قەسد جان.»
شەيخ ئەيتتى قىزغە: «ئەي زىبىبا نىگار،
ئاشىقىڭ مەن كېچە-كۈندۈز ئىنتىزار.
ئىشق يولىدا نە ئەبۇشقە، نە جەۋان،
ئىشقغە بولماس بۇ سۆزلەر دەرمىيان.»
قىز ئەيتتى: «بولسە دەئۋ فىكر ئۇستۋار،
يۈز ئۆيۈر ئىسلامدىن، ئەي پىرىكار.»
شەيخ ئەيتتى: «نە دېسەڭ ھۆكمۈڭ بەجان،
ئەمرىڭ ئاستىن بولدۇم، ئەي جانۇ جەھان.»
قىز ئەيتتى: «چۈنكى بولساڭ مەردىكار،
قىلغىل ئەمدى تۆرت ئىشنى ئىختىيار.
سەجدە قىل بۇتغەۋۇ مۇسھەف ئوتغە سال،
تەرك قىلغىل ئەمدى بۇ نامۇس ھال.
كەل شەراب ئىچ، تەرك قىل ئىمانىنى،
چۈن تاپاي دېسەڭ بۇكۈن جانانىنى.»
شەيخ ئەيتتى: «خەمر ئىچەيىن، ئەي نىگار،
ئۆزگەسىنى قىلماغايمەن ئىختىيار.»
قىز ئەيتتى: «قىلغىل ئەمدى خەمرنۇش،
خەمر ئىچىپ قىلغايسەن ئاندىن سوڭخۇرۇش.»
ئېلتتىلار ئولدەم ئانى بۇتخانەگە،
دەر زەمان يەتكۈردىلەر خۇمخانەگە.
كىردىلەر بۇتخانەگە شەيخ ئول زەمان،
جۇملە ئەسھابلار كۆتەردىلەر فىغان.
قىز بىلە بۇتخانەدە سۇھبەت قۇرۇپ،
خەمر ئىچتىلەر ئىكەۋلەن ئولتۇرۇپ.
جەمئ بولدى خەمر بىرلە ئىشق يار،
بىر ھەۋەس بولدى ئوشۇلدەم سەدھەزار.
قىز ئەيتتى: «چۈنكى بولساڭ ھەمقەدەم،
يانغىل ئىماندىن، ماڭا كەلگىل بۇ دەم.
چۈن بۇ سۆزگە قىلماس ئېرسەڭ ئىقتىدا،
قوپ، رەۋان ئالغىل ئەسا بىرلە رىدا.»

شەيخ ئانىڭ ئىشقىدا ئېردى ئىنتىزار،
ئېلتىپ ئېردى تاقەتۇ سەبرۇ قەرار.
ئەيدى: «ھالىم قالمادى، ئەي نىكخۇي،
مەقسۇدۇڭ نېدۇر ئېيت، ئەي ماھروي.
بولمادىم ھۇشيار، بولدۇم مەستۇمەست،
كۆيدۈرۈپ مۇسھەفنى بولدۇم بۇتپەرەست.»
قىز ئەيتتى: «چۈنكى بولۇڭ مەھرەمىم،
خۇش ئويۇقلار، ئەي مېنىڭكى ھەمدەمىم.
ئىشق يولىدا ئەۋۋەل ئېردىڭ خام-خام،
خۇش يۈرۈگىل پۇختە بولدۇڭ، ۋەسسالام!»
جۇملە تەرسالارغە يەتتى بۇ خەبەر،
شەيخ تەرسا بولدى، — ئەيتۇر ئېردىلەر.
مەست بولدى شەيخ كۆرگەچ يارنى،
بەردىلەر: «باغلاڭ» تەيۇ زۇننارنى.
شەيخ ئالدى باغلادى زۇننارنى،
ئوتغە سالدى خىرقەۋۇ دەستارنى.
ئولكىشىكىم خەمر قىلسە ئىختىيار،
بىشەك ئول ئىمان-ئىسلامدىن چىقار.
ئىچمەك ئانى چۈن ئېرۇرسىز دىندار،
جۇملە مۇردار ئىش تەمام ئاندىن تۇغار.
جۇملە يازۇقلار ئاناسىدۇر چەغىر،
جۇملە يازۇقلار تاپار ئاندىن چىغىر.
شەيخ ئەيتتى قىزغە: «ئەي مەقسۇدى جان،
ئەمدى نە قالدى ئېيت مەن قىلماغان.
خەمر ئىچتىم، بولدۇم ئاخىر مەيپەرەست،
كۆيدۈرۈپ مۇسھەفنى بولدۇم بۇتپەرەست.
شەيخ ئېردىم ھەقپەرەست پەنجاھ سال،
قىلدى ئىشقىڭ مۇنچە دەۋلەتنى زەۋال.
چۈن سېنىڭ ئىشقىڭ بەيانى ۋەسل ئىدى،
ھەرنەكىم قىلدىم ئۇمىدىم ۋەسل ئىدى.»
قىز ئەيتتى شەيخقە: «ئەي پىرى ئەسىر،
مەن ئەغىر ھەقلىغ ئىدىم، سەن بىر فەقىر،
كابىنىمغە كۆپ كېرەكدۇر سىيم-زەر،
سىيم-زەرسىز پۈتمەس ئىش، ئەي بىخەبەر.
تاپماساڭ سەن سىيم-زەر شەيخ كەبىر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يول ئوزۇقۇڭنى بىرەي يولۇڭغا كىرا!»
شەيخ ئەيتتى قىزغەكىم: «ئەي سىيمتەن،
كۆز تۇتۇپدۇرمەن ئۇشۇل ئەھدىڭغە مەن.
ئەيكى قىلدىڭ سەن مېنى خۇش ئىنتىزار،
ئەي مەنى سەرگەشتەگە بەرگىل قەرار.
ئۇلزەمان قىلدىم ساڭا مەن ئىقتىدا،
تۆرت يۈز ئەسھابى بولادىلار جۇدا.
ئۇل فىراقىڭ بۇ فىراق مەن نە قىلاي،
كۆيدى بۇ جانۇ جىگەر مەن نە قىلاي.
قىلدى ئىشقىڭ كۆز ياشىمنى بەھرۇبەر،
ئۇشبۇ ئېردى مەقسۇدۇم، ئەي سىيمبەر.
مەن ساڭا كۆيدۇم ئايا گەۋھەر سىرشىت،
سەنسىزىن ئولدۇر ماڭا دەۋزەخ بىھىشت.»
قىز ئەيتتى: «بولماسە شەيخى كىبار،
قىل تونۇز كۆتەمەكنى بىر يىل ئىختىيار.
ئۇشبۇ خىزمەتدە قەچانكىم تولسە يىل،
مەقسۇدۇڭ ھاسىل بولۇر بىقالۇ قىيل.»
شەيخ قوپتى ئۇل زەمان فەرمان تۇتۇپ،
بىر يىل ئانىڭكى تونۇزلارىن كۈتۇپ.
ھەر كىشىنىڭ كۆڭلىدە بىر خۇيى بار،
كىم كۆتەرسە ئۇل تاپار دىيدار يار.
سەن ساغىنماغىلكى، ئەي يار بۇلھەۋەس،
بۇ خەتەرلەر شەيخقە ئۇق تۇشتى بەس.
ھەر كىشى ئۆز خۇيىدىن ئاگاھ ئەمەس،
سەختى غافىلدۇركى، مەردى راھ ئەمەس.
ھەر كىشىگە بار دۇرۇر ئۇشبۇ خەتەر،
بىلگىل ئانى نەھسىدە قىلما سەفەر.
بولساڭ ئۇل مەردانەلەردەك مەردكار،
ھەم بۇتۇ ھەم خوك كۆرەرسەن سەدھەزار.
خوك-بۇتنى كۆيدۇر، ئەي دانايى كار،
شەيخدەك بولغىل بۇ يولدا ئۇستۇار.
كۆردىلەر شەيخنى گىرىفتارۇ خەراب،
يارى بەرمەي قىلدى ئەسھاب ئىجتىناب.
بىر مۇرىدى بار ئېردى شوخ-چۇست،
شەيخقە ئەيدى: «بولماغىل زىنھار سۇست.»

ئۇل ئەيتتى: «قىلالى ئەزم ھىجاز،
نې بولۇر فەرمان ئىشىتكىل ئۇشبۇ رازز.
جۇملەمىز تەرسا بولالى بىر يولى،
جەمئ بولۇپ ئىزدالى قىزنىڭ يولى.
چۈنكى تەنھا قىلدىڭ ئىشنى ئىختىيار،
ھەم ئۆزۈڭ ھەم بىزنى قىلدىڭ خار-زار.»
شەيخ ئەيتتى: «بارماغايمەن بۇ زەمان،
سىزگە يولدۇر بارچەڭىز تەبىرەڭ رەۋان.
چۈن ئەمەسسىز ئۇشبۇ يولنىڭ ھەمدەمى،
سىزگە يوقدۇر ئۇشبۇ ئىشنىڭكى غەمى.»
شەيخ ئەيتتى: «سىز ئېرۇرسىز بىخەبەر،
ئەزم ئېتىڭلار بارچەڭىز ئۇشبۇ سەفەر.
بىزنى سورسالاركى سەرگەردان قېنى،
ئۇمر زايىئ ئەتكەن ئۇل ھەيران قېنى.
ئەيتىڭىزلار رۇمدا قالدى قان يۇتۇپ،
دىن قويۇپ، تەرسا يولنى بەك تۇتۇپ.»
ھىچ كافىر بەرمەگەي مۇنداغ رىزا،
تۇشتى سەنئانغە مۇنىڭدەك بىر قەزا.
كۆردى بىر تەرسا قىزنى ناگەھان،
ئەقل-ئىمان بەردى ئۇل شەيخى جەھان.
زۇلفى ئانىڭ ئىلىتتى شەيخنى دامغە،
ئۇل سەبەبدىن قالدى بۇ بەدنامغە.
بۇ سۆز ئىشىتىپ قىلسەلەر كۆپ سەر زەنىش،
ئەيتىڭىز، نېتسۇنكى تۇشتى مۇنداغ ئىش.
ئەيتىڭىزكىم، بولدى ئۇل بىپاۋۇ سەر،
بولمە ئىمىن بارچەغە بار بۇ خەتەر.
بۇ سۆز ئىشتىپ بارچە قىلدىلار ۋىداغ،
«ئەلۋىدائ، ئەي شەيخ ئالەم، ئەلۋىدائ!»
يىغلايۇ تېرەتتى ئەسھاب ئۇلزەمان،
شەيخ تونۇز كۈزتكەلى بولدى رەۋان.
قىلدىلار ئەسھابلار ئەزمى ھىجاز،
جانلارىغە تۇشتى مىڭ سوز گۇداز.
شەيخ تەنھا قالدى رۇمدا بەس غەرىب،
يىغلادى مەھرەملەردىن ئايرىلىپ.
كەئبەغە باردى يارانلار ئۇل زەمان،

هەر بىرى بىر گۇشەدە بولدى نىھان.
بىر مۇرىدى بار ئىدىيۇ مۇئتەبەر،
شەيخ قاتىدا ئىدى بەس، ساھىب نەزەر.
شەيخ بەسى خۇشنۇد ئىدى ئۇل ياردىن،
ۋاقىف ئىردى ئۇل ئانىڭ ئەسراردىن.
شەيخ بىرلە بارماغان ئىردى سەفەر،
بۇ سەفەردە يوق ئىدى ئۇل راھبەر.
ئۇل ئۇلاردىن سوردى شەيخنىڭ ھالىنى،
نەكىچىپدۇر جۇملەئى ئەھۋالىنى.
ئەيدىلار: «شەيخ تۇتتى تەرسالار يولىن،
ھەم توڭۇز كۆتمەكچى بولدى بىر يىلىن.»
ئۇل مۇرىد ئىشىتتى ئىرسە بۇ جەۋاب،
يىغلايۇ قىلدى ئەجايىب ئىزتىراب.
ئۇل ئۇلارغە ئەيدى: «ئەي تەر دامەنان،
ئىشق يولىدا بارچەڭىز ئىرۇر زەنان.
چۇنكى ئەۋۋەل بەردىڭىز دەستى ۋەفا،
ئاخىرى مۇنداغ قىلۇرمۇ سىز جەفا.
مۇنداغ ئىشلار تۇشسە ئاخىر سەد ھەزار،
مۇنداغ ئىشغە تۇزمەگەن نىمە يارار.
شەرم تۇتماي بارچەڭىز، ئەي بىۋەفا،
ئۇشبۇ ئىشلاركىم قىلىپسىز بەس خەتا.
چۇنكى ئەۋۋەل سۆيدۇڭىز ئۇل يارنى،
سىز داغى باغلاڭ تەيۇ زۇننارنى.
شەيخ تەرسا، سىز داغى تەرسا كېرەك،
شەيخ نېچۇك بولسە مۇرىد ئانداغ كېرەك.
بۇ ئىشىڭىز نامۇۋافىقلىق ئىرۇر،
بەرھەق ئىرمەسدۇر مۇنافىقلىق. ئىرۇر.
شەيخقە تۇشتى ئەجايىب كارى نەڭ،
سىز ئاڭا نېگە قىلۇرسىز ئارى نەڭ.
شەيخنىڭ سەرمايەسى بەدنامدۇر،
كىمكى قورقسە پۇختە ئىرمەس، خامدۇر.»
ئەيدىلەر: «بىز ھەم ئۇياتتۇق سەد ھەزار،
قىلالى بىز ھەم بۇ يولنى ئىختىيار.
ھەر نېچە ئەيدىمىز ئۇل نۇرى چىراغ،
بارچەڭىز تەبرەڭ تەيۇ كۆردى ياراغ.
بىز ئانىڭكى ھۇكمى بىرلە كەلدىمىز،
بىز ئانىڭ رايى بىلە ئىش قىلدىمىز.»
ئۇل يارانلارغە ئەيتتى ئۇل مۇرىد،
«چۇن ئىشىڭىز بولسە ئىردى پىرمۇرىد.
ساقلاغاي ئىردىڭلار ئۇل ئۇستادى ھەق،
سىزگە تەگمەس ئىرسە ئىردى بۇ سەبەق.
ھەر بىرىڭ بىر گوشە قىلساڭ ئىختىيار،
تىلەسەڭلار ئىردى ھەقدىن ئۇستۇۋار.
بولغاي ئىدى بىر دۇئاڭىز مۇستەجاب،
كەلگەي ئىردى مەرھەمەت بىرلە خىتاب.
شەيخدىن خۇ قىلدىڭىزلار ئىھتىراز،
تەڭرىدىن ھەم تانىدىڭىزمۇ، ئەي مەجاز.»
مۇئتەكىف بولدى تەمامى ئۇل زەمان،
بولدىلار شەرمەندەلىكدىن بىنىشان.
بىراۋ ئەيدى: «ئۇشبۇ سۆز قىلماس ئاسىغ،
ئەسغى يوقتۇر يۈز تۈمەن قىلساڭ دەرىغ،
جەمئ ئولۇڭلار ئىزدالى دەرگاھنى،
ئىزدالى ئۇل شەيخ مەردى راھنى.
جۇملەمىز ئىۈزر قىلالى بۇ زەمان،
ئەزم ئېتەلى شەيخ تەبئىگە رەۋان.
جەمئ بولۇپ قىلالى رۇمغە سەفەر،»
مۇئتەكىف بولدى تەمامى سەر بەسەر.
كۆرگىل ئاخىر ئۇل مۇرىدى پاكباز،
ئەيتۇر ئىردى خانەغە خىلۋەتدە راز.
چېھل شەب-روز سىدق ئىلە تىكىپ ئاياغ،
ھەفتەئالا روزى قىلغاي شەب چىراغ.
مەقسەدىدىن تاپتى ئۇل سائەت نىشان،
ئاخىر ئۇل ئەركىم، ئۇلارنى باشلاغان.
سۇبھى دەمدە كەلدى بۇيى مۇشكبار،
بولدى ئۇل سىررى مەئانى ئاشكار.
مۇستەفانى كۆردى ئۇل دانايى راھ،
ئۆشنى ئۇستۇن ئىگنى گىسۇيى سىياھ.
سايەئى ھەق زاھىر ئانىڭ نۇرىدىن،
ئالەمى پۇر ئەتر ئانىڭ بىر مۇيىدىن.
مۇستەفا قىلدى تەبەسسۇم ئۇل زەمان،

www.uyghurkitap.com

ئۇل مۇرىد بولدى ئەجايىب شادمان.
ئەيدى: «ئەي ئالەم پەناھى دەستگىر،
بۇ تىلەكدە ئولتۇرۇپمەن مۇنتەزىر.
سەن ئېرۇرسەن رەھنەما خەلقى خۇداي،
شەيخىمىزغە بولغىل ئەمدى رەھنەماي.»
مۇستەفا ئەيدى ئاڭا: «ئەي ھەقشۇناس،
ئۇل بەلادىن شەيخنى قىلدۇق خەلاس.
تۇتۇڭ ئېرسە سەن بۇ ھىممەتنى بەلەند،
دەفئ بولدى شەيخدىن بۇ قۇفل بەند.»
دەرمىيانىدۇر ھۇققە شەيخ روز گار،
تۇتمىش ئېردى زەررەئى گەردۇ غۇبار.
بىز كۆتەردىمىز ئەرادىن بۇ غۇبار،
شەيخ يەنە ھەزرەتدە تاپتى ئېئتىبار.
سەن يەقىن بىلگىلكى ئالەم سەد گۇناھ،
بولغاي ئۇل بىر تەۋبە بىرلە گەرد راھ.
بەھر ئېھسان بولسە ناگەھ مەۋجى زەن،
مەھۋ بولغاي ئۇل گۇناھدىن مەردى زەن.
شاھ بولغاي ئۇل خەبەردىن بۇ مۇرىد،
تاپتىلار مەقسەد ئىشكىدىن كەلىد.
جۇملەئى ئەسھابەنە بەردى خەبەر
شاد - خۇررەملىك بىلە تەبرەدىلەر.
باردىلار ئەسھاب گىريانۇ رەۋان،
كۆرەلى شەيخنىڭ يۈزىنى دەپ رەۋان.
كۆردىلەركىم، ناقىسۇ زۇننار يوق،
شەيخدا تەرسا بويى ئاسار يوق.
تۆرت يۈز ئەسھابىن كۆرۈپ ئۇل بەھر نۇر،
ئۆز - ئۆزىدىن سائەت ئۇل قىلدى تەفۇر.
گەھ خەجالەتدىن قىلىپ ئۇل جامى چاك،
گەھ نەدامەتدىن قىلۇر ئۇل شەيخ پاك.
گەھ تۆكەر ئېردى كۆزىدىن قاننى،
گەھ نېتەرمەن دەپ ئەيتۇر جاننى.
ھىكمەتى قۇرئان ئەسرارۇ خەبەر،
خاتىرىدىن كەتمىش ئېردى سەر بەسەر.
جۇملە ئەسھاب يىغلادىلار ئۇلزەمان،
قىلدىلار شۈكرانە ئۈچۈن جان فىشان.

يادىغە كەلدى تەمامى ئۇل زەمان،
بۇرناغىدەك بولدى ئۇل شەيخى جەھان.
شەيخقە ئەيدىلاركى: «ئەي دانايى كار،
شۈكرىكىم، يولدىن كۆتەرىلدى غۇبار.
كۇفر سەندىن كەتتى، ئىمان تاپتى جاي،
ھەققە دايىم شۈكر ئېتىپ ئۇل رەھنەماي.
تاكى ئۇل مەۋج ئۇردى دەريايى قەبۇل،
بۇ ئىشىمىزدا شەفىئ بولدى رەسۇل.
مىننەت ئۇل پەرۋەردىگارا سەد ھەزار،
شەمئ بەردى بىزگە ئۇل خۇرشىد ۋار.»
كۇفر ئىمان يولىنى قىلدى تەباھ،
سەيقەل ئۇردى تەۋبە بىرلە گەرد راھ.
تەۋبە ئوتى كۆيدۈرۈپ كۇفر گۇناھ،
قۇرب تاپتى باشدىن ئۇل دانايى راھ.
غۇسل قىلدى ئۇلزەمان ئۇل بەھرى راز،
جەمئ بولۇپ قىلدىلار ئەزمى ھىجاز.
بىر كېچە قىز ياتمىش ئېردى ئۇيقۇلاپ،
قويىنىغە كىردى تۈشىدە ئافتاب.
قىزغە ئەيدىلاركى: «تۇرما بۇ زەمان،
شەيخنىڭ ئارقاسىدىن بولغىل رەۋان.
ھېچ تەۋەققۇف قىلمە، ئەي مەقبۇلى راھ،
بولغىل ئانىڭ خىزمەتىدە خاكراھ.»
چۈنكى بىدار بولدى ئېرسە رەشك ھۇر،
كۆردى زاھىر - باتىنى ئۇل ئەين نۇر.
كۆڭلىگە كىردى ئەجەب دەردۇ فىراق،
جانىغە تۈشتى ئانىڭكى ئىشتىياق.
يىغلايۇ باشلادى ئۇلدەم زار - زار،
فۇرقەت ئوتىدا كۆيۈپ پەرۋانەۋار.
ئىشق بەھرىدەكى بولدى مەۋج زەن،
ئاھ ئۇرۇبان چاك قىلدى پىرەھەن.
نالەۋۇ فەرياد بىرلە ئۇلزەمان،
تەبرەدى ئۇل شەيخنى ئىزدەپ رەۋان.
فەرق قىلماس ئېردى ئۇل دەرياۋۇ دەشت،
ئاجىزۇ سەرگەشتە ۋۇشەيداۋۇ مەست.
يۈزىنى يەرگە قويۇپ ئۇل ماھروي،

ھېچ كىشىگە قىلماس ئىدى گۇفتىگۇي.
ئەيتۇر ئىدى: «ئەي كەرىما كارساز،
دەردىمە دەرمان بەر، ئەي دانايى راز.
مەن بەسى گۇمراھ ئىكەنمەن بىلمەدىم،
لۇتۇف بىرلە ئەفۋ قىلغىل، ئەي كەرىم.
بىلمەيىن قىلدىم ئەگەرچە كۆپ جەفا،
سەن كەرەم بىرلە ماڭا قىلغىل ۋەفا.
روزى قىلغىل ئاشىقۇ جانبازنى،
ئول ۋەلىيۇ سادىقۇ ھەمرازنى.»
شەيخ تاپتى ئىرسە ھاتىفدىن خەبەر،
«مەئشۇقۇڭغە ھەم ھىدايەت بەردىلەر.
ئول داغى ئىچتى يەقىنلىق شەربەتى،
كەتتى ئاندىن ئول زەلالەت ئىللەتى،
يانغىل ئول مىسكىن بولۇپدۇر خار-زار،
ئىشق ئوتىدا ئول بولۇپ پەرۋانە ۋار.
يانغالى ئوغرادى ئول شەيخى جەھان،
قىلدى ئەسھابلار يەنە ئاھۇ فىغان.
جۇملە ئەسھاب ئايدىلار: «ئەي پاكباز،
ئەھد-پەيمانىڭ قېنى، ئەي ئەھل راز؟»
شەيخ ئۇلارغە بەردى قىز ھالىن خەبەر،
سىر نە ئىرمىش جۇملە ئاندىن بىلدىلەر.
شەيخۇ ئەسھاب رۇمغە بولدىلار رەۋان،
ئۇچرادى ئالدىغە ئول ماھى جەھان.
زەئفىراندەك بولۇپ ئول زىيبا نىگار،
گۇل يۈزىگە ئولتۇرۇپ گەردى غۇبار.
سەر بەرەھنە، تەن بەرەھنە، جامە چاك،
شەيخنى كۆرگەچ ئاھ ئۇردى دەرد ناك.
يىغلادى شەيخنى كۆرۈپ ئول زار-زار،
بىلمەدىم ھالىڭنى، ئەي سەرگەشتە يار.
شەيخ ئاياغىغە رەۋان قويدى باشىن،
جويبار ئەتتى كۆزىدىن قان ياشىن.
ئەيدى ئول سائەتدە، ئول مىسكىن جەۋاب،
شەيخ ئانىڭ يۈزىگە قىلدى دىيدە ئاب.
گەرچە فۇرقەت بىرلە كۆردىلەر جەفا،
ئاخىرى ئەھدىغە قىلدىلار ۋەفا.

شەيخقە ئەيدى: «چارە قىلغىل كۆيدى جان،
مەن سېنىڭ ئىشقىڭدا بولدۇم بىنىشان.
يولنى كۆرگۈزگىل ماڭا، ئەي رەھنەماي،
ئەرز قىل ئىسلامنى، مۇئمىن بۇلاي.»
ئەرز قىلدى شەيخ ئاڭا ئىسلامنى،
شەرھ قىلدى ھەرنەكىم ئەئلامنى.
چۈنكى بولدى ئىرسە ئول ئەھلى ئىمان،
كەشف بولدى ئاشكاراۋۇ نىھان.
زەۋق ئىمان تاپتى ئىرسە بەرقەرار،
بىر مۇھەببەت بولدى ئولدەم سەد ھەزار.
نەچچەلەرگە بەردى دەرد ئۈستىدە رەنج.
نەچچەلەرگە بەردى گەنج ئۈستىدە گەنج،
قىز دېدى: «ئەي شەيخ تاقەت بولدى تاق،
تاقەتىم يوق تۇرغالى دەردۇ فىراق.
قويدى ئۇشبۇ خاكدا نې پۇر سەدائ،
ئەلۋىدائ، ئەي شەيخ ئالەم، ئەلۋىدائ!
رەھىم ئېتىپ مەندىن كەچۈر، ئەي پىرراھ،
بول ماڭا مەھشەر كۈنىدە ئۈزر خاھ.»
ئۇشبۇ سۆزنى ئەيدىكىم، قىز بەردى جان،
بولدى ئول مەجرۇھ خەستە بىنىشان.
يۈزىگە ئول مەھلىقا تارتتى نىقاب،
گويىيا كىردى بولۇتغە ئافتاب.
قەترە ئىدى ئول ھەقىقەت بەھرىدىن،
تامدى ئول دەرياغە بوردى زەمىن.
ئول نېچۈككىم، قويدى بۇ فانى جەھان،
بىز ھەم ئاخىر قويغۇمىزدۇر بىگۇمان.
ئۇشبۇ دەرگاھ بەس، ئەجەب دەرگاھ ئېرۇر،
ئول كىشىكىم، بىلگەي ئول ئاگاھ ئېرۇر.
رەھمەتى نەۋمىد ئەگەر ئول ئەمنىيەت،
جۇملەئى غەمكىن بۇ يولدا بۇ سىفەت.
نەفس قاچان بۇي ئېلتۇر ئول ئەسراردىن،
زۇلمەتى نەفئ ئالماس ئول ئەنۋاردىن.
نەفس-كۆڭۈل بىرلە مۇخالىف ھەر مەھال،
سۇلھ قىلماسلار مەگەركىم ھېچ ھال.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

× ×

جەمئ بولدى جۇملە قۇشلار ئول زەمان،
قىلغالى يەتتىلەر ئولدەم تەرك جان.
چۇنكى سىمۇرغ ئالدى ئانىلاردىن قەرار،
بىر مۇھەببەت بولدى ئولدەم سەد ھەزار.
قىلدى قۇشلار ئولزەمان ئەزمى دۇرۇست،
ئۇشبۇ يولنىڭ فىكرىدە چالاك ـ چۇست.
كامىلى كېرەك بۇ يولنى بىلگەلى،
ئۇشبۇ يولنىڭ مۇشكىلىن ھەل قىلغالى.
ئۇشبۇ يولنى بىلگەلى رەھبەر كېرەك،
ئۇشبۇ كىشۋەرگە ئەجەب لەشكەر كېرەك.
چابۇكى كېرەك ئەجايىب سەر فەراز،
جۇملە ئالەم شەھلەردىن بىنىياز.
قىلغامىز ئانىڭ يولدا جان نىسار،
بولغامىز ئانىڭ يولدا خاكسار.
سايەسىدىن زەررەئى تەگسە ئەسەر،
ھەر بىرىمىز بولغامىز ساھىب نەزەر.
جەمئ بولۇپ قىلدى قۇشلار مەشۋەرەت،
تاپمادىلار بىر شەھى ئالىي سىفەت.
ئەيدىلەر: «قۇرئە سەلالى دەرمىيان،
كىمگە چىقسە بولسۇن ئول شاھى جەھان.»
ئۇشبۇ سۆزدە ئېردىلار كىم، كەتتى ھۇش،
جۇملەسى بولدىلار ئول سائەت خەمۇش.
ئېدىلار، بۇ فىكر ئىچىندە ئىنتىزار،
قۇرئەدىن تاپقاي كۆڭۈللەرى قەرار.
قۇرئەدە ھۇد ھۇدنىڭ ئاتى ئولزەمان ـ
چىقتى، ئېرسە جەمئ بولدى سىر بەيان.
شاھ بولدى ھۇد ھۇدى ئالىي مەقام،
ئەمرى ئاستىن بولدىلار قۇشلار تەمام.
ئەيدىلەر ھۇد ھۇدغە: «ئەي شاھى جەھان،
ھەر نىكىم دېسەڭ قەبۇل ئەتتۇك بەجان.
بولدى ئول سائەتدە ھۇد ھۇد تاجدار،
خىزمەتىدە ئېردى قۇشلار ئىنتىزار.
جەمئ بولدى جۇملە قۇشلار بىر زەمان،
بولدىلار ھۇد ھۇد قاتىدا سايەبان.
كۆردىلەر بۇ يولدىن ئۆزگە يوق **گۈزەر**،
ھالى خۇشتۇر، ئۆلكەسى ھەم پاكتەر.
بەس، ئەجايىب ھېچ كىشى سەير ئەتمەگەن،
ھېچ كىشىنىڭ ئەقلى ـ فەھمى يەتمەگەن.
كۆردىلەركىم، يول يىراقۇ يۇك ئاغىر،
يول ئۇزۇقى كەمرەكۇ مەركەب ياغىر.
بىر قۇش ئەيدى: «بۇ ئەجەب يول پۇرخەتەر،
بىز قىلالى بىلگەنىم مۇندىن گۈزەر.»
ھۇد ھۇد ئەيدى: «سەن ئەزىمدۇر پادىشاھ،
بىل ئانىڭكى ۋەھمدۇر بۇ خەۋف راھ.
تائەتىڭ خالى ئەمەسدۇر بىر خەسي،
قىلدى كۆر ئىبلىس ھەم تائەت بەسي.
قىلدى ئېرسە تائەتىنى ئول بەھا،
ئۆزى مەلئۇن بولدى تائاتى رەھا.
تائەتىڭنى قويمە زىنھار، ئەي فۇزۇل،
قىلمە مىننەت تائەتىڭ بولماس قەبۇل.
بەندەگە تائەتدىن ئۆزگە يوق ھۇنەر،
بىئىبادەتدىن كۆپ ئارتۇق گاۋۇ خەر.
خالى بولمە تائەتىڭدىن بىر زەمان،
چۇن تاپاي دېسەڭ بۇ دەۋلەتدىن ئەيان.
جەھد قىل تائەتغە مۇرغى باخەبەر،
تا سۇلەيماندىن ساڭا يەتكەي خەبەر.»

× ×

كېچە بىرلە با يەزدى راھبەر،
خالى كۆردى باڭ غەۋغادىن شەھەر.
گويىيا كۇندۇزكى كۇندەك ئافتاب،
كۆكدە يۇلدۇزلار چىقىپدۇر بىھىساب.
ئول كېچە بىدار بولدى شەيخى گەشت،
خالى كۆردى خەلقدىن سەھراۋۇ دەشت.
ھالەتى پەيدا قىلىپ شەيخى جەھان،
شورىشى جانىغە تۈشتى ئول زەمان.
ئەيدى: «بۇ رىفئەت ساڭادۇر ئەي ئىلاھ،
يوق بىساتىڭ ئىچرە بىر مۇشتاق راھ.»
ھاتىفى كەلدى ئاڭا ئەيدى خەبەر،

ھېچ كىشىگە بەرمەدى شەھ بۇ خەبەر.
ھەزرەتى ئانداغ قىلىپدۇر ئىقتىدا،
بەس، قاچان يول تاپقاي ئاندا ھەر گەدا.
ئەيدى: «دەرگاھىم ئېرۇر ئول مەھزى نۇر،
ئەھلى غەفلەت بۇ ئىشىكدىن دۇرەدۇر.
ساقلادىلار بۇ ئىشىكنى سەد ھەزار،
مىڭدا بىرى تاپتى بۇ دەرگاھى يار.»

× ×

بار ئېردى بۇرنا بىر دىۋانەئى خار،
كى تون تاپماي يۈرۈر ئېردى بولۇپ زار.
بەناگاھ كۆردى تۇلكى جۇببەلىغنى،
ئەجەب سىپاھىيۇ ئىككى سىلىغنى.
كۆزدىن كۆككە تىكىپ ئەيدى: «ئىلاھى -
سەن ئوقسەن بارچە مۇڭلۇغلار پەناھى.
ماڭا داغى مۇنىڭدەك جۇببە بەرگىل،
يوق ئېرسە مېنى دۇنيادىن كۆتەرگىل.»
ئوشۇلدەم كەلدى ھاتىفدىن بىر ئاۋاز:
«يېتەر كۆنىنك ئىسسىغى، قىلمە كۆپ ناز.»
دېدى: «ئىسسىغىدا كۆندۈز ئولتۇرايىن،
كېچە بولسە ساۋۇقغە نە قىلايىن؟
قەچانغە تەگرۇ مۇنداغ زار ئېتەرسەن؟
ماڭا تون بەرمايۇ دىل داغ ئېتەرسەن؟»
تۇرۇپ ئېردى ھەۋادىن كەلدى بىر ئۈن:
بىرەلى جۇببەكىم، سەبىر ئەتكىل ئون كۈن.»
بولۇپ مەجنۇن كەبى كۆڭلى پەرىشان،
ياخۇ تۇلكە جۇببە بەرگىل ياخۇ بۇلغان.
قەچان بولغاي بۇ ئون كۈن تەيۇ يىغلاپ،
تۇرۇپ ئېردى ئوشۇل مۇھلەتنى ساقلاپ.
تەيۇ ئولتۇرمىش ئېردى كۆڭلى غەملىغ،
كېتتۇردى جۇببەكىم، يۈزمىڭ يەماغلىغ.
رەۋان قارماپ ئانى ئالدى ئىلىككە،
ئەجەب ئۇستاد ئىمىشسەن دۇرزەلىككە.
ماڭا تون بەرمەيۇ كۈنۈ جۇۋادىڭ،
بۇ ئون كۈندە بۇلارنىمۇ يامادىڭ.
خەزىنەڭگە مەگەر ئوت تۇشتى ئوخشار،
كى تون تاپماي يامادىڭمۇ ياماغلار؟
ئانىڭ يولىدا كىم، ئەمگەلسە مۇنداغ،
خۇدايىمغە مۇنىڭدەك سۆزلەر ئۇستاغ،
بۇ ئۇستاغلىقنى ئاسان تاپمادى ئول،
رىيازەت تارتغانىدىن تاپتى بۇ يول.
كەل ئەمدى، ئىبن يۇسۇف، تارت رىيازەت،
ساڭا داغى ئىدىم بەرگەي ھىدايەت.

× ×

يەتتە يىل كەئبە يولىدا رابىئە،
بەس، رىيازەت تارتتى ساھىب ۋاقىئە.
ھېچ يۈرۈمەدى ئاياغى بىرلە يول،
جەھەنەكى بىرلە تەيانىپ باردى ئول.
بەس ئەجەب سۇلتان ئىدى ئول رابىئە،
بىلگەي ئانى بولسە ساھىب ۋاقىئە.
بۇ رىيازەت بىرلە يول بارۇر ئىكەن،
كۆردىكىم، تۇرلۇك تۆكۈلۈپدۇر تىكەن.
ئېردى ئەزمايىش ئۇچۇن بۇ شىۋەلار،
ئاشىقى سادىق تىكەندىنمۇ يانار.
ئىمتەھان ئۇچۇن تۆكۈپدۇر خارنى،
يانغامۇ دەپ ساھىبى ئەسرارنى.
رابىئە كۆرگەچ تىكەننى شادمان،
قىلدى رىغبەت بۇرناغىدىن ھەم رەۋان.
كەئبەنى تەۋف ئەتتى ئەيدى زۇلجەلال:
«ھاجەت ئېرمەس ئەرز قىلماق ئوشبۇ ھال.
قىل مېنى بۇ كەئبە ئىچرە بەرقەرار،
ئەي، مېنى ئۆلتۇرمەگىل بىگانەۋار.
بولماغۇنچە رابىئەدەك ھەقشۇناس،
تاپماغايسەن نەفس ئىلكىدىن خەلاس.»
ئىبن يۇسۇفكە ئاچىلىڭ ئاسارى دىن،
زەررەئى بۇيى دەمى ئەتتارى دىن.
ئىبىن يۇسۇفكە ئاچىڭلار راھىنى،
كۆندۇرۇڭلار يولغە بۇ گۇمراھىنى.

× ×

بىر كىمەرسە قىلغان ئېردى كۆپ گۇناھ،
يازۇقىدىن تەۋبە قىلدى تاپتى راھ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب توربېتى

نەفس يەنە قۇۋۋەتلەنىپ ئىلتتى ئانى،
ئالدى ئول مىسكىندىن ئاخىر تەۋبەنى.
كىردى فاسىقلار يولىغە نەچچە كۈن،
ئاقىبەت بولدى پۇشەيمان ئول زەبۇن.
بەس، خەتا قىلدىم تەيۇ يىغلادى زار،
تەۋبەغە كەلدى، ئايۇركىم: «بىرۇ بار.
قىل مېنى بۇ تەۋبە ئىچرەلەر مۇقىم،
لۇتف ئېتىپ بەرگىل ماڭا راھى مۇقىم.»
مەردى مۇفتەد ياتمىش ئېردى ئول زەبۇن،
ئاخىرى ئىلتتى يەنە ئىبلىسى دۇن.
ئول زەمان كەلدىكى ھاتىفدىن بىر ئۈن:
«ئەي، ھەۋا نەفس ئىلكىدە بولغان زەبۇن.
ئەمدىكىم كەلسەڭ ئۇچۇقدۇر ئۇشبۇ يول،
تەۋبە قۇبغى بىيىك ئېرمەس، ئەي فۇزۇل.
ھاتىفى كەلدىكى كۆپ قىلدىڭ جەفا،
بىز سېنى بەك تۇتمادۇق قىلدۇق ۋەفا.
بولدى يازۇقدىن پۇشەيمان ئاقىبەت،
ئىدى يوق بۇ ئىشدىن ئۆزگە ھاسلەت.»
باش قويۇپ، يىغلاپ ئەيتتى: «ئەي خۇداي—
ئەمدى ھېچ بارغۇ يېرىم يوق نە قىلاي؟
قايسىبىر فەزلىڭنى ئەيتاي، ئەي ئىلاھ،
ئىبن يۇسۇفكە ئاچابەر ئۇشبۇ راھ.»

× ×

شەيخ شەبلى ئېردى مەردى باخەبەر،
غايىپ ئولدى، نەچچە كۈن تاپمادىلەر.
تاپتىلار ئاخىر ئانى مەيخانەدە،
ئولتۇرۇر ئېردى مۇھەببەت خانەدە.
بىئەدەبلەر سۇھبەتىدە ئولتۇرۇپ،
شەيخ يىغلار ئىدىلار سۇھبەت قۇرۇپ.
سايىلى سوردىكىم: «ئەي شەيخى جەھان،
نېئمنايەت سىزگە بۇ تەر دامەنان؟»
ئەيدىكىم: «بۇ قەۋم ئېرۇر بەس، بىئەدەب،
سىز ئۇلارغە جەمئ بولغايسىز ئەجەب.»

شەيخ ئەيتتى: «ئەي جەۋان مەردى ئىشىت،
مەن ئۇلارغە ئول سەبەبدىن مۇختەلىت.
مەن ئۇياتۇرمەن ئۆزۈمدىن ھەر زەمان،
بۇ مۇھەببەت خانەدە بولدۇم نىھان.
كىم بۇ يولدا دايىما ئاگاھ ئېرۇر،
سەن يېقىن بىلگىلكى، مەردى راھ ئېرۇر.
خارلىقنى قىلماغۇنچە ئىختىيار،
ئاخىرەتنىڭ ئىززەتىن قايدىن تاپار؟
بولماغىل سەن ئۇشبۇ يولدا خۇد پەرەس،
خۇد پەرەستلەرنىڭ يولى بۇ يول ئەمەس.
دەلق ئىچىندە لەبلەرىڭدۇر بىقىياس،
سەن ئانى سىندۇرغىل ئاخىر ھەقشۇناس.
ئەي مۇرەققەئ پوش ئېرۇر بۇ زاھىرىڭ،
كىبىر تەرسادۇر سېنىڭ بۇ باتىنىڭ.»

× ×

قازىغە كەلدىلەر ئىككى خىرقەپۇش،
بەس غەزەب بىرلە ئىكەۋلەندۇر خۇرۇش.
قازى ئەيدىكىم: «سىلەرگە ئار ـ نەڭ،
سوفىلارغە لايىق ئېرمەس ھەرب ـ جەڭ.
بۇ تەھەممۇل خىرقەسىنى كىيدىڭىز،
ئەيىب ئېمەسمۇكىم، خۇسۇمەت قىلدىڭىز.
بۇ خۇسۇمەتنى ئىلىككە ئالساڭىز،
بەس، كېرەككىم خىرقەڭىزنى سالساڭىز.
مەن مەگەر قازى ئەمەسمەن مەئنەۋي،
بۇ مۇرەققەئدىن ئۇياتۇرمەن قەۋي.
دەئۋىي بولسە سىزلەرگە مەيداندىن،
باش بېرىپ، كەچمەك كېرەك بۇ جاندىن.»

× ×

سوفىئى بار ئېردى بەس، ساھىب نەزەر،
شەھر ئىچىندە بەس ئەزىزۇ مۇئتەبەر.
ئەيدى: «بىر ئەتتار ئىدى شەكەر فۇرۇش،

ئالغۇچى بارمۇ دەيۇ قارى خۇرۇش.»
ئەيدى: «مەن ئەرزان ساتارمەن، ئەي ئەخى.»
سوفى ئەيدى: «هېچكە بەرگىل ئەي سېخى.
هېچكە بەرسەڭ مەن ئالۇرمەن بەس، تىلىم،
گەر بەها قىلساڭ ئاڭا يەتمەس ئىلىم.
ئۇل كىشى ئاچچىغلاپ ئەيدى: «ئەي گەدا،
هېچكە هېچكىم نەرسە بەرمەس جۇز خۇدا.»
هاتىفى كەلدىكى مەن - مەن بەرگۇچى،
هېچنىمە ئالماي هېچكە بەرگۇچى.
چۇن يايىلدى ئافتابى رەھمەتىم،
هېچنىمەسىز كىيدۇرۇرمەن خىلئەتىم.
رەھمەتىمنى كۆرگەن ئۇچچۇن بۇ ئىتاب،
قىلدى ئۆز پەيغامبەرىگە بىھىساب.
كېچە بىرلە ھەزرەتى روھۇلئەمىن،
ھەقدىن ئىشىتتى ئوشۇل لىبك ئۇنىن.
قايسى بەندەدۇر ئەيدىم بەردى جەۋاب،
جىبرەئىل ئانى كۆرەر دەپ ئارزۇلاب.
ئۇل نە يەردەدۇركى، كۆرسەم دەپ ئانى،
بەس، ئۇلۇغ كۆردۇم ئانىڭكى فەزلىنى.
جىبرەئىل ئاپمادى كەزدى بەھرۇ بەر،
ئۇل كىم ئېركىن، ئاپمادى ئاندىن خەبەر.
ياندى، ھەزرەتغە ئايۇر، ئەي بەر كەمال،
ئىندەگەن بەندەڭنى كۆرگۈز بۇ مەھال.
ھەق تەئاللا ئەيدى: «ئەزم رۇم قىل،
ئاندا بىر بۇتخانە بار مەئلۇم قىل.»
ئەزم قىلدى جىبرەئىلۇ راھبەر،
رۇم ئېلىگە باردى تا ئالسام خەبەر.
كۆردى رۇمنىڭ شەھرىدە بىر بۇتپەرەست،
بۇتغە ھەردەم تابىنۇر، خالى ئەمەس.
يا سەنەم دەپ دەمبەدەم چىرلار بۇتىن،
جىبرەئىل كۆردى بۇ ئىشنىڭ ھەيرەتىن.
ئەيدى ئۇلدەم: «ئەي كەرىمى زۇلجەلال،
بەس ئەجايىب مۇشكىل ئېرۇر ئۇشبۇ ھال.»
بۇتپەرەست قىلۇر بۇتغە بۇ خىتاب،
سەن ئاڭا لەببەيك دەپ بەردىڭ جەۋاب.

هاتىفى كەلدىكىم، ئۇل قىلدى غەلەت.
مەن كەرەم بىرلە قىلۇرمەن مەرھەمەت.
قۇل ئېرۇر، نادان بىلمەس يولىنى،
خاجە هېچ مانىئ قىلۇرمۇ بەندەنى.
ئۇل سەنەم دەپ ئېيتۇر ئېردى ياسەمەد،
تاپتى ئۇن قۇربەت، سەئادەت تا ئەبەد.
بەس ئەجەب دەرگاھ ئېرۇر بۇ سەرمۇئاف،
بەئزەلەر خۇدسىزغە سەبىر يوق مۇئاف.
نەچچەلەرگە بەردى دەرد دەستىدە رەنج،
بەئزەلەرگە بەردى گەنج ئۇستىدە گەنج.

× ×

مىسىر ئېلىنىڭ شاھى ئېردى نامدار،
شاھغە مۇفلىس ئېردى تاجدار.
ئەيدىلەر بۇ ئىشنى ئۇلدەم شاھغە،
شەھ كىشى ئىبەردى ئۇل گۇمراھغە.
كەلدى ئۇل سائەتدە شاھنىڭ ئاشىقى،
كۆردى بۇ دەئىۋا ئەمەسدۇر لايىقى.
شەھ ئەيتتى، تۆشتى غەۋغا دەرمىيان،
ياخو جان بەرمەك كېرەك يا ئالسە جان.
چۇن ھەقىقەت ئاشىق ئېرسەڭ بىقەرار،
ئىككى ئىشدىن بىرنى قىلغىل ئىختىيار.
يا بۇ ئەلدىن چىقغىلۇ قىلغىل سەفەر،
يا مېنىڭ ئىشقىمدا سەن جانىڭنى بەر.
چۇنكى ئاشىق ئېرمەس، ئېردى نابكار،
باش ئالىپ كەتمەكنى قىلدى ئىختىيار.
شاھ ئىشتىپ ئەيدى: «بەس نادان ئېرۇر،
سادىق ئېرمەس دەئۋىيسى يالغان ئېرۇر.»
باش ئالىپ كەتتى ئوشۇلدەم نابكار،
ھاجەت ئېرمەس ئېردىكىم، ئۇل بىگۇنار.
شاھ ئەيتتى: «ھاجەت ئۇل ئاشىق ئەمەس،
كىم مېنىڭ ئىشقىمدا ئۇل سادىق ئەمەس.
باش كېسەرنى قىلسە ئېردى ئىختىيار،
بولغاي ئېردى خۇسرەۋى ھەم تاجدار.

× ×

ھۇد ھۇد ئەيدى: «ئەزبىرايى ئۇل زەمان،
بولماغاي ئاشىققە ھەرگىز فىكىر جان.
تەرك جان قىلماسە قايسى ئىشقى باز،
خاھ ھەقىقى بولسۇنۇ خاھى مەجاز.
دۇشمەنىڭ جاندۇر قىل ئەمدى تەرك جان،
چۈنكى جاناندىن تاپاي دېسەڭ نىشان.
بەندەدە جاندۇر ئانى ئىيسار قىل،
سەن ئۆزۈڭنى قابىلى دەرگاھ قىل.
ئىيسەلەركىم، تەرك قىل ئىمانىنى،
كەچ تەيۇ جانان ئۈچۈن بۇ جاننى.
جانۇ ئىماندىن رەۋان كەچ ئۇل زەمان،
قىلغىل ئۇل جانان ئۈچۈن بۇ تەرك جان.
كىمكى ئەيسە بۇ سۆزۈڭدۇر نا رەۋا،
سەن ئەيىتقىل ئىشق يولىدا رەۋا.
كۇفر ـ ئىمان بىرلە ئىشقنىڭ نەئىشى،
تەلبەنىڭكى جانى بىرلە نە ئىشى.
ئىشقغە سەرمايەنى دەرد دىل كېرەك،
مېھنەتۇ غەم ـغۇسسەئى مۇشكىل كېرەك.
ساقىيا، جانۇ جىگەرنى قان قىل،
دەرد ئىشقىڭ بولمەسە نادان قىل.
ئىشق ئۇتى ئانداغ كېرەك كۆيدۇرسە جان،
قالماسە زەررە ھىجابۇ دەرمىيان.
زەررە ئىشق ئارتۇق ھەمە ئافاقدىن،
دەردى ئىشق ئارتۇق ھەمە ئۇششاقدىن.
قۇدسلاردا ئىشق باردۇر، دەرد يوق،
ئىشقغە ئادەمدىن ئۆزگە فەردە يوق.
ئىشق مەغزى كائىنات ئېرۇر مۇدام،
چۈنكى بۇ ئىشق دەردسىز بولماس تەمام.
ئىشق دەردى كىمگە بولسە ئۇستۇۋار،
كۇفر ئىماندىن بۇ سۆز بىگانەۋار.
ئىشق ئاچار بۇ مۇنكەشىفكە راھنى،
فەقر ئېلتۇر كۇفرىغە ئىماننى.
چۈنكى سەندە كۇفر ئىمان قالماسە،
بۇ كۆڭۈلدە ۋەھمەيۇ جان قالماسە.
بولغاسەن ئاندىن بۇ يولغە سازۋار،
دەئۋەئى ئىشق قىلساڭ ئاندىن سوڭ يەرار.
كۇفر ئىماندىن رەۋان كەچ قورقماغىل،
سەن قەدەم ئۇرغىلكى ھەرگىز قورقماغىل.
نەچچە قۇرقتۇڭ بولغىل ئەمدى شىرنەر،
يولغە كىرگىل، قىلماغىل فىكرۇ دىگەر.
پىش كەلسە يۈز تۈمەن ئەقبە ئەگەر،
پاك تۇتماسسەن رەۋان فىكرۇ دىگەر.»

× ×

بىر كىمەرسە ئەيدى: «نەفسدۇر دۇشمەنىم،
ھېچ دۇشمەن بولماغاي مۇنداغ ئەزىم.
تەربىيەت قىلدىم مەن ئانى سالۇ ماھ،
بىر زەمان ھەم بولمادى ئۇل ئاشناھ.
بىۋەفالىقدا ئەجايىب بەركەمال،
يولغە كىرگۈزەلمەدىم مەن ھېچ ھال.
سەن كىچىك ئېركەن ئىدىم پەندىمنىئال،»
ئەيدى: «گۈدەك پەندىڭ ئالماقدۇر مەھال.
مەن قاچان ئەقلىمغە كەلسەم ئىندە كەل،
مەن ئالاي پەندىڭنى قىلمايىن جىدەل.
سەبىر قىلدىم تاكى بىلدىم خۇش جەۋان،
ئىندەدىم، ئەي تۇر نارى، ئەي ناتەۋان.
بۇ جەۋانلىق ھالەتى دىۋانەلىق،
ياش قەۋغە يەتسە تۈزەلۈر قىلىق.
مەن ئۇلۇغلار سانىغە يەتسەم كېلەي،
ھەرنەكىم فەرمانلاساڭ سۆزگە كىرەي.»
ئاخىرى بولدى ئۇ شۇلدەم بىر ھەرف،
تەندە قۇۋۋەت قالمادى بولدى زەئىف.
ئۇمرى ئاخىر بولدى ئانىڭ بۇ سىفەت،
قىلمادى غەفلەتدىن ئۆزگە ھاسىلەت.
نەفس ئېرۇر ھەم كافىرۇ ھەم گاھىل ئىت،
ھېچ خەلاسغە كەلمەدى بۇ نەفس زىشت.
مۇختەلىتدۇر بۇ قەفەسدە ھەرزەمان،

ئۇل جۇدا بولماس مەگەركىم، چىقسەجان.
نەفسىڭ ئىتدۇر، سەن ئانىڭ كەمتەر قۇلى،
ئىت قۇلى سەن، ئىت قۇلى سەن،ئىت قۇلى!
نەفس ئىتنى سەمرۇتەي دەپ دەر-بەدەر،
ئاقىبەت ئىتدەك ئۆلەرسەن بىخەبەر.
يۈگرۈك ئات هەر نىچەكىم يۈگرۈپ چىقار،
ئىت كىيىن قالماسكى ئالدىن چىقار.
ئۆلتۈرەي دەپ ئۇشبۇ ئىتنى قارىلار،
ئۆلدىلەرۇ، ئۆلدىلەر ئۆلمەدىلەر.
نەفسىڭ ئېرۇر بىر بۇتتۇ سەن بۇتپەرەست،
بۇتنى سىندۇرساڭ بولۇرسەن هەقپەرەست.

× ×

قىلدى مەهمۇد بىر كۈن ئاۋ ئۈچۈن شىكار،
لەشكەرىدىن ئايرىلىپ تۇتتى كەنار.
كۆردى بىر پىرى تىكەنچى ناتەۋان،
مەركەبى يىقىلىپ باقار ئۇيان-بۇيان.
ئەيدى مەهمۇدغە ئەبۇشقا: «ئەي سەۋار،
بۇ تىكەن، مەركەبنى سەن مۇندىن چىقار.
كۆرۈنۈر قۇتلۇغ يۈزۈڭدىن بۇ نەسىب،
سەن ماڭا لۇتف ئەيلە بولماسەن غەرىب.»
تۈشتى ئۇل سائەت ئاتىدىن شەهرى يار،
يۈكلەدى يۈكنى، سۆيۈندى پىركار.
قىلدى ئېرسە ئۇل ئەبۇشقانى رەۋان،
بەگلەرىگە ئەيدى مەهمۇد ئۇل زامان.
ئەيدى: «بىر پىرى ماڭا يۈكلەتتى خار،
يول ئۆزە تىكەنى يىقىلىپ ئىنتىزار.
يول يەقاسىغە تۈشۈڭلار پىرى راه،
ئۇشبۇ يول بىرلە كېلۇر كۆرسۇن سىپاه.»
ئۇشبۇ سۆزدە ئېردىلاركىم يەتتى پىر،
كۆردى شەهنىڭ بارگاهىنى بىنەزىر.
قالدىكىم هەيران باقىپ ئۇل پىرى راه،
تەخت ئۆزە مەهمۇد، يانىدا پۇر سىپاه.
كۆرگەچ ئوق مەهمۇدنى پىر بولدى خىجىل،
ئۇل تىكەن يۈكلەتكەنىدىن مۇنفەئىل.
شاه ئىنداپ قىلدى پىرنى مەرهەبا،
ئەيدى: «ئەي پىر قورقماغىل سەن ئاشنا.
كەل تىكەنىڭنى بەها قىل مەن كۆرەي،
هەرنەكىم ئەيساڭ ئىلكىڭدە بېرەي.»
پىر ئەيتتى: «ئون مىڭ ئالتۇن قىيمەتى،
بۇرنا مۇنداغ ئېرمەس ئېردى قىيمەتى.
شەهنىڭ ئىلكى تەككەن ئۈچۈن ئۇشبۇخار،
بولدى ئانىڭ قىيمەتى ئون مىڭ دىنار.»
بىر نەزەردىن تاپتى ئۇل دەۋلەتنى پىر،
ئۇل سەبەبدىن بۇسۆز ئىدى دىلپەزىر.
خۇشلانىپ پىرنىڭ سۆزىدىن شەهرى يار،
بۇ تىكەنگە بەردى ئۇل ئون مىڭ دىنار.
با نەزەر بولساڭكى ساهىب دەۋلەتى،
لاجەرەم مەنزۇرغە يەتكەي دەۋلەتى.
ئىبىن يۇسۇفكە قىلىڭلار بىر نەزەر،
ئۇل داغى تاپسۇن بۇ يولدا بىر زەفەر.

× ×

قىلدى مەهمۇد بىركۈن ئاۋ ئۈچۈن سەفەر،
كۆردى بىر مىسكىن يەتىمنى بىپەدەر.
ئولتۇرۇپ دەريا لەبىدە ئىنتىزار،
كۆزلەرى گىريان بولۇپ بىچارەۋار.
دەرياغە قارماق سالىپ يىغلاپ تۇرۇپ،
بىر بالىق تۇتغايمۇ مەن دەپ، كۆزتۇتۇپ.
بەس، ئەجەب غەمكىن بولۇپ ئۇل خەستەدىل،
مېهنەت ئوتىدا كۆرۈپ سەرگەشتە دىل.
شاه سوردىكىم: «نې بولدۇڭ، ئەي فەقىر،
نە ئۈچۈن مۇنداغ بولۇپدۇرسەن هەقىر؟»
گۇدەك ئەيدى: «ئەي ئەمىرى پۇر هۇنەر،
يەتتە باش يەتىم قالىبمىز بىپەدەر.
تۇل ئانامىز بار زەئىفۇ ناتەۋان،
نە تونى بار كىيگەلى، نە ئاشۇنان؟
بىر بالىق تۇتغايمۇ مەن تەيۇ مۇدام،

uyghurkitap.com



دەريا قىرغىقىدا تۇتۇپدۇرمەن مەقام.
مەن ئېرۇرمەن بىر يەتىمى ئاھىگىر،
بۇ ئۇمىددە ئولتۇرۇپمەن مۇنتەزىر.
بىر بالىق تۇتسام بىناگەھ مەن زەخىر،
بۇ مىننەت ئاندىن قىلۇرمەن، ئەي ئەمىر.»
شەھ بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ئەيدى: «يەتىم،
بار ساڭا ئورتاق بولۇرغە نىيەتىم.»
ئول يەتىم ئەيدى: «نە ھەددىم بىرلامەن،
سەن مەگەرلۇتىن ئەتسەڭ ئورتاق بولغامەن.»
شاھ رازى بولدى، ئېرسە ئورتاقىن،
ئىلكىگە ئالدى يەتىمنىڭ قارماقىن.
سالدى قارماقنى ئوشۇل شاھى جەھان،
دەريادىن يۈز بالىق ئالدى بۇ زەمان.
شەھ يەتىمگە ئەيدىكىم: «قارماقنى ئال،
كۆرمەگەيسەن ئەمدى مۇندىن سوڭ زەۋال.»
بىر نەزەر قىلدىكى ئول ساھىب كەرەم،
كۈندە يۈز بالىق ئاڭا بولمادى كەم.
شەھ بۇ سۆزنى ئەيدىبۇ بولدى رەۋان،
گۆدەك ئەيدى: «ھەسر ئال شاھى جەھان.»
شەھ ئەيتتى: «ئۇشبۇ يۈز بالىق ساڭا،
سەن داغى يۈز بالىق ئال كەلتۈر ماڭا.»
چۇن ئىشىتتى ئېرسە گۆدەك بۇ جەۋاب،
دەريادىن بالىق چىقاردى بىھىساب.
شاھنىڭ ئۆيىگە كەلدى بۇ زەمان،
ئورتاقىنى كۆردى مەھمۇد ئول زەمان.
قىلدى گۆدەكدىن تەلەبكارى سوئال،
ھەمنىشىن بولماق ساڭا ئۇشبۇ مەھال.
شەھ ئەيتتى: «ئورتاقىمدۇر بىل يەقىن،
ئول سەبەبدىندۇر ماڭا بۇ ھەمنىشىن.»
كۆردى ئەل شەھ بىرلە ئانى ھەمنىشىن،
بەس، تەھەييۇر بولدىلار بۇ ئىشدىن.
قۇرب تاپتى بۇ يەتىمى نىلك خاھ،
تەخت ئۇزە ئالدى ئانى ئول پادىشاھ.

سوردىلار ئۇشبۇ يەتىمدىن ئەل سوئال:
«ئەي يەتىم① قايدىن كەتۇردۇڭ بۇ كەمال؟»
گۆدەك ئەيدى: «ئۇشبۇ شەھ قىلدى نەزەر،
كۆز ئۇچى بىرلە يىراقدىن بۇ قەدەر.
بىر نەزەردىن ئارتتى ئۇشبۇ دەۋلەتىم،
كۈندە كۈنگە ئارتتى مىنىڭ ئىززەتىم.
كىمگە تەگسە بۇ ئەزىزنىڭ سايەسى،
تاپغاي ئول ئىككى جەھان سەرمايەسى.»
تەگمەگۈنچە تا ئېرانلاردىن نەزەر،
تاپماغايسەن ئۆز ۋۇجۇدۇڭدىن خەبەر.
ئىبن يۇسۇفكە ئاچىڭلار راھىنى،
كۆندۈرۈڭلار يولغە بۇ گۇمراھىنى.

× ×

خاجەئى بار ئىدى بۇرنا نامدار،
شەھ ئانى ئۆلتۈرگەلى يەتكۈزدى دار.
مىلك ئۇقۇبەت بىرلە تۆكتىلەر قانىن،
كۆز سالىپ ئۆتتى ھەبىبى ئەئجەمىين.
سۇفىئى كۆردى تۇشىدە سەر فەراز،
خۇنىغە ئۇچماق ئىچىندە ئەجزۇ ناز.
سوردى: «قايدىن تاپتىڭ ئۇشبۇ ئىززۇجاھ؟»
خۇنى ئەيدى: «ئول ھەبىبى بەھرى راھ.»
ئەيدى: «قانىم بارادۇر سۇدەك ئاقىپ،
بىر نەزەر بىرلە ماڭا ئۆتتى باقىپ.
بىر نەزەر قىلدى ماڭا ئول پىرى راھ،
دەفتەرىمدىن مەھۋى قىلدىلار گۇناھ.»
بەس، قەدەم ئۇر ئۇشبۇ يولدا راھبەر،
راھبەرسىز ھېچ كىشىگە يوق گۇزەر.
ئەي بەرادەر راھبەرسىز چارە يوق،
ئىبن يۇسۇفدەك زەئىف بىچارە يوق.

① ئەسلى قولىيازمىدا بۇ سۆز «سوئال» دەپ يېزىلىپ قالغان، مەنا ئېتىبارى بىلەن «يەتىم» دەپ ئېلىندى.

× ×

مۇفسىدى بار ئېردى بىھەد پۇر گۇناھ،
ئۆلدى ھېچ غەمخارەسى يوق جۇز ئىلاھ.
تابۇتىنى يول ئۈزە كەلتۈردىلەر،
زاھىدى ئولدەم ئانى كۆردى مەگەر.
بىلدى ئەيدى، قىلدى زاھىد ئۈيقۇلاپ،
كۆردى مۇفسىدنى بەسى ئالىي جەناپ.
يۆرۆر ئول ئۇچماق ئىچىندە مۇھتەرەم،
كۆردى ئېرسە زاھىدى ئالىي ھىمەم.
ئەيدى ئول مۇفسىدغە زاھىد: «ئەي غۇلام،
سەن نەدىن تاپتىڭ بۇ كۈن ئالىي مەقام؟
باش ـ ئاياغ ئالۇدە ئېردىڭ پۇر گۇناھ،
نە سەبەبدىن تاپتىڭ ئۇشبۇ ئىززۇجاھ؟!»
ئەيدى: «بىشەفقەتلىكىڭدىن كىردىگار،
باشىم ئۈزرە رەھمەتىن قىلدى نىسار.
سەن رەھىم قىلمادىڭ، ئەي ناكار ساز،
ئول سەبەبدىن رەھم قىلدى بىنىياز.
ئىشق بازى كۆركىنى رەھمەت قىلۇر،
گەھ قىلۇر ئىنكار، گەر رەھمەت قىلۇر.»

× ×

تۈن يىبەردى ھىكمەتى چۈن پىرى زاغ،
تۇتتۇرۇپ گۆدەك ئىلىكىگە چىراغ.
بارۇر ئېدىلاركى بىر پەررەندە سىن،
ئالغىل ئۆچۈرگىل چىراغىن ئىلكىدىن.
تۇتغاي ئول گۆدەكنى، قىلغاي روز گۈزەر،
نېگە ئۆچۈردۈڭ چىراغىن بىخەبەر.
ئالغاي ئول سائەتتە گۆدەكدىن ھېساب،
يۈز تۈمەن شەفقەت بىلە قىلغاي ئېتاب.

× ×

بىر كىمەرسە ئەيدى: «بىركۈھلۈك سەراي،
بەس ئەجايىب دىلكۇشايى رەھنەماي.

بىر كۈن ئەيدى: «بۇ سەرايىمدەك لەتىف،
ھېچ ئىمارەت بولماغاي مۇنداغ زەرىف.
زەر نىگار ئېردى ئەجەب قەسرى بەلەند،
بەھرە كۆرگۈزگۈچىلەر قىلدى فىسەند.
مۇنتەزىردۇر ئالەمى خۇد باسەفا،
ئەي، قىلۇر ئاندا بۇ ئۆمرۈڭغە ۋەفا.
مەن قىلۇرمەن يۈز تۈمەن ئىلمۇئەمەل،
نە قىلايىن تاكى كەلسە بۇ ئەجەل؟
قالسە ناگەھ بۇ سەرايۇ زەر نىگار،
تۇغماغاندەك بولسە ئاخىر خاكسار.
مەنزىلىمدۇر گويىيا باغى ئىرەم،
تاكى ئايرىلسام بولۇر داغى ئەلەم.»
ئاقىلى ئەيدىكى: «ھىممەت ئىچرە دۇن،
گۇلخەن ئېرۇر بۇ سەرايىڭ، ئەي زەبۇن.
ئۇشبۇ دۇنياۋۇ سەرايىڭ بىر ئاغىل،
بۇ ئاغىلدا غەفلەت ئىچرە تۇرماغىل.
بۇ ئالەم گەر بولسە ئېردى دەرمىيان،
بۇ ئاغىل بولغاي ئىدى بىر بوستان.
ئاخىرى دۇنياۋۇ زىندان بىر خەراب،
بۇ خەرابدىن بولغىل ئەمدى ئىجتىناب.
سەن ئىشىتكىل پاك ئىرانلار سۆزىن،
ئەيدىلەر ئۆلگەندە ئەيتۇرلار ئاتىن.
سەن ئانىڭدىن كىم بۇرۇنراق يۈز ئەيۇر،
ئاخىرەتنىڭ يولىغە، ئەي غەرق نۇر.
كىمكى تۇرماس ھەق يولىغە كۆز تۇتۇپ،
ھېچ ئەرىتماس ئاقىبەت ئۆلگەي جۇنۇپ.»
ئىبىن يۇسۇفدۇر كەمىنە خاكراھ،
سەن كەچۈر تەقسىرلارنى، ئەي ئىلاھ.

× ×

جەندە پۇشى يول ئۈزەسىدە ياتىپ —
ئېردىكىم، بىر پادىشاھ كەلدى يېتىپ.
يىغمادى سۇنغان ئاياغىن جەندە پۇش،
پىر ئەيتتى: «ئۆتكىل، ئەي ئەبلەھ خەمۇش.

www.uyghurkitap.com

دەر ھەقىقەت شاھ سەن، مەن بىر پەقىر،
نەپسىڭنىڭكى مەركەبى بولماس ئەمىر.
ئۇل سىنى مەركەب قىلىپ ئىشقە تۇتار،
بىر زەمان قويماس ساڭا ھىچ ئىختىيار.
ئۇل كىشىدە بولماسە ھىچ ئىختىيار،
سەلتەنەتنى سۈرگەلى نېچۈك يەرار؟
چۈنكى مەن سۇلتان ئىمىشمەن بۇ سەفەت،
مىلك سىنىڭدەك كەلسە قىلسام ئىلتىفەت.
نەفسنى مەركەب قىلىپ بولدۇم سەۋار،
سەلتەنەت دەئۋاسى قىلسام ھەم يەرار.
مەركەبىڭنى باغلاغىدىن ئىندۈرۈپ،
سەن مەگەر مىنسەڭ ئەگەر يۈرگەن ئۆرۈپ.
كەلگىن ئاندىن سۆزرە بولغايسەن ئەمىر،
مەن يولۇك ساقلاپ تۇرايىن مۇنتەزىر.
شەھۋەت ئوتى كۆيدۈرۈپدۇر باتىنىڭ،
ئىش بۇدۇر كۆڭلۈڭدەكى جايىڭ سىنىڭ.
قالمادى كۆزۈڭدە نۇرۇ ئەقلۇ ھۇش،
نەفس تۇگرۇپ يولدا، ئەي ئەبلەھ خەمۇش.»
بۇ قىلىق سۇلتانغە ھىچ كەلمەدى خۇش،
شەھ ئەيتتى: «بىلمەدىڭمۇ، ئەي خەمۇش؟
دۇنيادا كىم پادىشاھلار لەشكەرى،
بارچەسى ئېرۇر ئەجەلنىڭ چاكەرى.
چىقسە جان نەفسىڭ جۇدا بولغۇك دۇرۇر،
فۇرقەتىدە مۇبتەلا بولغۇك دۇرۇر.»

× ×

ئىككى تۈلكى جۇفت تۇتتى بىر-بىرىن،
يۈرۈر ئېدىلار باقىپ تا نەفس يېرىن.
پادشاھ ئاتلاندى بىر كۈن قۇش سالا،
قۇشلارى تۈلكىنى قىلدى مۇبتەلا.
بىر-بىرىسىدىن جۇدا بولدى ئۇلار،
فۇرقەت ئىچرە زار-زار يىغلادىلار.
بىر-بىرىگە ئەيدى: «ئەي يارۇ ئەزىز،
ھىچ بىلۈرمۇسىز يەنە قاتىلغۇمىز؟»
ئەيدى: «قاتىلۇرمىز ئەمدى بەخىيەدە،»
ئۇل چۇ باجى راست قىلغاي تەختەدە.

× ×

بار ئېردى بۇرنا بىر دىۋانە مۇھتاج،
تەمام ئۇمرىن كەچۈردى ئۇل يىپلىك-ئاچ.
يۈرۈر ئېردى كېزىپ ئۇل شەھر ئىچىندە،
گەھى خەندان بولۇپ ئۇل قەھر ئىچىندە.
بۇ ئاچلىقىغە بولۇپ كۆڭلى بەسى تار،
قەزاغە ياغدى بىر يامغۇر بىلە قار.
ئانىڭ ئەسكى كەلامى پاك چىلاندى،
ئىچى، پوستىيۇ قاتىغ ئۇفكەلەندى.
ئايۇر: «يامغۇرنى يىغ، ئەي زۇلجەلالىم،
ساۋۇقغە قالمادى مىنىڭ مەجالىم.»
تۇرالمادى ئەمەل مىسكىن ساۋۇقغە،
تىلىم يالباردىيۇ يىغلادى ھەققە.
تەمام ھۆل بولدى يەتتى بىر ئۆكۈرگە،
كىرىپ ئولتۇردىيۇ ئولاشتى بۇرگە.
ئەيتتىڭىم: «قاچىپ كەلدىم بەلادىن،
بەلا ئۆكسۇتمەدى مەن مۇبتەلادىن»
ئۆكۈردە يىغلايۇ ئولتۇرمىش ئېردى،
يىقىلىپ ئۇل ئۆكۈر باشىنى ياردى.
ئايۇر: «ئەي بارچە ئالەمنىڭ پەناھى،
ماڭا ئوقمۇ قىلۇرمۇ سەن جەفانى؟»
ئەيتتىڭىم: «ئايا قەھھارۇ مەئبۇد،
مەگەر قىلدىڭ مىنى ھەزرەتىدە مەردۇد.»
نىدا كەلدى: «ئەگەر بولساڭ تەلەبكار،
رىزا بەرمەك كېرەك بۇ ئىشقە ناچار.»
رىزا بەردى بۇ دەرۋىش ئاشىقۇ زار،
بۇ مىھنەت ئوتىغە پەرۋانەئىۋار.

× ×

ھەق تىلەدى قۇدرەت ئىزھار ئەيلەسە،
بىرلىكىگە بەندە ئىقرار ئەيلەسە.

ئەيدىكىم: «ئەۋۋەل ياراتۇرمەن قەلەم،
ئۇل قەلەمدىن بىرلىكىم بولغاي ئەلەم.
ئۇل قەلەم بىرلە فىتىلگەي ئاتلارىم،
زاھىر ئولغاي جۇملەئى قۇدرەتلەرىم.
ئۇل قەلەم فەزلىن كۆرۈپ جۇملە دەرەخت:
«قايىسىمىز[غە]يەتكەي ئۇشبۇ ئىززۇ بەخت.»
تەيۇ بولۇپ ھەر بىرى ئۇممىدۋار،
ھەر دەرەختلەر تەلمۇرۇبان ئىنتىزار.
چىنار ئايدى: «بار مىنىڭ خاسىيەتىم،
بارمە بىلۇرلەر مىنىڭ ئەھلىيەتىم.
بولغۇسى مىنىڭ ياغاچىمدىن قەلەم،
مىنىڭ ئاتىمدۇر جەھان ئىچرە ئەلەم.»
خۇرمە ئەيدى: «باش كۆتەرىپ، ئەي چىنار،
سەن ئۆزۈڭگە بۇ زەمان كەلتۇرمە ئار.
مەن بار ئىرككەن ئۆزگەگە تەگمەس بۇلاف،
كىمدۇرۇر قىلغاي مىنىڭ بىرلە مۇزاف؟
بارچەغە رەۋشەن مىنىڭ خاسىيەتىم،
بارچە بىلۇرلەر مىنىڭ ئەھلىيەتىم.
بولغۇسى مىنىڭ ياغاچىمدىن قەلەم،
مىنىڭ ئاتىمدۇر جەھان ئىچرە ئەلەم.»
بۇ ھەدىسنى ئىشتىپ مىسكىن قامۇش،
بۇ تەمەئلەردىن بولۇپ ئىردى خامۇش.
باشىڭۇ ئۆزۈك، ئىچۇ تاشىڭ كەۋاك،
چىھرەڭ ئىرۇر زەئفراندەك دەردىناك.
ئۆزىنى تۇتتى بۇ ئىشدىن بەس يىراق،
ئاخىرى تۇشتى ئاڭا بۇ ئىتتىفاق.
ئاخىرى فەرمان تىلەدى ئول مەلەك،
ئۇل قامۇش بىرلە قەلەم ئەتمەك كىرەك.
تاپتى ئىرسە بۇ فەزىلەتنى قەلەم،
چۇن قەلەمگە كەلدى «نۇنۇ ۋەلقەلەم.»

ئىبن يۇسۇف بۇ قامۇشدىن نا تەۋان،
ئەيدىكىم، ھۇكم ئەتتى ئول شاھى جەھان.
ئىبن يۇسۇف ئىردى فەرزەندى خوتەن،
تۈركى تىلدىن ئۆزگە تىلنى بىلمەگەن.

× ×

خەتا، سەھۋەن تولا يارەب كەچۈرگىل،
غەلەت كۆرسەڭ ئوقۇپ موللا، ئۈچۈرگىل.

## لوقمان ھەكىمنىڭ ۋەسىيەتى①

يۈز ۋەسىيەت قىلدى لوقمانى ھەكىم،
ئوغلىغە چۇنكىم ئۇلاردىن بەردى بىيم.
بۇ ۋەسىيەت بىرلەكىم قىلسە ئەمەل،
قىلسە غەمدىن كۆرمەگەي ھەرگىز خەلەل.
زىرەكۇ دانا بولۇپ ئالەم ئارا،
مۇقتەدا بولغاي بەنى ئادەم ئارا.
ئاندا چۇن كۆردۇمكى ئايەت بىشۇمار،
تۈركىي نەزم ئەتتىم ئانى بىئىختىيار.
تا مۇسۇلمانلار ئانى ياد ئالغالار،
ئۇل ۋەسىيەتلەردىن ئەل شاد ئالغالار.
سەئيى قىلدىم، كەلدى چۇن ھەقدىن نىدا،
«لەيسەلىل ئىنسانى، ئىللا ماسەئا②.»
قىلسەلەر بۇ سەفھەگە گاھى نەزەر،
راقىمى بىچارەنى ياد ئەتكەلەر.
چۇن ۋەسىيەت باشلادى لوقمان رەۋان،
ئوغلىغە ئەيدىكى: «ئەي پەيۋەندە جان.
ئەۋۋەلا تەڭرى تەئالانى تانى،
ئۆزنى بىلدۇرمەككە خەلق ئەتتى سىنى.

① لوقمان ھەكىمنىڭ بۇ نەسھەتى خوتەنلىك شائىر، خەتتات موللانىيازتەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن قول يازما — «ئىبن يۇسۇف خوتەنى شېئىرلىرى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا خاتىرىلەنگەن.

② ئىنسانلار ئۆگەنمىسە، تىرىشىپ ئىشلىمىسە، كۈرەش قىلمىسا، ھېچنەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

غافىل ئۇلما تەگرىدىن لەيلۇ نەھار،
بولغاسەن ئەلبەتتە ھەقدىن تەرسگار.
ئۆز ۋۇجۇدۇڭنى تانۇغىل، ئەي خەلەف،
تاكى تاھىر بولغاسەن ئاندىن ئەجەب.
ھەر نەسىھەت قىلساڭ ئەلگە، ئەي جەۋان،
ئەۋۋەل ئۆزۈڭ تا ئەمەل قىل بىگۇمان.
چۈن تەكەللۇم ئەيلەسەڭ ھەددىڭنى بىل،
ھەم داغى ياخشى-يامانىنى فەرق قىل.
ھەقشۇناسى بولغاسەن، ئەي ھۇشيار،
قىلماغىل سىررىڭنى ئەلگە ئاشكار.
ھەركىشى بىرلە مۇساھىب بولماغىل،
دوستلۇق قىلماقغە راغىب بولماغىل.
دانىش ئەھلى بىرلە بولغىل ئاشنا
ئەبلەھۇ ناداندىن ئايرىل بول فەنا.
خەير ئىشلارغە جىددۇ جەھد قىل،
سۆزلەمە ھەرگىز سۆزۈڭنى بىدەلىل.
گەر قالۇرسەن بىر زەمان تەدبىركار،
دانىش ئەھلىنى تەلەپ قىل زىنھار.
بۇ ۋەسىيەت قىل قەبۇل، ئەي نىكباد،
قىلماغىل ھەرگىز خاتۇنغە ئىئتىماد.
رەۋ بەرەۋ قىلمە ئۇلۇغلاردىن سوئال،
ھاجەتىڭ بولغاي رەۋا بىقىيلۇ قال.
دوستلارنى قىل ھەممىشە ئىھتىرام،
ھەم يىگىتلىكنى غەنىمەت تۇت مۇدام.
دوست — دۇشمەنگە يېتىشسەڭ ناگەھان،
شادمان بولساڭ كېرەك سەن ئۇل زەمان.
دوستلارىڭگىم خۇررەمۇ خەندان بولۇر،
دۇشمەنىڭ ئاشفتەۋۇ پەژمان بولۇر.
ئاتا-ئانا ئىززەتىن قىلماق كېرەك،
جانۇ تەندە خىزمەتىن قىلماق كېرەك.
ئاتادىن ھەم ياخشى بىل ئۇستادنى،
ئىززەتۇ ئىكرام قىل ئۇستادنى.
ئەھلى ئالىملارغە سەن بول مۇتتەسىل،
تا تىرىك بار سەن سەخاۋەت پىشە قىل.

بارما مۇفلىسلار قاشىغە دەمبەدەم،
ئۆزىدەك قىلغاي سېنى ھەم بىدەرەم.
مېھمان كەلسە ئۆيۈڭگە ناگەھان،
خىزمەتىنى ياخشى قىل، ئەي نەۋ جەۋان.
زىنھار ئويغان، جەمائەتلەرغە بار،
بارچە ئىشدا قىل مىيانە ئىختىيار.
گەر دېسەڭ بولسۇن يۈزۈم مەھشەردە ئاق،
تونۇ تەننى تۇت نىجاسەتدىن يىراق.
ھاسىلاتىڭغە يەراشا خەرج قىل،
ئىھتىياج ئۇلغاندا ئاجىز بولماغىل.
ئەلنىڭ ئۆيىگە يېتىشسەڭ ناگەھان،
ساقلاغىل كۆزۈ تىلىڭنى ئۇل زەمان.
كەفش ئۆتۈك كەيمەكدە بىل، ئەي زۇفۇنۇن،
ئوڭ ئاياغىڭنى كىگۇرگەيسەن بۇرۇن.
گەر سالۇرسەن سول ئاياغىڭنى چىقار،
كىيمەكۇ سالماقىدا ئىشلارى بار.
كېچە ئورنۇڭدىن بەرەھنە قوپماغىل،
ھەرنە ئىش قىلساڭ خۇدانى ياد قىل.
ئەھلى ئەۋلادىڭغە ئۆرگەت ئىلمىدىن،
ئىھتىمام ئەيلەپ مۇئەددەب قىل يەقىن.
ئات مىنەردە بولغاسەن چابۇكسەۋار،
ھەم ئوق ئاتماقلىقنى ئۆرگەن زىنھار.
زەبت قىل دىنۇ دەرەمنى بىگۇمان،
تا ئاسىغ قاتقاي ساڭا ئىككى جەھان.
كۈندۈزى گەر سۆزلەسەڭ ھەر سارى باق،
دۇشمەنىڭ تا تۇتماغاي تامدىن قۇلاق.
كېچەلەر ئاھىستە سۆزلە زىنھار،
ھەم داغى قىل ئاز يېمەكنى سەن شىئار.
كىشى مالىغە كۆڭۈلنى باغلاما،
فۇرقەت ئوتىدا كۆڭۈلنى داغلاما.
ئىستەمە بەد ئەسلىدىن ھەرگىز ۋەفا،
ئىستەسەڭ كۆرگەيسەن ئەلبەتتە جەفا.
بىلمەگۈنچە بولماغىل ئۇستادكار،
قىلماغىل ئەندىشەسىز ئىش زىنھار.

# «قەلەندەر» نىڭ يېڭى تېپىلغان غەزەللىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مەتقاسىم ئەكرەم، مەتتۇمەن تۇردى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن:

خوتەن شەھىرى تۆۋەنكى گازۇن، باشتېرەك مەھەللىسىدە ئۆزىنىڭ يەتمىش نەچچە يىللىق ھاياتىنى ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئىلىم تارقىتىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئەخمەت ئاخۇنۇم ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن. مەرھۇمنىڭ ئۆيىدە بىر ئۆمۈرلۈك مۈلكى ھېسابىدا سانسىزلىغان كىتاب ۋە يازمىلار ساقلانغان. ئاپەتلىك يىللاردا ئۇنىڭ نۇرغۇن كىتابلىرى كۆز ئالدىدا كۆلخان بولۇپ يانغان، بىر قىسىملىرى يۆتكەپ ساقلىغان ئورۇنلىرىدا يوقالغان.

بىز ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى غېرىبخانىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ چوڭ ئات ئوقۇرىغا يوشۇرۇپ قويغان كىتابلىرىنى تاپتۇق. ئاشۇ كىتابلار ئىچىدە شائىر «قەلەندەر» شېئىرلىرىنىڭ يىگىرمە بەتلىك قول يازما پارچىسىنى ئۇچراتتۇق. بۇ پارچە ئەسلىدىكى توپلامنىڭ تىكىكىدىن ئاجرىتىۋېتىلگەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ باش-ئاخىرىدىن ئازراقلا يوقالغان ئۈچ-تۆت پارچە شېئىردىن باشقا ئاتمىش پارچە شېئىرنى رەتلەپ چىقتۇق.

بۇ شېئىرلاردا شائىرنىڭ ئىسىم-تەخەللۇسى ھەرقايسى غەزەللىرىدە تولۇق كەلتۈرۈلگەندىن باشقا، يۇرتى — قۇندۇزمۇ تىلغا ئېلىنغان.

بىز بۇ شېئىرلارنى تېخىمۇ تەھقىقلەش ئۈچۈن، شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981-يىل 1-سانىدا ئېلان قىلغان «قەلەندەر غەزەللىرى» دىكى باشقا شېئىرلارغا سېلىشتۇرۇپ كۆردۇق. نەتىجىدە شائىرنىڭ بۇ قول يازما پارچىسىدىكى شېئىرلىرىنىڭ ئۇسلۇب ۋە ئىشلەتكەن مەجازى ۋاسىتىلەر جەھەتتىن ئېلان قىلىنغان شېئىرلار بىلەن ئوخشاشلىقى روشەنلەشتى.

بىز، خوتەندە ئۇزۇن يىل ئىجادىي ھايات كەچۈرگەن شائىر قەلەندەر شېئىرلىرىنىڭ تېخىمۇ تولۇقلىنىپ، ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىگە ئۈمىد باغلاپ، ئۇنىڭ بۇ شېئىرلىرىنى نەشرگە سۇندۇق.

www.uyghurkitap.com

1

ئېگە بولدۇڭ سەن ئەي ھۇرى زەمانە،
بۇ ياشلىقدە بېھىشت سارى رەۋانە.
سەن ئېردىڭ كىشۋەرى ھۇسن ئىچرە سۇلتان،
ياراتماي ئەيلەدىڭ بارماق بەھانە.
تۈگەتىپ ئىشرەتى دۇنيانى بىلكۇل،
يەنە كەلگەن سارى بولدۇڭ رەۋانە.
تىلەرمەن مەنكى ,قىلسۇن ھەقتەئالا،
سېنىڭ جايىڭ بېھىشتى جاۋىدانە.
تاپىلماس ئەمدى سەندەك پاك دامەن،
دېسەم مەن ئەي كاشغەر ئاشقانە.
مېنى غەم دەۋزەخى ئىچىندە تاشلاپ،
بېھىشت سارىغە باردىڭ بىغەمانە.
بار ئېردى بەسكى تەبئىڭ تولا نازۇك،
جەھان خەلقىدىن ئالدىڭ سەن كەرانە.
ئىچىمدىن دەۋزەخ ئوتى ئەي پەرىزاد،
ئۇرار شىددەت بىلە ھەردەم زەبانە.
ئۆتەر توققۇز فەلەكنى پارە ئەيلەپ،
غەمىڭدىن قىلسام ئاھىمنى رەۋانە.
بىناگاھ ئۇچراسە ساڭا قەلەندەر،
قىلۇرسەن سەن قاچارغە مىڭ بەھانە.

2

دېدىمكى: ۋەفا قىلاي ساڭا ئۆلگۈنچە،
دېدىكى: جەفا قىلاي ساڭا تويغۇنچە.
دېدىمكى: بىرەر سۆيمە ئەي گۇل ئۆلەرمەن،
ئۆلمەك دېدى ياخشىراق، سۆيگۈنچە.
دېدىم: ساڭا كۆيدۈم ئەي پەرىزادى زەمان،
ھەددىڭ سېنى بارمۇ ماڭا سەن كۆيگۈنچە.
دېدى: بۇ ھەۋەسنى قويغىل، ئول شەمسى قەمەر
ئۆلمەك ماڭا ياخشى بۇ ھەۋەس قويغۇنچە.
يوقدۇر ماڭا ئەي قەلەندەر سەبرى قەرارە
تا شۇم رەقىبىمنىڭ كۆزىنى ئويغۇنچە.

3

قانچە ماگدىم بۇ جەھاننىڭ سۇدىغە،
تادمادى ئىشىم مىنىڭ بىھبۇدىغە.
كىمكى ياتماي ماگسە يىغلاپ كېچەلەر،
ئەرتە يېتەر مەنزىلى مەقسۇدىغە.
ساگا بولسە ئەقلۇ ھۇش بىرلەن خىرەد①،
گەر تاپىلسە بەندەئى مەسئۇدىغە.
قىبلەئى مەقسۇد ماگا كويۇگدۇرۇر،
باش چالار ھەركىمسە ئۆز مەئبۇدىغە.
ئىشق ئەگەر ھۇسن ئىلە دەئۋا قىلسەلەر،
رەھمەت ئولغاي شاھىدۇ مەشھۇدىغە.
كىم كۆتەرسە سۇرەتى ئول دىلرەبا،
بەرگەسەن دەۋلەت ئانىڭ مەمدۇدىغە.
دەۋلەتى ئەزمانى سەن تاپتىڭ دېگىل،
يەتسە ھەر ساجىد ئەگەر مەسجۇدىغە.
جەۋرى، دىلبەردىن قەلەندەر، گۇگرامە،
ناز ئېتەر ھەر دەم ئاياز مەھمۇدىغە.

4

ٯ

بۇ كېچە باردۇر غەمىگدىن ھالى زارىم ئۆزگەچە،
بولدى ھالىم ئۆزگەچە، سەبرى قەرارىم ئۆزگەچە.
زۇلم ئېتەر گەرچە فىراقۇ ھەجرۇ دەردۇ مېھنەتىڭ،
ئولتۇرۇر يولۇمگە باقىپ ئىنتىزارىم ئۆزگەچە.
ۋامىقۇ فەرھاد، مەجنۇنۇ زىلەيخا ئىشق ئېلى،
بارچە ئاشىقلاردىن ئېرۇر كارىبارىم ئۆزگەچە.
كىمكى كۆردى قان-ياشىمنى دېدى، ئېرمەسدۇر فىراق،
چىقتى ئاھىم بىلە ئىچىمدىن شەرارىم ئۆزگەچە.
پات يورۇمە سۇبھى سادىق سەن خۇدانىڭ ھەققىدە،
بۇ كېچە ئول گۇل بىلە گۇفتۇ گۇزارىم ئۆزگەچە.

① بۇ مىسرا ,,قول يازمىدا «ساگا بولسە ئەقلۇ ھۇش بىرلەن خىرەد دەۋلەتدۇرۇر» دەپ كەلتۈرۈلگەن. (م).

www.uyghurkitap.com

بار ئىدى ئۇل قۇندۇزى جەننەت نىشانىمغە مېنىڭ،
يارۇ دوستۇم ئۆزگەچە، خىشۇ تەبارىم ئۆزگەچە.
قايدە قالغاي ماڭا ئەقلۇ هۇش ئىلە سەبرۇ خىرەد،
بارچە دىلبەردىن دۇرۇر ئۇل رازدارىم ئۆزگەچە.
نى ئۈچۈنكىم بولماغاي بۇلبۇلدىن ئەفغانىم فۇزۇن،
بارچە دىلبەرلەردىن ئېرۇر گۇلئۇزارىم ئۆزگەچە.
ئىشق ئېلىنى ئۆلتۇرۇر فۇرقەت بولالماس سەهل ئېرۇر،
بۇ كېچە هەجردە باردۇر ئىختىيارىم ئۆزگەچە.
بېلىدە باغلاپ قىلىچ، قولىدا تا تىغ ئاب دار،
كېلەدۇر گۇلگۇن ئۇل شەهسۇۋارىم ئۆزگەچە.
نى ئۈچۈن كامىن دىلىم ئالەمدە هاسىل بولماغاي،
ئۆزگە گۇلرۇخلاردىن ئېرۇر كام كارىم ئۆزگەچە.
بۇ كېلىشدىن، ئەي قەلەندەر، شادماندۇرمەن بۇ كۈن،
گەر شەهىد ئەتسە مېنى دەۋر هالى زارىم ئۆزگەچە.

5

خۇنى دىلىمدىن ئەي شوخ بىتتىم ساڭا بۇ نامە،
كۆردۇم جەهاننى جانا هىجرىڭدە مەن قىيامە.
يەنە ئاتاڭ ئۆتۈبدۇر تەقۋا بىلە مۇسۇلمان،
نېدۇر بۇ جەۋرى زۇلمۇڭ جانىمغە بەردەۋامە.
..............................................

6

بۇلهەۋەسلەرنى سەن، ئەي گۇلچېهرى، مېهمان ئەيلەمە،
قىيمەتى هۇسنۇ جەمالىڭنى سەن ئەرزان ئەيلەمە.
سەن پەيكەر بولۇپسەن پادىشاهى بەهرۇبەر،
بۇ كۆڭۈل مۇلكۇڭدۇرۇر زۇلم ئىلە ۋەيران ئەيلەمە.
كۆرسەتىپ ئىككى لەبى ياقۇت شەككەر بارىنى،
كۆزلەرىمنىڭ قانىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلەمە.

7

فۇرقەتى هەجرىڭ مېنى كۆيدۇردى ئەي يار ئۆزگەچە
دەردۇ غەمدۇر ئۆزگەچە هەم رەشك ئەغيار ئۆزگەچە.

باردۇر ئۇل ئىككى ئاراده فەرق يەردىن كۆككەچە،
نافەئى چىن ئۆزگەچە، ئۇل خالى رۇخسار ئۆزگەچە.
كافىرى مۇئمىنچە باردۇر فەرقى ئۇل ئىككى ئارا،
كافىرى خەيبەردۇر ئۆزگە، ئۇل ستەمكار ئۆزگەچە.
دىمەكىم بىر بىرگە باردۇر ئۇل ئىكىنىڭ نىسبەتى،
نەرگىس ئىبرۇر ئۆزگەچە، ئۇل كۆزى بىمار ئۆزگەچە.
كىم دەپ ئوخشار ئىككىسى ئىمتىيازى يوقتۇرۇر،
بىلقىس ئىبرۇر ئۆزگەچە، ئۇل شوخ تەررار ئۆزگەچە.
سەن رەقىبلەرنى دىمە باردۇر قەلەندەر بىرلە تەڭ،
بۇلھەۋەسدۇر ئۆزگەچە، ئۇل ئاشىقى زار ئۆزگەچە.

8

دىمەكىم ئوخشايدۇرۇر بىردگە، ئەي يار ئۆزگەچە،
باغى جەننەت ئۆزگەچە، ئۇل زىيبى رۇخسار ئۆزگەچە.
سۇبھەئى سەدايىگە پەخر ئەتمە، ئەي زاھىد، كۆيەر،
تەسبىھىگدۇر ئۆزگەچە، ئۇل زۇلفى - زۇننار ئۆزگەچە.
ئىككىمىزنىڭ بارەسىدە كۆپ تەفاۋۇت بىھىساب،
باردۇر ئەغيار ئۆزگەچە، مەندەك دىل ئەفكار ئۆزگەچە.
كۆن بىلەن يۇلدۇزچە باردۇر فەرقى ئۇل ئىككى ئارا،
نەسرى باردۇر ئۆزگەچە، ئۇل نەزم - ئەشئار ئۆزگەچە.
كىمكى بولسە دانىشىي ئەھلى خىرەد بىلگۇسىدۇر،
گەۋھەرى سۆز ئۆزگەچە، ئۇل دۇررى شەھۋار ئۆزگەچە.
باردۇرۇر، ئەي قەلەندەر، ئىككىنىڭ ئوتتۇراسىدە،
ئارەزىدۇر ئۆزگەچە، گۇل بىرلە گۇلزار ئۆزگەچە.

9

ئايۇ كۈندۇر ئۆزگەچە، ئۇل ماھى دەۋران ئۆزگەچە،
گۇلرۇخۇمدۇر ئۆزگەچە، خۇرشىدى تابان ئۆزگەچە.
ئۇل ئىككىسىنىڭ ئاراسىدە تەفاۋۇت باردۇرۇر،
لەبلەرىدۇر ئۆزگەچە، لەئلى بەدەخشان ئۆزگەچە.
ئۇچرادى يولدا ماڭا ئۇل مەھۋەشى شىرىن زەبان،
ئالدىدە جان بەرمەدىم مەن پۇشايمان ئۆزگەچە.
بۇلبۇل ئوخشە تاكى كۆردۈم ئۇل گۇلى رۇخسارىنى،
مەن قىلۇرمەن ھەر زەمان فەريادى ئەفغان ئۆزگەچە.

ئۇخشەماسدۇر لەيلىيۇ شىرىنۇ بىلقىسى زەمان،
نې ئۇچۇنكىم باردۇرۇر ئول پاكى دامەن ئۆزگەچە.
كىمكى بار دەر نىسبەتى ئول ئىككىسىنىڭ ئەقلى يوق،
سۇنبۇل ئىبرۇر ئۆزگەچە، زۇلفى پەرىشان ئۆزگەچە.
هۇققەئى ئاغزىدادۇر هەربىر تىشى دۇررى خۇشاب،
تىشلەرىدۇر ئۆزگەچە، ئول گەۋهەرى جان ئۆزگەچە.
بەرسە تەڭرى ماڭا يۈزلەنسە ئەگەر دەردى ئانىڭ،
جانۇ كۆڭۈلگە قىلاي دەردىنى مېهمان ئۆزگەچە.
تۈشدە گەر كۆرسە ئانى بەختىم مەدەت قىلسە ئەگەر،
جاننى قىلسام ئالدىدا هەر لەهزە قۇربان ئۆزگەچە.
تا تىرىك باردۇر قەلەندەر دەردىن ئىستەر سۇبهى ـ شام،
دەرد غەمدۇر ئۆزگەچە، گەر بولسە دەرمان ئۆزگەچە.

10

كۆزۇ قاشۇ زۇلفى ئىلە هەم ئارەزۇ خالۇ خەتىڭ،
كۆرمەگەندۇر هېچ كىشى هەرگىز ئۇلار ئوخشە سىپاه.
ئول نىگارى دىلرەبا ۋەسلىن، قەلەندەر، ئىستەمە،
سەن پېرۇرسەن بىر گەدا ئول دىلرەبادۇر پادىشاه.

11

سەداقەت تەختى ئۆزرە ئېردى ئول شاه،
ئەسالەت چەرخى ئۆزرە مېهر ئىلە ماه.
لىقائۇللاهغە بولۇپ ئول تەلەبكار،
هەبىب سارىغە بولدى ئازىمى راه.
هەر ئىشكىم ئول قىلۇر ئېردى جەهاندە،
ئەدەب بىرلەن هەمىشە هەقدىن ئاگاه.
غۇرۇب قىلدى قۇياشى ئۆمرى ئانىڭ،
ئەجەلنىڭ تىغىغە ئۇچراپ بىناگاه.
جەمالى ئېردى بۇ دۇنيانى نۇرى،
هىدايەت قىلسە ئاڭا نۇرى ئەللاه.
كىم هەر مىسرەئ باشىدىن ئالسە هەرفى،
قۇياشدەك رەۋشەن ئولۇر ئاتى ۋەللاه.
ئوشۇل هۇرى ـ پەرىۋەش كەتتى قويۇپ،
قەلەندەر جانىغە يۈز هەسرەتۇ ئاه.

12

قان يۇتارمەن هەر زەمان بىر لەئل شەككەر بار ئۇچۇن،
ئۇن بۇلۇپدۇر قامەتىم بىر سەۋرى خۇش رەفتار ئۇچۇن.
مېھنەتۇ دەردى غەممدىن يوقدۇرۇر بىردەم قەرار،
ئوت تۇشۇپدۇر ئىچىمە بىر نەرگىسى بىمار ئۇچۇن.
نالەۋۇ ئەفغاندۇرۇر ئىشىم ھەممشە زار - زار،
بۇلبۇلى نالان دۇرۇرمەن بىر گۇلى رۇخسار ئۇچۇن.
بۇ جەهاننىڭ ئىچىدە ئازادەئى دەۋران ئىدىم،
قۇل بولۇپدۇرمەن بۇ دەم بىر شوخ خۇش گۇفتار ئۇچۇن.
ئۆلگۇدەكدۇرمەن قەلەندەر دەردى غەمدىن ئاقىبەت،
شۇ رەقىبنىڭ رەشكىدىن هەم هەسرەتى ئەغيار ئۇچۇن.

13

نې ئۇمىدى رەهم ئېتەي ئول دىلبەرى ئەييارەدىن،
كۆڭلى قاتتىغراق ئېرۇر ئول گۇلى سەڭگى خارەدىن.
فۇرقەتى هىجرىڭدە ئولدۇم ئەي پەرىزادى زەمان،
سورمادىڭ نېلەر ئۆتەر بۇ يۇرەكى سەدپارەدىن.
كىمگە دەي دەردى غەمى هىجرىنى ئەي پەرۋەردىگار،
نېلەر ئۆتتى جانىمە ئول كۆزۇ قاشى قارەدىن.
بولدى مۇددەتلەر مېنىڭ سارىغە جانا باقمادىڭ،
نې گۇناه ئۆتۇپدۇرۇر بۇ ئاجىزى بىچارەدىن.
كۆرسە گەر هالىم مېنىڭ شەددادى دەۋران رەهم ئېتەر،
بولمادى رەهمى ماڭا ئول شوخ گۇل رۇخسارەدىن.
قىيردىم مەن خىزمەتىدە ئول گۇلى نەۋرەستەنىڭ،
كۆرمەدىم لۇتف كەرەم ئول مەهۋەشى مەككارەدىن.
يىغلادى دەردى غەمىڭدىن، ئەي، قەلەندەر زار - زار،
ئىلتىفاتى بولمادى ئول دىلبەرى مەه پارەدىن.

14

خەستەدۇر كۆڭلۇم مېنىڭ بىر نەرگىسى بىماردىن،
بۇلبۇلى مەهزۇن بولۇپ مەن بىر گۇلى رۇخساردىن.
ئەي مۇسۇلمانلار مېنىڭ هالىمغە سىز رەهم ئەيلەڭىز،
تۇتىدەك زار يىغلارەم بىر لەئلى شەككەر باردىن.
بىر پەرىزادى جەهاننىڭ هەر زەمان هىجرانىدە،

www.uyghurkitap.com

قان تۆكەرمەن بىنەھايەت دىيدەمنى خۇنبارىدىن.
قان بولۇپ ئاقتى يۈرەكىم دەردى غەمدىن ھەر سارى،
بولمادى رەھمى ماڭا ئۇل زالىمى ئەييارىدىن.
يىغلاماي نىتكەي قەلەندەر ھەر زەمانى زار - زار،
بىر دەمى چىقماس خىيالى سىينەمنى ئەفكارىدىن.

15

ئاچغىل ئۇل گۈللۈق ئىشكىتىن بىر كۆرەي، ئەي باغىبان،
كۆرمەسەم ئۇل گۈل يۈزىن ئىشمدۇرۇر ئاھۇ فىغان.
فۇرقەتىڭدىن بولدى قەددىم، ئەي پەرىۋەش، تالدەك،
كىم يۈزۈمگە باقتى دەر، بۇ يۈز ئەمەس ئېرمىش سامان.
گەر مۇسۇلمانزادە بولساڭ رەھىم قىلغىل جانىمە،
مىھنەتى دەردۇ غەممىڭ بىر لەھزە بەرمەيدۇر ئامان.
مۇنچە يىغلاتماقدىن ئەي گۈلچىھرە قەسدىڭ بىلمەدىم،
كۆرسە ھەركىم كۆز ياشىمنى دەركى ئېرمىش قىيان.
رەھىم ئېتىپ باقغىل بىرەر جانا قەلەندەر ھالىغە،
مىھنەتى دەردۇ غەممىڭ بىرلەن بولۇپدۇر تەڭ ئامان.

16

..............................................................
..............................................................
نې ئۇچۇن مەن قىلمايىن ئۇيقۇنى كۆزۈمدىن ھەرام،
كۆمەگەندۇر ھىچ كىشى ھەرگىز خەبەردار ئۇيقۇسىن.
ئۆزگەلەرگە شادۇ خەندان باردۇر ئىشرەت ئۇيقۇغە،
كەلتۈرۇر كۆرسە مىنى كۆزدىگە بىكار ئۇيقۇسىن.
بىزنى كەتسۇن دەپ چىقىپ كۆزدىنى سالمىش ئۇيقۇغە.
.............................................................. ①

17

نا گەھى (كەلدىڭ) كى ئەفسۇس، ئەفسۇس ئەي خۇرشىد جەھان،
ئەيلەدىڭ بۇ شەھرى چىمەننى گوْيىيا باغى جەنان.
كىمكى كۆردى ئىسمەتىڭنى ياكى ئىشقىتى دېدى:

① ئەسلى نۇسخىدا بۇ شېئىرنىڭ باش - ئاخىرى يوق، ئەينى پېتى ئېلىنىدى. (م).

پاكلىك بابىدا سەن، سەن مەريەمى ئاخىر زەمان.
لەبلەرىڭدۇر، لەئلۇ تىشىڭ گەۋھەرى سىيرابىدۇر،
يوقتۇرۇر مىسلىڭ سىنىڭ، ئەي مەھۋەشى بىلقىس نىشان.
نې ھەدى باردۇر پەرىيۇ ھۇر تەڭ بولسۇن ساڭا،
بار ئۇلار يەر بىرلە تەڭۇ سەن ئۆرۈرسەن كەھكەشان.
مەن قۇلۇڭدىن ئارى قىلمە كەھرەبا سارىغە باق،
ئاشىقىن تارتار ئۆزىغە گەرچە ئول باردۇر سامان.

18

قەدىڭ سەرۋى خىراماندىن دۇ مەۋزۇن،
يۈزۈڭ خۇرشىد تاباندىن دۇ ئەفزۇن.
سىنى تا كۆردۈم، ئەي سۇلتانى خۇبان،
يۈرەكىم پارە كۆزۈم باردۇ پۇرخۇن.
بىرىپ مەن تا كۆڭۈلنى ساڭا ئەي شوخ،
بولۇپدۇر كۆزلەرىم سەيھۇنۇ جەيخۇن.
ئىرەمنىڭ باغىدۇر، خۇبلارنى شاھى،
سىنىڭ كويۇڭنىڭ ئالدىدا دۇ ھامۇن.
قەلەندەر دىلبەرىڭ ئەزبەس غەنىدۇر،
ئۆرۈر ئول دايىنۇ خۇبلار دۇ مەديۇن.

19

مىنىڭدەك كىمگە بەردى تەڭرى دەۋران،
كى قىلغاي دىلبەرى ئۆيىمگە مىھمان.
بارى ئەلنى ئەگەرچە قۇل قىلىپسەن،
بىرسى يوق مىنىڭدەك بەندە فەرمان.
جەھان رەۋشەن بولۇر چىقساڭ ئۆيۈڭدىن،
يۈزۈڭ قۇياشىمىدۇر يا ماھى تابان.
نىدۇر مەقسۇدۇڭ، ئەي شۇرى زەمانە،
يۈرەكىم ئەيلەدىڭ باغرىم بىلە قان.
نېچۈك گەردۇنغە يەتمەيدۇر فىغانىم،
قويۇپسەن يۈرەكىمگە داغى ھىجران.
بۇ لۇتفۇ ئىلتىفاتىڭدىن قەلەندەر،
سۆيۈنۈپ ئاز ئۆرۈر بەرسەم ئەگەر جان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

20

قىلدى مېھمان بىر كېچە موللا زەمان،
بار ئىكەن بارچە بېخىللاردىن يەمان.
تارتتى ئاتىمنىڭ كۆزى تاڭ ئاتقۇچە،
قويغالى ئىستەپ كۆزىگە بىر تال سەمان.①

21

ئەي پەرى پەيكەر ساڭا تا ئاشنا بولدۇم بۇ كۈن،
مېھنەتۇ جەۋرۇ جەفاغە مۇبتەلا بولدۇم بۇ كۈن.
گۈلشەنۇ گۈلزار ۋەسلىڭنى تەماشا قىلغالى،
پەيرەۋى ھەم ھەمدەمى بادى سەبا بولدۇم بۇ كۈن.
تا سېنىڭ دەردۇ غەمىڭنى ھەق ماڭا قىلدى نەسىب،
ئەيشۇ ئىشرەت بىلە راھەتدىن جۇدا بولدۇم بۇ كۈن.
كۆرۈپ ئەي خۇرشىد تابانى جەھان ئارا يۈزۈڭ،
بارچە خۇبلاردىن ئۈزۈپ كۆڭۈل سەۋا بولدۇم بۇ كۈن؛
شۇم رەقىب سەگكە قىلدىڭ تا سەن، ئەي گۈل ئىلتىفات،
ئۆلمەكىمگە رەشكىدىن جانا رىزا بولدۇم بۇ كۈن.
ئەي پەرىزادى زەمانىم، تا ماڭا مەيل ئەيلەدىڭ،
فەخر ئېتىپ دەرمەنٴ بۇ دەم ئاھەنرەبا بولدۇم بۇ كۈن.
دەۋلەتى ھۆسنۈڭدىن ئەي گۈلچېھرەئى شەمسۇ قەمەر،
بارچە ئىشق ئەھلى ئارادە پىشەۋا بولدۇم بۇ كۈن.
تاپتى ئەل بەرگۈ نەۋا دىلداردىن ئۇششاق ئارا،
مەن سېنىڭ ئىشقىڭ غەمىدىن بىنەۋا بولدۇم بۇ كۈن.
مەن سېنىڭ ئىشقىڭدا ئەي لەيلى شىرىن كارى دەھر،
مەجنۇنۇ فەرھادغە ئوخشە بىئەبا بولدۇم بۇ كۈن.②
تاكى بولدۇم ئەي قەلەندەر ئول پەرىۋەشنىڭ قولى،
بۇ شەرەفدىن ساھىبى تاجۇ قەبا بولدۇم بۇ كۈن.

22

سەن ئېرۇرسەن گۈلشەنۇ باغى چەمەن،
مەن ئېرۇرمەن بۇلبۇلۇڭ ئەي سىيمتەن.

---

① ئەسلى قول يازمىدا «قويغالى ئىستەپ كۆزىگە تاپمادى بىر تال سەمان» بولۇپ، نەشرگە تەييارلاشتا «تاپمادى» دېگەن سۆز قىسقارتىلغان. (م)

① ئەسلى قول يازمىدا «مەجنۇن ئوخشە سۆزلەمەككە بىئەبا بولدۇم بۇ كۈن» دەپ يېزىپ بولۇپ، يۇقىرىقى مىسرادىكىدەك تۈزىتىپ قويۇلغان. تۈزىتىلگىنى بويىچە ئېلىندى (م).

لەبلەرىڭ لەئلى بەدەخشانىدۇرۇر،
تىشلەرىڭ دۇر گەۋھەرى دۇررى ئەدەن.
قامەتىڭدۇر سەرۋى گۇلزارى بىھىشت،
خەتتىڭ زۇلفۇڭ سۇنبۇلۇ ھەم ياسىمەن.
يۈزىڭدۇر يا باردۇرۇر شەمسۇ قەمەر،
خالىڭدۇر يا باردۇرۇر مۇشكى خوتەن.
ئەي قەلەندەر ئەمدى سەن پەرۋانە بول،
دىلبەرىڭ بولۇپدۇ شەمئى ئەنجۇمەن.

23

ئۈيۈڭدىن چىقساڭ ئەي خۇرشىد تابان،
قۇياش بولۇر بولۇت ئىچىندە پىنھان.
لەبىڭ لەئلۇ تىشىڭدۇر دۇررى گەۋھەر،
قەدىڭدەك يوقدۇرۇر سەرۋى خىرامان.
لەبىڭغە يەتتى جانىم، سەن كىرىپ ئال،
ئەجەل شەرمەندە بولۇپ قالسە ھەيران.
ئۈزەر پەيدىن كۆڭۈل دەپ، قىلماغىل زۇلم،
كى سەندىن ئۈزمەكىم كۆڭۈل نى ئىمكان.
نى قىلدىم ساڭا ئەي ھۇرۇ پەرىۋەش،
يۈرەكىم بىلە باغرىم ئەيلەدىڭ قان.
تىلەرمەن دەۋلەتۇ ئۇمرۇڭنى ھەردەم،
مىنىڭ ئۈلتۈرمەكىمدۇر ساڭا ئارمان.
تىرىك قويماس كىشىنى بىر زەمانى،
نەسىب ئەتمە ئىلاھا داغى ھىجران.
قەلەندەرغە بۇيۇرغىل خىزمەتىڭنى،
قۇلۇڭدۇر جان بىلەن ئول بەندە فەرمان.

24

تىرىلسە گەر ئۈلۈك تاڭ يوقتۇ سۆزدىن،
ئەگەر كىم بولسە ئول سۆز دىلفەرۇزدىن.
بۇ غەمدىن گەر ئۈلۈپ كەتسەم ئەجەب يوق،
سالۇر بولسە مىنى ئول شوخ كۆزدىن.
ماڭا لۇتفى ئەتمەسە ئول ھۇرى دەۋران،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن ئاندىن كۆرمەگۈم كۆردۇمدۇر ئۆزدىن.
قەلەندەردىن نىگارا ئارى قىلمە،
ئىگىن چانمايدۇ خۇبلار كەيسە يۈزدىن.

25

مەھشەردە يۈزۈڭنى كۆرسە رەھمان،
قالۇر ئۆزى قۇدرەتىغە ھەيران.
غىلمان بىلە ھۇرى خىزمەت ئەيلەر،
جەننەت سارى بولسالار ئەر خىرامان.
سەن قىبرىلىقىمغە رەھم ئەيلە،
ئەي دىلبەرى ياش، ماھى تابان.
كۆرسە ئىدى سېنى بىلقىسنى
ئىلمەس ئىدى كۆزگە سۇلەيمان.
ھەرگىز لەبىڭ ئوخشە كۆرمەگەن لەئلى،
ئۆمرىدە بىرەر شەھى بەدەخشان.
قىلدى سېنى ھەق ھۇمايى دەۋلەت،
كىم كۆردى يۈزۈڭنى بولدى سۇلتان.
ئادەم ئەمەس ئول جەھاندە ھەرگىز،
كىم كۆردى يۈزۈڭنى بەرمەدى جان.
سەندىن دەمى تاپسەكىم جۇدالىق،
تاڭ يوقتۇر ئەگەركى بولسە سەرسان.
كۆرسەم سېنى گەر جانىمنى بىرسىپ،
دەرمەن ئەجەب ئالدىم ئانى ئەرزان.
دېدى: سېنى كۆردىكىم تاپىلماس،
ۋەسفىڭدە جەھاندە ھەددۇ پايان.
باردۇر قىبرىلىق چاغىم ئۆلەرمەن،
قويمە يۈرەكىمگە داغى ھىجران.
مەندەك سېنى دەردىڭە چىدالماس،
رۇستەم بىلە بەرزۇ، نەرىمان.
جايى ئانى بولغۇسىدۇر جەننەت،
كىم ساڭا قىلغۇر جانىنى قۇربان.
ھەركىمسەنى باردۇ بىر مۇرادى،
ماڭا سېنى كۆرمەكىڭدۇ ئارمان.
نىبدۇر سېنى مەقسەدىڭنى بىلمەم،

يۈرەك بىلە باغرىم ئەيلەدىڭ قان.
بىچارە قەلەندەر ئۆلگۈدەكدۇر،
سەن دەردۇ غەمىگە ئەيلە دەرمان.

26

كۆرمەدىم بىر ئىلتىفاتى دەھر ئارادە ياردىن،
تا تۇغۇلدۇم كۆرمەدىم ئالەمدە جۇز ئازاردىن.
.................................. ...............
..................................................

27

بولۇپدۇر سەير ئۈچۈن ئول گۈلئۈزارىم راكىبى تەۋسەن،
قىسىبدۇر ئوتاغاتى يانىدە زىننەت ئۈچۈن سەۋسەن.
بولۇر ئىشقۇ مۇھەببەتنىڭ كەمالى ھۇسنى دىلبەردىن،
كېچە رەۋشەن بولۇر ھەرقانچەئى كىم بولسە ئاي رەۋشەن.
نېھەدكىم ئوخشەگەي بىلقىس سېنىڭ ھۇسنۇڭگە ئەي دىلبەر،
تاڭ ئېرمەسدۇركى قىلسۇن خىزمەتىڭنى شىرىنى ئەرمەن.
سېنىڭ كىرپىكلەرىڭ ئەي مەھۋەشۇ گۈلچېھرەئى دەۋران،
ئۆتەر تۇرماي تەنىدىن ھەر كىشىكىم كەيسە يۈز جەۋشەن.
نې ھەددى بار قەلەندەركىم كۆتەرگەي ئىشقىنىڭ دەردى،
ئەگەرچەندىكى بولسە رۆستەمۇ بەرزۇ بىلە بەھمەن.

28

تۇتۇپ ھۇسنى ئانىڭ روىي زىمىننى،
نې مۇمكىن قاچماقىم ئەي مەردى رەھ، مەن.
قىلۇرلەر بۇلبۇل ئوخشە ئاندە ئەفغان،
كويۇڭدۇر بارچە ئەل كۆزىگە گۈلشەن.
قۇلۇڭمەن تا تېنىمدە باردۇ جانىم،
بۇ سۆزۈمدۇر مېنىڭ ئەلبەتتە بىزەن.
سۇباتى يوق جەھاننىڭ فانى بولغىل،
قەنى جەمشىدۇ ئىسكەندەر، دېدى مەن.
..................................................

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

29

كەيسە نارەنجى ئىگىنىنى ئۇل مەھى شىرىن نىشان،
تاڭ ئەمەس فەرھاد بولسۇنكىم ئانى كۆرگەن زەمان.
تاكى كۆردۈم ئۇل گۈلى گۈلزارى جەننەتنىڭ يۈزىن،
بۇلبۇل ئوخشە بولدى ئىشىم نالەۋۇ ئاھۇ فىغان.
قۇمرىدەك بويىنۇمغە سالدىم بەندەلىكنىڭ تەۋقىنى،
تاكى كۆردۈم قامەتىڭ ئەي دىلبەرى سەرۋى رەۋان.
نې كۈن ئېردى ئاي يۈزۈڭنى كۆردۈم ئەي ھۆرى پەرى،
كۆزلەرىم دۇر فۇرقەتىڭدىن ھەر زەمان گەۋھەر فىشان.
كىمكى كۆردى ئارەزىڭنى ئەي پەرى پەيكەر دېدى:
يۇسۇفى كەنئاندىن ھۆسنۈڭ سېنىڭ ئېرمىش نىشان.
تۈشتى كۆزۈم تا جەمالىڭ با كەمالىغە سېنىڭ،
مېھنەتۇ دەردۇ غەمىڭدىن بىر زەمان تاپمام ئامان.
تا تىشىڭ بىرلەن لەبى لەئلىڭنى مەن قىلدىم خەيال،
بىر كۆزۈمدىن ئاقتى ياشۇ بىر كۆزۈمدىن ئاقتى قان.
ئەي پەرىزادى زەمانۇ ھۆرى دەۋرانىم مېنىڭ،
شۇم رەقىبكە باقماكىم باردۇر يامانلاردىن يامان.
تۆمۈرىن تۆتمە كۆيەر قولۇڭنى تارتغىل ئەي تەبىب،
ھەريەمى دەۋراندۇرۇر ئىسمەتدە ئۇل ھۆرى زەمان.
لايىقۇ ئەنسەبدۇرۇركىم دېسە «لا يۇدرەك» دۇرۇر،
كىم دېسە ئايۇ قۇياشنى سەندىن ئېرمىشدۇر نىشان.
بۇلبۇلى نالاندۇرۇرمەن ساڭا ئەي سىيمىن بەدەن،
تا كۆرۈپمەن گۈل يۈزۈڭ ۋەسفىڭنى قىلغۇم داستان.
جان بىلە باردۇر قەلەندەر ئەي پەرى پەيكەر قۇلۇڭ،
كىمنى كۆرسە مەقسەدى قىلسۇن سېنىڭ ۋەسفىڭ بەيان.

30

بىر پەرى پەيكەر خەيالىدىن ھەمىشە شادمەن،
مېھنەتۇ جەۋرى - جەفايى دەھرىدىن ئازادمەن.
قىلدى كۆپ جەۋرى - جەفا جانىمغە ئۇل شىرىن جەمال،
دەردۇ غەمنىڭ تاغىدە گوياكى بىر فەرھادمەن.
بۇدۇرۇر ھالىم مېنىڭ ئەي دىلبەرى نامېھرىبان،
ۋەسلىڭ ئىلە شادۇ ھەجرىڭ بىرلەكى ناشاد مەن.

کۆرمەدىم راھەت يۈزىنى بىردەم ئەي ھۇرى زەمان،
نې كى بولدۇم بۇ جەھاننىڭ ئىچىدە، ئەي جان، مەن.
تا كۆڭۈل بەردىم ساڭا، ئەي مەھۋەشى خۇرشىد فەر،
بارچە ئەيشى راھەتىمنى ئەيلەدىم بەربادمەن.
بىر زەمانى تاپمادىم راھەت بىلە سەبرۇ قەرار،
تا ساڭا بەردىم كۆڭۈل ئەي شوخ ھۇرۇ زادمەن.
بەسكى كۆيدۈم ئەي قەلەندەر ئول پەرىۋەش ئوتىدا،
ئىشق ئىلىگە دەھر ئارادا ساھىبى ئىرشادمەن.

**قىتئە**

يۈزۈمگە ياپتى باغنىڭ ئىشىكىنى،
ئىلاھا باغبانىنىڭ قولى سىنسۇن.
رەقىبى شۇمنىڭ قانىنى ئىچسەم،
دەمى كۆڭلۈم مېنىڭ شايەدكى تىنسۇن.
خەلايىقدىن بولۇر مەھشەر كۈندەك،
ئەگەر سەير ئەتكەلى تەۋسەنغە مىنسۇن.
تۈشۈرمەي دامىغە قويمايدۇ ھەرگىز،
يىراقدىن كىمنى كىم كۆزىگە ئىلسۇن.
تاڭ ئېرمەس رەھم ئېتىپ ئول يىغلاسۇن قان،
ئۇشول زالىمغە گەر ھالىم بىلىنسۇن.
بۇ ئىشدىن بولماغۇم ھەرگىز پۇشەيمان،
ئانىڭ يولىدە گەر تېرەم تىلىنسۇن.
جەفاۋۇ جەۋرى قىلماق بىلە يانماس،
قەلەندەر جانىغە قانچە قىلىنسۇن.

32

لەئل قىلدى دەئۋىسىن لەئلى لەبىڭ بىرلە ئەيان،
ئاستىلار ئوغرى كەبى بوينىنى باغلاپ شولزەمان.
بىر ئانىڭدەك يوقدۇرۇر لەئلى بەدەخشان تاغىدا،
لەئلىكىم سۆز بىرلە بولغاي ھەر زەمان گەۋھەر فىشان.
تۇتى قىلدى خەت بىلە لەئلى لەبىڭنىڭ ۋەسفىنى،
پەرلەرى بولدى زۇمۇرەد لەئل مىنقارى رەۋان.
لەئلىنىڭ ئالدىدە نېچۈك يوقتۇ تاشنىڭ قىممەتى،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



لەبلەرنىڭ ئالدىدا بولۇر لەئىل ھەم ئاندىن نىشان.
گەر قەلەندەرنىڭ سۆزى شىرىنۇ رەڭگىندۇر نىباتىڭ،
باردۇرۇر كۆڭلىدە دائىم ئول لەبى شەككەر فىشان.

33

يۈزۈڭنى كۆردۈم ئەي خۇرشىد تابان،
دىمەي خۇرشىد تابان نۇرى ئىمان.
مۇسۇلمانزادە بولساڭ رەھم قىلغىل،
يۈتارمەن فۇرقەتىڭدىن ھەر زەمان قان.
قىلۇر ھەسرەت بىلەن يۈز ئافەرىنلەر،
ئەگەر كۆرسە يۈزۈڭنى ماھى كەنئان.
بىرەر سورساڭ نې بولۇر ئاغرىقىمنى،
سېنىڭدەك يوقتۇرۇر دەردىمگە دەرمان.
ئەگەر ھەجرىڭدە ئۆلسەم ئەي پەرىزاد،
ئىچىڭ ئاغرىپ بولۇرسەن سەن پۇشايمان.
سېنىڭدەك ياخشىلىقدا يوق جەھەندا،
يامانلىقدا مېنىڭدەك يوقتۇر ئەي جان.
ئۇشول كۈندىنكى كۆردۈم ئارەزىڭنى،
بولۇپمەن قۇللارىڭغە بەندە فەرمان.
ئالىپسەن تاقەتۇ سەبرۇ قەرارىم،
يۈرەككە تاكى قويدۇڭ داغ ھىجران.
قەلەندەر تا تىرىكدۇر بۇ جەھاندە،
قىلۇر ۋەسفىڭ سېنىڭ، ئەي، ماھى دەۋران.

34

ماڭا كۆرسەتتى ئول گۇلچېھرە قاشىن،
ھىلال ئەيلە دېدى قىلغان تالاشىن.
ئۇشول ھۇرى پەرىزادى زەمان دەير،
يۈزۈمنىڭ زەررەسى گەردۇن قۇياشىن.
تولۇن ئايدەك ماڭا ئول مەھۋەشى ياش،
سورادىم دېدى: دۇر ئون تۆرت ياشىن.
خىجالەتدىن ئۆلەر بىلقىس دەۋران،
ئەگەر كۆرسە ئانىڭ ھۇسنىن تاماشىن.

تۆكەرە ھەدىسىز قەلەندەر كۆزىدىن ياش،
قىرىلىقدە كۆرۈپ ئول شوخ ياشىنى.

35

قىرىغان چاغىمە بىر ياش دەۋران،
ئۆتۈپ كۆڭلۈمنى قىلدى يۈرەكىم قان.
تۈشۈپ قۇشقاچ كەبى قولىدا كۆڭلۈم،
بىلۇر جاندىن ئەزىز، ئۆلتۈرۈر ئاسان.
ئانىڭدەك غۇنچەئى نەۋرەسىغە كۆيمەك،
ماڭا قىسمەت قىلىپدۇرلەركى رەھمان.
قىرى دەپ بىرگىنە سۆيمەيدۇ ياشىم،
ئاڭا ھەقدىن مەگەر بولدى بۇ پەرمان.
ئەگەر بىر سۆيمەيىن ئۆلسە قەلەندەر،
ئانىڭ ئىچىدە قالۇر يۈز مىڭ ئەرمان.

36

تەكەللۇم ئەيلە ئىپسادەك سەن ئول لەئل بەدەخشاندىن،
ئەگەر رەھىم ئەتمەسەڭ سەن ئۆلگۈدەكمەن داغى ھىجراندىن.
رەقىبىمغە قىلۇرسەن ئىلتىفاتىڭنى سەن، ئەي دىلبەر،
جەھاندە كەلمەس، ئەي گۈلرۇخ بۇ ئىش ھەرگىز مۇسۇلماندىن.
بولۇپمەن موردىن ئاجىز سىنىڭ ھەجرۇ فىراقىڭدىن،
بۇ جەۋرۇ زۇلم لازىممۇ سىنىڭ ئوخشە سۇلەيماندىن.
يۈزۈڭنى كۆردۈمۇ جان بەرمەدىم ئەي شوخ سىمىنبەر،
مىنى ئۆلتۈرگۈدەكدۇر ئاقىبەت ئۇشبۇ پۇشەيماندىن.
قەلەندەر دەردۇ غەم بىرلەن سىنىڭ يولۇڭدە گەر ئۆلسۈن،
مۇناسىپ بارمىدۇر بۇ ئىش سىنىڭدەك خانى دەۋراندىن.

37

كىمكى ئايرىلسە سىنىڭدەك شوخ گۈل رۇخساردىن،
بۇلبۇلى دۇركىم جۇدا بولۇپدۇرۇر گۈلزاردىن.
مەن يامانى تاشلامە ئەي مەھۋەشى ھۇرى زەمان،
ئار قىلماس گۈل چەمەن ئىچىندە ھەرگىز خاردىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەل قانىن ئىچمەكدۇرۇر سىنىڭ ئىشىڭ ئالەم ئارا،
ئەلھەزەر دىمەك كىرەك ئەي شوخ بۇ كىردارىدىن.
دەردى غەمنىڭ لايىدىن تەكرىم ياراتپدۇر مىنى،
بولمادى ئاسۇدە كۆڭلۈم بىر دەمى دىلدارىدىن.
گويىيا قۇدرەت بىلە تەكرى ياراتپدۇر ئانى،
رەشك ئېلتۇر سەرۋى تۇبى ئول قەدى رەفتارىدىن.
تا قاچانچە جان ئۇزەر ھەسرەت بىلە ئەي دىلرەبا،
تۇتىگە لۇتف ئەيلەگىل ئول لەئلى شەككەر بارىدىن.
بۇلبۇلۇڭ بولدى قەلەندەر ئەي پەرى رەھم ئەيلەگىل
مەقسەدى ۋەسلىڭ بولۇپدۇر ئانى بۇ گۇفتارىدىن.

38

مىنىڭ ئاھىمدۇرۇر خۇرشىد تابان،
تىشى گەۋھەر، لەبى لەئلى بەدەخشان.
تەئەججۇب ئەيلەبان ھۇرۇ پەرى دەر،
ئەجەب ئايى قۇياشدىن بار دۇرەخشان.
بولۇپدۇر پادىشاھى كىشۋەرى ھۇسن،
ئاڭا خۇبلار بارىدۇر بەندە پەرمان.
ئەگەر كىم ئىستەسەڭ دۇنيانى بىر - بىر،
ئانىڭدەك تاپماغايسەن پاكى دامان.
قەلەندەر بىھۇدە سەئيى ئەتمەگەيسەن،
كۆڭۈل ئۈزمەك ئەمەس خۇبلاردىن ئاسان.

39

بولۇر گۇل - گۇل يۈزۈڭ، ئىچسەڭ ئەگەر كىم بادەئى گۇلگۇن
بارى خۇبلارنى رەشكىڭدىن قىلۇرسەن ئىچىنى پۇرخۇن.
سىنىڭدەك يوق ئىكەن دىلبەر نىگارا لەيلىيۇ شىرىن،
نىھەد دۇر تۆكھەتىڭ بولغاي ماڭا فەرھاد ئىلە مەجنۇن.
فىراقىڭگە ئاقار ئانداق ئىككى كۆزۈم سۇيى تۇرماي،
ئانى كۆرگەن گۇمان ئەيلەر بىرى سەيھۇن، بىرى جەيھۇن.
ياراتپدۇر خۇداۋەندىم سىنى ئەينى لەتافەتدىن،
بىھىشتدە سەرۋ ئىلە تۇبى قەددىڭدەك يوقتۇرۇر مەۋزۇن.
قەلەندەر ھالىغە باققىل بىرەر ئەي ھۇرى دەۋرانىم،
سىنىڭ ۋەسلىڭدە كىم تاپتى مىنىڭدەك تازە بىر مەزمۇن.

40

مەھى شىرىن زەبانىۇ دىلرەبايى گۇلئۇزارىم سەن،
پەرىۋەشلەر ئارا گۇلچەھرە شوخى تاجدارىم سەن.
سىنىڭدەك يوقتۇرۇر بىر نازەنىنى بۇ جەھان ئىچرە،
شەھنشاھى زەمانىۇ خىسرەۋۇ ھەم شەھسەۋارىم سەن.
سىنىڭدەك تۇغمادى ھەرگىز جەھاندە بىر پەرى پەيكەرە
دىل ئارامۇ دىل ئارايۇ نىگارى كام كارىم سەن.
قەدىڭدەك سەرۋى ئازادى بىھىشت گۇلزارىدا يوقتۇر،
گۇلى نەۋرەستەئى باغى جىنانۇ نامدارىم سەن.
ئەگەركىم ئاتلانىپ چىقسۇن پەرىيۇ ھۇر ئىلە خوبلار،
ئۇلار يۇلدۇز، قۇياشدەك سەن ئارادە شەھسەۋارىم سەن.
ئەگەرچە باردۇرۇر خوبلار جەھاندە ھەدسىز ئەي دىلبەر،
ئۇلارنىڭ ئوتراسىندە گۇلشەنۇ باغۇ بەھارىم سەن.
تەنىمدە باردۇرۇر ھەر داغىم ئۆزرە نەچچە تۈرلۈك داغ
بولۇپمەن تاۋۇسۇ سەن دىلرەبايى لالە زارىم سەن.
قەلەندەر بولمىسۇن نىدىن ساڭا ئەي دىلرەبا بەندە،
كۆزۈمنىڭ نۇرىيۇ ئالەمدە فەخرۇ ئىپتىخارىم سەن.

41

كۆرۈپمەن تا سىنى ئەي قەددى مەۋزۇن،
غەمۇ دەردىم بولۇپدۇر ھەددىن ئەفزۇن.
سىنىڭ ھەجرىڭدە تولا زار يىغلاپ،
بولۇپدۇر كۆزلەرىم ھەر بىرى جەيھۇن.
بولۇرمەن جان - دىل بىرلەن ساڭا قۇل،
ئەگەر قىلساڭ بىرەر لۇتف ئىلە مەمنۇن.
ئىرۇر بەختىم زەبۇنۇ تالئىم شۇم،
بولالماسمەن ساڭا ئۆلگۈنچە مەقرۇن.
قىلىپدۇر دىلبەرى مەيخارەسىغە،
قەلەندەر جەندەسىنى مەيغە مەرھۇن.

42

جەفالەر ماڭا ئەي دىلدار سەندىن،
بولۇپدۇر كۆزلەرىم خۇنبار سەندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماگا رەھم ئەيلە ئەي خۇرشىدى تابان،
يۇرەك باغرىم ئېرۇر ئەفكار سەندىن.
بۇ كۆڭلۈم بۇلبۇلى ئوخشە ئەي پەرىزاد،
فىغانى باردۇر ئەي گۇلزار سەندىن.
نېچۈك كۆرسەم ئانى مەن ئۆزگەلەردىن،
تەنىمدە باردۇرۇر ئازار سەندىن.
قىلىپدۇر گۇلشەنى ھۇسنۇڭ تەماشا،
قەلەندەرغە ئېرۇر گۇفتار سەندىن.

43

ئىشىتتىم كىم يۈزۈڭدۇر ماھى تابان،
چۇ كۆردۇم بار ئىكەنسەن ئىككى چەندان.
لەبىڭدۇر لەئلۇ تىشىڭ دۇررۇ گەۋھەر،
قۇياش كۆرسە بولۇر يۈزۈڭنى پىنھان.
باشىڭدە ئوتاغاتىڭ تاجۇ دەۋلەت،
ئاتەڭ دۇلدۇلمۇدۇر يا رەخشى رەخشان.
تەئەججۇب قىلمە ئەي بىلقىس نەسەبلىك،
يۈزۈڭ كۆرسەم، دېسەم بولدۇم سۇلەيمان.
ۋىسالىن ئىستەمەك نې سۇد قەلەندەر،
ئەزەلدىن قىسمەتىڭدۇر داغى ھىجران.

44

تا سېنى كۆردۈم كېچىپمەن بەندەۋۇ ئازاددىن،
مەھۋەشى ھۇرۇپەرىلەر قامەتى شەمشاددىن.
بىلمەدىم تەگرىم نېچۈك سالىپدۇ مېھرىڭ كۆڭلۈمە،
بىردەمى چىقماس خەيالىڭ خاترى ناشاددىن.
مۇنچە ھەم زالىم بولۇرمۇ ئول پەرىزادى زەمان،
بىردەمى تىنمايدۇ جەۋرۇ زۇلم ئىلە بىداددىن.
لەيلىيۇ شىرىن سېنىڭدەك يوق ئىكەن ئەي ھۇرىزاد،
مەن نېچۈك بولماي زىيادە مەجنۇنۇ فەرھاددىن.
ئەيلەدىم ۋەيرانەلەرنى ئەي قەلەندەر مەسكەنىم،
تاپمادىم فەيزۇ فۇتۇھى زەررەئى ئاباددىن.

45

ئېرۇر ئىككى لەبىڭ لەئلى بەدەخشان،
ئەمەسدۇر كۆڭۈل ئۈزمەك سەندىن ئاسان.
تاپارسەن سەن سەۋابى ھەججى ئەكبەر،
ئەگەر قىلساڭ مېنىڭ دەردىمگە دەرمان.
ئەگەر كۆرسەتمەسەڭ ۋەسلىڭنى باغىن،
مېنى ئۆلتۈرگۈسىدۇر داغى ھىجران.
بىر ەر كۆرسەم ئەگەركىم ئىلتىفاتىڭ،
قىلۇرمەن ئالدىڭدا جانىمنى قۇربان.
يۈزۈڭ كۆرسەتمەسەڭ ئۆلەر چاغىمدا،
قەلەندەر ئىچىدە قالۇر بۇ ئەرمان.

46

يۈزۈڭ ئۇيىدا ندۇرۇر شەمسۇ قەمەردىن،
سۆزۈڭ تاتلىقدۇرۇر شەھدۇ شەكەردىن.
لەبىڭدەك يوقتۇرۇر لەئلى بەدەخشان،
تىشىڭ خۇبراقدۇرۇر دۇررۇ گۇھەردىن.
كىشىگە بولسە ئاززاق بەختى ياۋەر،
ئېرۇر ئۇيىدان تولا فەزلۇ ھۇنەردىن.
بېلىمدىن سۇدرەپۇ باشىمغە تەپسەڭ،
ماڭا ئۇيىدا ندۇرۇر تاجۇ كەمەردىن.
ئۆلۈمدۇر ياخشىراق ئاڭا قەلەندەر،
كىشى ئايرىلسە سەندەك سىيمبەردىن.

47

ساچى سۇنبۇل ئىلە ئول زۇلفى مۇشكىن،
تۇشۇپدۇر ئاي يۈزۈڭگە چىن ئۈزە چىن.
تاڭ ئېرمەس بۇ گۇلى رۇخسارى بىرلە،
گۇلستانى بېھىشتنى قىلسە رەڭگىن.
ئىشتمەس ھەر نەچە ئەرزىمنى دېسەم،
ئېرۇر ئەزبەسكى ھەردەم كۆھى تەمكىن.
كى سەندىن يانماقىمنى مۇمكىنى يوق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەگەركىم قىلسەلەر قىيىن ئۈززە مىلىك قىيىن.
كىشى ئۇيغاتسە ئۇيغانماس قەلەندەر،
مېنىڭ بەختىمنى ئۇيقۇسىدۇ سەگىن.

48

بۇ نې يۈزدۇركىم قىلۇرمەن مىلىك كۆرەرنى ئارزۇ،
مىلىك ئەگەر كۆرسەم يەنە يۈزمىلىك كۆرەرنى ئارزۇ.
بىرگىنە سورغايمۇ دەپ ھالىمنى ئەيلەپ ئىلتىفات،
شەككەرىن لەئلى لەبىدىن مىلىك قىلۇرمەن ئارزۇ.
..................................................
..................................................
ھەرزەمان كويىن تاۋاپىنى قىلۇرمەن ئارزۇ،
..................................................

49

يوقتۇ غەيرى لالە بۇتكەن ئىشق ئېلىنىڭ باغىدە،
مۇندىن ئۈزگە گۈل تاپىلماس ئىستەسەڭ ھەم تاغىدە.
كۆرۈنۇر قىبلەنەمادەك ئاشكارا كۆزۈڭە،
تاش يۈرەكى گەر باقار بولساڭ ئانىڭ قۇرساغىدە.
كۆرمەگەي ھەرگىز جەھاندە ئول يامانلىقنىڭ يۈزىن،
دەھر ئارا قويسە قەدەمنى ھەر كىشى ئۈز چاغىدە.
مەن نېچۈك قىلغۇمدۇر ئول شوخى ستەمگەرگە خىلاف،
كۆرەدۇر رويى زەمىننى دىلبەرىم تىرناغىدە.
ھەقتەئالانىڭ ئىشىنى ئەي قەلەندەر كۆرگەسەن،
ھىر گۈلى نەۋرەس قۇلى قىلدى قىيرىلىق چاغىدە.

50

ھۇسن ئېلىدە يوقتۇ سەندەك پادىشاھى ئالىيجاھ،
تاڭ ئەمەس ھۇرى - پەرى بولسۇن ساڭا خەيلۇ سىپاھ.
ئارەزىم بولدى سەرىغۇ كۆزلەرىمدىن قان ئاقار،
بۇ ئىكىسى باردۇرۇر ئىشقىمگە ئەي گۇلرۇخ گۇۋاھ.
نې ئۈچۈن خۇبلار ساڭا قۇل بولمىسۇن ئەي سىيمبەر،

ئۆتمىگەن سەندەك يەنە ئالەم ئىچىندە پادىشاھ.
ھەق ياراتتى خىلقەتىڭنى گويىيا ئۆز نۇرىدىن،
ئوخشاماسدۇر ساڭا بىر بولسۇن ئەگەركىم مېھرۇماھ.
جانۇ دىل بىرلەن ساڭا مىسكىن قەلەندەردۇر قۇلۇڭ،
گەر مۇسۇلمانزادە بولساڭ قىلماغىل ھالىن پەناھ.

51

سەن دەۋلەتۇ ئىززۇ جاھ بىرلە،
مەن دەرد فىراقۇ ئاھ بىرلە.
ئىشقىڭدەدۇ كۆز ياشىم بىلە قان،
بۇ ئىككىسىدۇر گۇۋاھ بىرلە.
مەن يەردە ساڭا نېچۇك يېتەرمەن،
سەن سەنقۇياش ئىلە ماھ بىرلە.
سەندىن نېچۇك ئىشق ئېلى قۇتۇلسۇن،
ھۇسن ئېلى ساڭا سىپاھ بىرلە.
ئول شاھى جەھانۇ مەن قەلەندەر،
كىم كۆردى گەدانى شاھ بىرلە.

52

كىم سەفەرنىڭ رەختىنى غۇربەت سارىغە باغلادى،
يۈزدىگە ئەيشۇ تەرەبنىڭ ئىشكىنى باغلادى.
قويمادى ھەرگىز ئاياغىنى ۋەتەنىنىڭ تاشىدا،
ھەر كىشى ئۆزىنى فەراسەت بىرلە ھالىن چاغلادى.

...................................................................

...................................................................

53

لې بولۇر كەلسەڭ بىرەر ھالىمنى سوراپ قاشىمە،
رەھم قىلساڭ ئەي پەرى پەيكەر بۇ قانلىق ياشىمە.
لۇتفى ئېتىپ سورغىل سەن ئەي ھۇر - پەرىزادى زەمان،
مېھنەتۇ دەردۇ غەمىڭدىن كەلدى نېلەر باشىمە.
ئەيتىڭ ئەرزىمنى ئۇشول گۈلچېھرەئى نا مېھرىبان،

www.uyghurkitap.com



ھەرنە قىلسام باقماسۇن ئۇل ئاشكارۇ فاشمە.
ئېيتىڭىز رەھم ئەيلەسۇن، دېسۇن ئەگەركىم ئۆلمەسۇن،
دىلبەرى بىرەھمى زالىم شوخى باغرى تاشمە.
نەچچەلەر ئەرزىم دېدىم يىغلاپ قەلەندەر ئالدىدا،
بولمادى مەقبۇل بىرى ئۇل دىلرەبايى ياشمە.

54

مېنىڭدەك يوقتۇرۇر ئالەمدە گۇمراھ،
بۇ غەمدىن تارتادۇرمەن ھەر زەمان ئاھ.
فىغانۇ نالە بىرلەن يىغلاشۇر قان،
مېنىڭ ھالىمدىن ئەل گەر بولسۇن ئاگاھ.
تاڭ ئېرمەس بارچە ئالەم شاھى بولساڭ،
ئېرۇر بەختىۇ سەئادەت ساڭا ھەمراھ.
خۇداغە ھەر زەمان شۈكرانەلەر قىل،
بېرىپدۇر ساڭا ئىززۇ دەۋلەتۇ جاھ.
دەمى دىلبەر بىلە قويمايدۇ ھەرگىز،
رەقىبى بەددىيانەت شۇم بەد خاھ.
مۇرادىم بۇدۇر ئەي خۇرشىدى تابان،
سېنى قىلسۇن خۇدايىم دەھر ئارا شاھ.
بولۇپسەن بۇ جەھاندە ھۆسن شاھى،
نېھەد ساڭا تەڭ ئۇلغاي مېھر ئىلە ماھ.
قۇلاق سالمايدۇرۇر ۋەسفىگە ئۇل شوخ،
قىل ئەمدى ئەي قەلەندەر سۆزنى كۇتاھ.

55

كۆككە ساۋۇردۇم ۋۇجۇدۇم تۇفراغىنى ئاھ ئىلە،
تەن ئۆيىن بۇزدۇم يىغايۇ نالەئى جانگاھ ئىلە.
غۇربەتۇ ئىشقۇ مۇھەببەت بىرلە ھەم بىمارلىق،
قىلدىلار جەۋرۇ جەفالار جانىمە ئىكراھ ئىلە.
ئۇل پەرىزادى زەمانىنىڭ ۋەسلىغە ئەي دوستلار،
مەن نېچۇك يەتكۇمدۇرۇر بۇ تالىئى گۇمراھ ئىلە.
يوقدۇرۇر بىر زەررە پەرقى، ئەي مۇسۇلمانلار، بىلىڭ،
كىشىۋەرى ئىشقۇ مۇھەببەتدە گەداۋۇ شاھ ئىلە.
دىلبەرىڭ ۋەسلىغە يەتمەكلىك قەلەندەر دۇرمەھال،
كىچەۋۇ كۇندۇز مۇساھىب باردۇ مېھرۇ ماھ ئىلە.

56

تەنگە كۆڭلەكی گۇلگۇن یاراشتی.
ماڭا بۇ دیدەئی پۇرخۇن یاراشتی.
مىنىپ تەۋسەننی چىقتىڭ ناز بىرلە،
پەرىلەر بارچە رەشكىڭدىن تاراشتی.
چەمەننىڭ سەیرىغە بولدۇڭ خىرامان،
نىكىم كۆزلۆك ئىدی ساڭا قاراشتی.
ئاڭا سەھۋەن نەزەر قىلدىڭ بىناگاھ،
رەقىبۇ شۇم بەدرەك ھەددىن ئاشتی.
نې ئەردەكىم مىنی كۆردی قەلەندەر،
رەقىب ئاچىغلانىپ زەھرىنی چاشتی.

57

ئېرۇرسەن بارچە سەن خوبلارنی خانی،
قۇیاشغە یوقتۇرۇر سەندىن نىشانی.
جەھاننی بىر بىردىن قىلدىم تەماشا،
كویۇڭدەك كۆرمەدىم دارۇلئەمانی.
باری خوبلارنی قىلسام شاھی دەۋران،
ئەگەر ئىشق ئىلىنىڭ بولسۇن زەمانی.
یۆزۆڭنی كىمكی كۆردی ئەي پەرىزاد،
ئاڭا ئۆلگۆنچە كویۇڭدۇر مەكانی.
بىرىپدۇر ھەر كىشىگە تەڭری بىر ئىش،
قەلەندەرغە سىنىڭ ۋەسفىڭ بەیانـی.

58

كىمكی ئول گۇلچىھرەنی ئۆزدىگە مىھمان ئەیلەدی،
ئۆزىنی ئىسكەندەرۇ جەمشىدی دەۋران ئەیلەدی.
تا كەمەندی زۇلف ئىلە كۆڭلۆم قۇشىنی قىلدی سەید،
یۆرەكىمنی ئۆرتەدی باغرىمنی بەریان ئەیلەدی.
فۇرقەتۇ ھىجرانىغە ئول دىلبەری سیمەن بەدەن،
كۆزلەرىمنی یاشىنی لەئلی بەدەخشان ئەیلەدی.
ئول خۇداۋەندىكی باردۇر خالىقی كەۋنۇ مەكان،

تىشلارىنى گەۋھەرۇ لەئلىنى مەرجان ئەيلەدى.
ئۆزىنى قىلدى جەھانده تۇرفه بىر شۇھرەتنەما،
تا سىنىڭ ۋەسفىڭ قەلەندەر ئەلگە داستان ئەيلەدى.

59

يۈزۈڭدەك يوقتۇرۇر، ئەي سىيمبەر ماھ،
لەبىڭدەك يوقتۇرۇر شەھدۇ شەكەر ماھ.
ئەجايىب غۇنچەئى خەنداندۇر ئاغزىڭ،
تىشىڭدەك يوقتۇرۇر دۇررۇ گۆھەر ماھ.
ئىرۇر قەددىڭ سىنىڭ سەرۋى خىرامان،
ۋەلى خۇيۇڭ سىنىڭ باردۇر شەرەر ماھ.
سىنى ئۆزۈمگە ئاشىق ئەيلەرئىردىم،
سۆزۈمگە بولسە ئىردى گەر ئەسەر ماھ.
بارى ئەسرارى ئالەمنى بىلۇرسەن،
ئىرۇرسەن لىك مەندىن بىخەبەر ماھ.
مۇسۇلمان ھىچ كىشى دىمەسدۇر ئانى،
كىشى سەندىن ئەگەر قىلسۇن گۇزەر ماھ.
مىنىڭ ھالىمدىن ئولغىل سەن خەبەردار،
رەقىبدىن ماڭا باردۇر كۆپ خەتەر ماھ.
بولۇر جەمشىدۇ ئىسكەندەر - قەلەندەر،
ئاڭا قىلساڭ ئەگەركىم بىر نەزەر ماھ.

60

يۈزۈڭدۇر گۈلشەنى جانىمۇ دىلجوي،
لەبىڭدۇر شەككەرىستانىمۇ دىلجوي.
كۆزۈڭدۇر نەرگىسۇ قاشىڭ ياڭى ئاي،
قەدىڭ سەرۋى خىرامانىمۇ دىلجوي.
تىشىڭدۇر گەۋھەرۇ ھەم دۇررى سىيراب،
لەبىڭ لەئلى بەدەخشانىمۇ دىلجوي.
نىچۇك قىلماي فىدا جانىمنى ساڭا،
ئىرۇرسەن خاتۇ سۇلتانىمۇ دىلجوي.
قەلەندەر بۇلبۇلۇڭدۇر ئەي پەرىزادە،
يۈزۈڭ باردۇر گۈلىستانىمۇ دىلجوي.



# غەزەللەر

## ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: تورغۇن ئىبراھىم، ۋاھاب قادىر

شۇ بائىسكىم ئېرۇر ھۆسنۈڭ پاراۋان،
جاپا قىل، بەرمىگىن، بۇنىڭغا تاۋان.
دىلىمنىڭ ئېتەكىن چاك ئەتدى ئول ئاي،
ئول ئاينىڭ ئورنىدۇ چاكى گىرىبان.
نىگاھىڭ نەرقىدۇر جانغا باراۋەر،
قويۇپ قوي ئاڭا ئەل باقسۇن پاراۋان.
دىلىم قولۇڭدادۇر، ئاڭا نەزەر سال-
كى، قانچە ھىجر داغى ئاندا پىنھان.
زەنەخدان چاھىغا چۈشكەندە كۆپ دىل،
يەنە جانلار بىلەن تولغانتى چەندان.
سېنى كۆيگەن جىگەر-باغرىمغا باسقۇم،
سېنى تۇزدىن ياراتقانىمدى يەزدان؟
يېرىم كۈلكەڭ بېرۇر خۇسرەۋگە يۈزجان،
ئۇ يۈز جانغا كېلۇرمۇ تەڭ يېرىمجان.

× ×

غېمىدىن شادىمانتىم، گەرچە تۈنلەر زار-زار ئۆتتى،
قىلۇرمەن ياد ئۇ تۈنلەرنى ئەگەرچەندىكى تار ئۆتتى.
گۈزەل رۇخسارىنى كۆرگەچ كۆزۈمگە كەلمىدى ئۇيقۇ،
قاراپ باقسام مىژە قاقماي تۇرۇپ، تۈنبىرلە يار ئۆتتى.
ئىشىكگە كۆزۈمنى سۈرتە-سۈرتە تاڭنى ئاتتۇردۇم،
ماڭا بۇ بەختۇ ھۆرمەتدۇر، ئەگەرچەندىكى خار ئۆتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۈنۈگۈن شەربەت ئىچتۇق ئىككىمىزگە ھەم شىرىن بولسۇن،
كى سەن مەي، مەن جىگەر قانىمنى ئىچتىم، خۇش خۇمار ئۆتتى.
دېدىلەر: «زۇلپى يادىدا نېچۈكدۇر ھالۇ ئەھۋالىڭ؟»
دېدىم: «بىر قۇشكى تۇتقۇن، كۆزى دائىم ئىنتىزار ئۆتتى.»
ئۇ تۈننىڭ ماجىراسىن سورماغىل سەن، مەنمۇ ھەم ئېيتماي،
باشىڭدىن ئۆرگىلەي جانان، بىغايەت بىقارار ئۆتتى.
پىراقىڭدا ئەگەرچە غەم يېمەكلىك كەسپى كارىمدۇر،
بىراق ئەفسۇسكى، ئويغاقلىقتا ئۆمرۈم خارۇزار ئۆتتى.
دەرىغ، ئول ۋاقىتلارنى رىندلەر ئۆتكەزدىلەر ئىشقسىز،
ئېرۇر ناخۇش ئۇ كۈنلەر، مەستـلەر گەر ھۇشيار ئۆتتى.
ئەگەرچە غەم يۈكى خۇسرەۋ دىلىنى تاغ كەبى باستى،
نى ھەمدەردىكى، دۇنيانىڭ ئۆزى يەڭگىل شۇئار ئۆتتى.

× ×

دىلىمغا غەم جاپاسىدىن ئامان يوق،
جاھاندا شادلىقدىن بىر نىشان يوق.
جاھان ئاشناغا تولغان، غەمگە مەن غەرق،
ئەجەب دەرياكى قىرغاقى ئايان يوق.
خۇشالمەن ئۆمرۈم ئۆتسە بىر زامان خۇش،
ماڭا ئەمما ئۇنىڭدىن خۇش زامان يوق.
پەلەك دەۋا ئېيتەر مېھرىنى، لېكىن،
دىلىم ئېيتاركى مېھرى ئانچۇنان يوق.
ئەگەر شادلىقنىڭ نەرقى بولسا يۈز جان،
ساتىپ ئالغۇم، پەلەك دەيدۇ ھامان يوق.
ئىدى ئەقلىم بالاسى سۆيگۈ، ئەمدى،
بالا شول بولدى: سۆيگۈدىن ئامان يوق.
زاماندىن كۈتمە سەن دىل شادلىقنى،
بۇنى شەرھ ئەتكىلى، خۇسرەۋ، زىۋان يوق.

× ×

دوستلار كۆڭلىنى غەش ئەتكەن پىغانىمدۇر مېنىڭ،
ھەم تېۋىپكە مۇددىئا — دەردى نىھانىمدۇر مېنىڭ.
يارى جانىم دائىما قىلغاي ماڭا جەۋرۇ جاپا،

کەچسە ھەم مەندىن، نېتەيكى يارى جانىمدۇر مېنىڭ.
قەھرىتان ھىجران ئېلى ئەتتى ھاياتىمنى خازان،
بۇ خازانلىق ئاپەتى بادى خازانىمدۇر مېنىڭ.
ئىسسىق ـ ئىسسىق كۆز يېشىم دىلدىن چىقار ۋولقان كەبى،
شولا چاچماس تامچە ياش، ئۇ، ئوتلۇق جانىمدۇر مېنىڭ.
سەن كوچاڭنىڭ چېكىنى يۇغىل مېنىڭ قانىم بىلەن،
گەر چېچىلسا گەردى بۇ ـ نامى نىشانىمدۇر مېنىڭ.
مەن يوقاتتىم دىلنى، سەندىن قىلمەن ئۇنى گۇمان،
ھە، ئوغۇرلاپسەن دىلىمنى، ھەق گۇمانىمدۇر مېنىڭ.
يار كېتەر يانىمدىنۇ مەن ئەيلىگۇم دادۇ پىغان،
قايتىدىن كەلمەس مەگەر جانى راۋانىمدۇر مېنىڭ.
«مەن سېنىڭكى» دېدى جانان خۇسرەۋىگە لۇتپىلە،
بۇ سۆزى يۈكسەك باھايۇ فەخرۇ شانىمدۇر مېنىڭ.

× ×

ساقىيا، تۇتقىل قەدەھ، بولكۈنكى جانان بۇندا دۇر،
نې كېرەك سەيرى گۈلىستان ماڭا بوستان بۇندادۇر.
ماڭا، ئەي ساقى، مەيى نابۇ كىزەك لازىم ئەمەس،
باقكى، ئاچچىق كۆز يېشى ھەم تاتلىق شېرمان بۇندادۇر.
يار ئۆز باغرىمدايۇ، مەن جان ئۈزەر ھالەتتىمەن،
قول سېلىپ باغرىمنى كۆرگىن، تەندىكى جان بۇندادۇر.
باغ ئارا بىھۇدىگە، ئەي قۇمرى، چەكمە ناللەر،
نە قىلۇرسەن سەرۋىنى، سەرۋى خىرامان بۇندادۇر.
ئىختىيارىڭ، ئەمدى ئەي جان، خاھى كەتكىن خاھى قال،
مەن ئۆلۈمنى ئىستىمەيمەن، چۈنكى جانان بۇندادۇر.
لەۋلىرى ئەتراپىدىن، ئەي پاشا، سەن ئايلانما كۆپ ،
لەۋلىرى مەغزىگە باقكى، شەككەرىستان بۇندادۇر....
سەن يوقالغان دىلنى، خۇسرەۋ، ئىزدىمە بىھۇدىگە،
ئىزلە شۇ جايدىنكى، ئۇ زۇلپى پەرىشان بۇندادۇر.

× ×

گۈل يۈزۈڭ كۆرگەن كىشىلەر ياد قىلماس بوستان،
شۇ گۈزەل يۈز ھىجرىدە گۇل ـ لاللەرىنىڭ باغرى قان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆچتى دىلدىن بارچە خوبلار نەقشى، كۆرگەچ ئارەزىڭ،
ئۆچمىگەي نەقشىڭ سىنەمدىن جان لەۋھىسىدىن بىر زامان.
قانچە تەنە قىلدى دۇشمەن، كۆپ نەسىھەت بەردى دوست،
سالمىدىم ئاڭا قۇلاق ھىچ، كۆز بىلەن دىل سەن تامان.
كۆپ مالامەت سىلى ئاقتى، يۇمىدى يار دەردىنى،
ئاتتى مەھشەر تېكىمۇ، ھىجران تونى كەتمەس ھامان.
بىئىبالىقتىن نېچۈن كور بولمىدى نەرگىس كۆزى،
گەردى پايىن سۈيمىدى كەلگەندە ئول سەرۋى راۋان.
مەستمەن نامىم يامان ئەيب ئەيلىمەڭ، ئەي دوستلىرىم،
ئاشىقى بىچارىنىڭ ئەھۋالى ھەم سىزگە ئايان.
گەر بالا جامى بېرىلسە، نۇش ئېتىپ شۇكرانە قىل،
چۈنكى بەرمەس ساڭا ئۇ ھىجران شارابىدەك زىيان.
بىز كەبى ئەفتادىلەرگە ئىشق سالماس زەخمىنى،
شاھ زۇلمىدىن قالۇر ۋەيرانە قىشلاقلار ئامان.
تاغۇ تاشقا بارماغاي كىمكى ھەرىر ئۆزرە يۆرەر،
ئوقتا تىك باقماس كىشىنىڭ كۆزلىرىمۇ ھىچ قاچان.
يار كويىغا ۋەسل ئۈچۈن بارماق خاتادۇر، خۇسرەۋا،
رىزق دەبان بارماس چۈمەلى شاھ ئۆتەدۇر يول تامان.

× ×

ئول سابا ھىدىك تۇپەيلى باغدا جانپەرۋەر ئېرۇر،
ئەل دىلىنى سەن تامان ئۈندەيدىغان رەھبەر ئېرۇر.
سەن قويۇپ قوي دىل ئىشىنى چېچىڭنىڭ تەقدىرىگە،
دىل چىگىشلىكتە ئۇ چاچتىن مىڭ تۈمەن بەتتەر ئېرۇر.
قانلىق كۆزۈمدىن ئەقەللى بىر سوراپ باق، نە ئۈچۈن-
ئاستانەڭ ئۆزرە قان دەرياسىدىن مەھشەر ئېرۇر.
ئىشىكىڭ تۇپراقىغا لايىق ئەمەس باشىم مېنىڭ،
سوقتا باشىم نە سازاۋەرى ئۇ تاجۇ زەر ئېرۇر...
پاشا ھەسەل-شىرنىنى، پەرۋانە ئوتنى تاللىدى،
بىلكى «ئىشق باشقا، ھەۋەس باشقا» سۆزى گەۋھەر ئېرۇر.
مەن ئۆلەرمەن ئاقىۋەت ئىشق ئوتىدىن، ئەي دوستلار،
چۈنكى ئوتتۇن كۆيگەندىن سوڭرە خاكىستەر ئېرۇر...
نې بىلۇر ناز ئۇيقۇدا تەختى پاراغەت ئۆزرە شاھ،
ئول گادا ھالىنكى ئىشىك قىقىپ مۇزتەر ئېرۇر.

رەنجىمە، گەر ئەتسە خۇسرەۋ كۆزلىرىدىن دۇر نىسار،
كۆز يېشى ئىشق ئەھلىگە خۇش زىننەتۇ زىۋەر ئېرۇر.

× ×

كېچە لەئلى لېۋىڭ ئەتتى مېنى تاڭ ئاتقۇچە مېھمان،
تىرىلمىشدۇر سېنىڭ خۇشبۇي ھىدىڭدىن مۇردەئى ھىجران.
يۈزۈڭ كۆرگەچ، ئۇنۇتتۇم بارچە دەردۇغەم، ئەلەملەرنى،
كۆزۈڭنىڭ ئوقى زەخمىدىن يۈرەك باغرىم ئىدى نالان...
دىلىمنى بەد قىلىق قىلدى چېچىڭنىڭ ئارزۇسى قايتا،
بالا زەنجىرىدە دىۋانىنى تۇتماق ئەمەس ئاسان.
ماڭا دەيسەن: «چوقۇنما بۇتقا، ئۇندىن ساڭا نە پايدا؟»
بۇ گەپنى ئېيت، ئەگەر بولسا كىمىكى ساھىبى ئىمان.
دىلىم دەردىنى بىلگەچ باغرىغا ئالدى مېنى دىلبەر،
چېكەتتى شۇندىمۇ شورلۇق تېنىم دىلدىن پىغان ھەرئان.
تۈنى خۇش ئۆتسۇن ئۇ جانىڭ، چېچىڭنىڭ دەستىدىن قاچتى،
ئۇ يار ئورنىنى ساقلاي دەپ بېغايەت ئەيلىدى جەۋلان.
يۈزىگە قارىدىم ئاستا، ماڭا بەخش ئەتتى جان يارىم،
غەرەز كانى رەقىبلەردىن ئۇ دەردىمنى قىلىپ پىنھان.
مۇشەررەپ بولدى خۇسرەۋ بۇ كېچە ئول يار جامالىغا،
چىۋىن ئالدىدا گويا پادىشاھ سالدۇردى دەستۇرخان.

× ×

مېھرى يوق دىلبەر بىلەن دىل بۇنچە ئاشنالىق قىلۇر،
سەن پەرەز قىل شىشەدۇركى خارە تاشقا دۇچ كېلۇر.
كويىدا ئاشىقلىرىن قانىن تۆكەر ئۇ دىلرەبا،
لەۋگە مەڭ قويماقچى يا ھۆسنىگە ئارايىش بېرۇر.
كۆيسىمۇ پەرۋانە شام ئەتراپىنى روشەن قىلۇر،
پۇختىلار ئەمما بۇ ئىشنى بەلكى خاملىق دەپ بىلۇر.
كۆرمىدى زاھىد گۈزەللەرنى قاراپ مەسچىت تامان،
يوق كامالىتى، زۇرۇرەتتىن ئۇ غەۋغالار سالۇر.
شامدىن شۇندىنكى، كويىدا كۆرۈپ سوردى: «بۇ كىم؟»
دېدىلار: «مىسكىن گادادۇر، دائىما شۇندا قالۇر.»
ئىشق ئەھلى نازىنىنلاردىن نېچۇن كۈتكەي ۋاپا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھۆسنى قانچە ئاشسا گۈلىيۈزلەر ۋاپاسىزلىق قىلۇر،
تاڭ شەرقتىن چاچتى شولا، بىل، بۇنىڭ مەناسى شۇ؛
دوستۇ يارانلار دىلىدا پۇرقەت ئوتى يېقىلۇر.
مەن جامالىڭ مەھلىياسىمەن كېرەكمەس ئاپتاب،
چۈنكى ئۇنىڭ ھۆسنى ئۆزنى كۆرسىتىش چوڭ ئىچىلۇر.
جېنىدىن گەر تويمىغان بولسا، نېچۈن خۇسرەۋ بۈگۈن،
سەن كەبى ئاپەت بىلەن ھەمدەم بولۇر، ھەردەم ئۆلۈر.

× ×

كەل ئەي ساقى، قەدەھ تۇتقىلكى، خۇررەم بوستان كەلدى،
ئىچىپ ئۇ لالە جامىن، لەۋدە بۇلبۇلدەك پىغان كەلدى.
مەي ئىچكەن پەردىلىك غۇنچە بۇلبۇتلارنىڭ ھاۋاسىدىن،
سابا سۆيدى يۈزىن، خۇشبۇيلۇقى ئەنبەرسىمان كەلدى.
چېكىشلىك بار ئىدى غۇنچە بىلەن گۈلنىڭ ئاراسىدا،
بۇ تۈگۈنلەرنى يەشكەچكە سابا، ھاجەت راۋان كەلدى.
ئۇ بۇلبۇللار پىغانى ئالدى نەرگىس كۆزىدىن ئۇيقۇ،
ئەگەرچە ئۇيقۇ ئۇ شورلۇق كۆزگە ناگىھان كەلدى.
چىمەندە سەرۋىنى كۆرگىن، گۈل ئالدىدا بېشىن ئەگمەي،
تۇرار تىك بوينى بىل، ئازادلىقتىن بىر نىشان كەلدى.
گۈلىستان گەرچە رەڭگا - رەڭ چىرايلىق گۈلگە پۈركەندى،
ماڭا گۈلىيۈز نىگارىمسىز تاماشاسى يامان كەلدى.
نېچۈن سەن، ئەي تولۇن ئاي، پەردە ئىچرە پۈركىنىپ قالدىڭ؟
ئېچىپ پەردەڭنى كەلگىن بۇ چىمەن گۈلگە ماكان كەلدى.
گۈزەل گۈلچېھرىلەر ھۆسنى بىلەن بولدى ئۆيۈم گۈلشەن،
شۇ گۈلشەن بۇلبۇلى خۇسرەۋ بۈگۈن شېرىن زۇۋان كەلدى.

× ×

ئەي خۇش ئول كۈنلەركى، ئۇ بەتۆەدە ماڭا يار ئىدى،
بۇ غەمىم مالۇماتائى كوچىئى بازار ئىدى.
دوستلارنىڭ سۆھبىتىدىن شاد ئىدۇك گۈلشەن ئارا،
دوست يۈزى ئالدىدا گويا كۆزگە گۈللەر خار ئىدى.
ياد ئېتەرمەن قايتا - قايتا ئۆتكەن ئاشۇ چاغنى مەن،
نەكە ئۇچۇپ كەتتى قۇشلار، ئۇۋىسى گۈلزار ئىدى.

كىچە كۆز ئالدىڭغا تۆكتىمەن دىلىم زەردابىنى،
بۇڭا مەھرەم ئەتمەدىم ئەقلىمنى، ئۇ ئەغيار ئىدى.
بىلمىسەڭ بىل ساقىيا، مەيدىن ئىرۇر ھۇشىسىزلىقىم،
مەستلىكىم سەۋەبى ئۇ قامەت بىلەن رەپتار ئىدى.
ئەتىسى كۈن كۆز ماڭا داۋا قىلىشسا ھەققى بار،
چۈنكى ئۇ شورلۇق مىنى دەپ، تۈن بۇيى بىدار ئىدى.
مەي دىسەم رەد قىلما بولما بۇ گىپىمدىن بەدگۇمان،
مەقسىتىم: تاپماق شىپا، چۈنكى يۈرەك بىمار ئىدى.
دۈشمىنىڭ بىلسەڭمۇ كۆيدۈرمە يۈرەكنى بۇنچىلا،
گەرچە دۈشمەندۇر بۈگۈن، ئاۋۋالدا ساڭا يار ئىدى.
تىغىدىن قورقمايمەن ھىچ، ئەمما بۇ بەتبەخت باشنى -
مەن سۆيەرمەنكى، ئاياغىڭ سۆيگىلى تەييار ئىدى.
تۇتتى مىرشەب بىر كىچىسى مىنى كوچاڭدا كۆرۈپ ،
دىل پىغانغا كەلدى، چۈنكى نالىشىم كۆپ زار ئىدى.
يىغلىما ئۆكسۈپ جاھانىڭ جەۋرىدىن، ئەي خۇسرەۋا،
شۇنچىلىك ئادەم غىمى، يەنە پەلەك ھۇشيار ئىدى.

× ×

مىنىڭ يارىم يامانلاپ كەتتى، ئەھۋالىم يامان بولدى،
كى، بارلىق تاقەتۇ سەبرىم يوقالدىيۇ نىھان بولدى.
ئۆزۈمغۇ ئىلگىرىمۇ مۇردىلارغا ھەمنەپەر ئىدىم،
پىراق كەلدى بۇ ھالىم بىلكى، رەسۋايى جاھان بولدى.
تۈمەن ئەپسۇسكى، ھەرگىز كۆرمىدىم ئۆمرۈمدە خۇررەملىك،
ئەزىز ئۆمرۈم شۇ تەقلىت دەردۇ غەم بىرلەن خازان بولدى.
ئەجەپراقى شۇكى شەپقەت قولىنى سوزمىدى دوستىمۇ،
بۇلار - بولماسقا دۈشمەنمۇ ئىشىمدىن بەدگۇمان بولدى.
دىدىم: ئەي دىل گىرىپتار ئەيلىدىڭ، سەنمۇ گىرىپتار بول،
نە قىلدىڭ، ئاقىۋەت ئاخىردە كۆردۈڭمۇ، ھامان بولدى.
ئىلىپ سەندىن دىلىمنى ئۆزگىگە بەرسەم دىدىم ئەمما -
مىنىڭدە بولمىغاي ھىچ كىمسە ئاشىق، بۇ ئايان بولدى.
تۈنۈگۈن دىلبىرىم ئات چاپتۇرۇپ يولدىن ئۆتەر ئىردى،
كۆرۈپ كۆز ياشلىرىم ئات ئارقىدىن دەرھال راۋان بولدى.
كىچە سازچى كامالى شەۋق بىلەن قىلدى غەزەلخانلىق،
ئۇنىڭ تەسىرىدىن كۆزلەردە ياشىم ئاقتى، قان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com

رەقىبكى بەدقاپاق ئېردى، بۇ يىغلاشنى كۆرۈپ بىردىن ـ
قاپاقىنى ئېچىپ، ماڭا بىغايەت مېھرىبان بولدى.
تېۋىپكى رەنجۇ دەردىمنى داۋالاشقا ئۇرۇندى كۆپ،
ئۇ شورلۇقمۇ نىھايەت ناگىرانۇ ناتاۋان بولدى.
تېنىمدە بىرلا جانىڭ بار، نېدىن قورقارسەن، ئەي خۇسرەۋ،
نى قىلمايدۇ، ئەگەرچەندە كىشىلەر بىر زوۋان بولدى.

× ×

گەر چىمەن سەيرىگە سەرۋى بوستانىم قوزغىلۇر،
ئاڭا پەيرەۋلىك قىلىپ ئەشكى راۋانىم قوزغىلۇر.
خامەنى ئېيتىشقا قورقارمەن پىغان چەككەندە مەن،
بۇ پىغانىم بىرلە چۇنكى تەندە جانىم قوزغىلۇر.
ناتاۋان جىسمىم ئۇنىڭ ھىجرىدە كۆيدى شۇنچىلا،
سىلكىسەم گەر ئۆزنى تەندە ئۇستىخانىم قوزغىلۇر.
تاڭلا مەھشەر يىغىسلار ئىشق ئەھلىنىڭ تۇپراقىنى،
شادمەن شۇندىنكى، كويىدىن نىشانىم قوزغىلۇر.
قىلساڭ ھېكايەت ئەگەر دىل سۆزىنى تاڭ ئاتقۇچە،
ئۇيقۇ كۆزلەردىن قېچىپ دىلدا پىغانىم قوزغىلۇر.
يا مېنى چاقىر يېنىڭغا يا تېنىمدىن جاننى ئال،
بۇ جۇدالىقتىن يېقىن قالدىكى جانىم قوزغىلۇر.
كىم ياتار قەلبىمگىدىكى، مېھرى سېنى تارتار مۇدام،
بۇ سوراقتىن ئاشكاراۋۇ نىھانىم قوزغىلۇر.
دېدىلار: سەن بىرلە بىرگە يار ئىشقى ھەم بارار،
خۇش ئېرۇر شاھ ئېتى لە بىرگە ئىنانىم قوزغىلۇر.
ئىشق كىتابىدىن ئەگەر پال ئاچسا خۇسرەۋ، ئاۋۋالا ـ
قايغۇ بابىدىن مېنىڭ غەم داستانىم قوزغىلۇر.

× ×

جاھاندا گەرچە رەسۋالىق بىلەن ئەپسانە بولغۇمدۇر،
بىلىپ قويكى، شۇ بىرلە ئىشق ئارا پەرزانە بولغۇمدۇر.
ھەقىقىي ئىشقۋازلىق ئۆز پەرەست ئادەمنى ياقتۇرماس،
بولۇپ ئىشق ئاشناسى، ئۆزۈمە بىگانە بولغۇمدۇر.
جاپا پىشە رەقىبلەر ئالدىدا گاھىدا يىغلارمەن،

خەۋەرچى قۇشلانىڭ يولىدا گاھى دانە بولغۇمدۇر.
ئايا ئەي، تاڭ شامىلى، گۈل يۈزىدە زۇلپى زەنجىرى ـ
بىر ئاز تەۋرەتمە، چۈنكى شۇ هامان دىۋانە بولغۇمدۇر.
نىگارا، بىر كۈنى مەسچىت يېنىدىن مەست ئۆتۈپ قالدىڭ،
كۆرۈپ سوپى دېدى: «مەن مۇخلىسى مەيخانە بولغۇمدۇر.»
دىلىمغا ياقتىڭ ئوتلار، گۈل يۈزۈڭگە مەن بولاي ئىسرىق،
ئۆزۈڭ جانىڭ شېمىسەن، مەن ئاڭا پەرۋانە بولغۇمدۇر.
قارايتتىڭ دىل تامان هەردەم، خىيالىم كۆزگە دەيتتىكى:
«قىسلدىمەن بۇ ئۆيدە ساكىنى ۋەيرانە بولغۇمدۇر.»
كېپەن ئىگىندەۋۇ قولدا قىلىچ، كەلمەكتىمەن، خۇسرەۋ،
شۇ هالەتتە يولۇڭغا بارغىلى مەردانە بولغۇمدۇر.

× ×

چىقار هەرتۈن دىلىمدىن يار هىجرىدە پىغانۇ زار،
نېچۈك بىر بەختىيار كۆزدۇركى، دىلبەر كۆرسىتۇر دىدار.
قېلىپ مەھرۇم ئەگەر دىدارىدىن ئۆلسەم، بۇ ئاساندۇر،
بىراق دىدارىنى بىر لەھزە كۆرمەسلىك غېمى دىشۋار.
كۈلۈپ، ئوينىاپ، قىلىپ شوخلۇق كۆڭۈلنى ئالدىيۇ كەتتى،
«بۇنى نە قىلىسەن؟» دېسەم، «ماڭا لازىم!» دېدى ئۇ يار.
كۆرۈپ كۆپ قاتىنىشمىنى يار يولىدا، دېدى دەرۋازىۋەن:
«بىلۇرمەن، زارۇ شەيدا، ئايلىنۇرسەن بۇندا سەن بىسيار.»
سەهەر چاغىدا، قوشىلار پىغانىمنى ئىشىتكەندە،
دېدى : «يا رەببىمي، كىم چەككەنىدى بۇنداق پىغانۇ زار؟»
كەل ئەمدى قايدىسەن «بىدىل» دەبان بىزلەرنى تەنە ئەتكەن،
ئەنە كەلمەكتە توختاتساڭچۇ دىلنى، ماڭا ئۇ ئەغيار.
رەقىبا، رەهم قىلغىن سەن خىرام ئەتتۇرمە يارىمنى،
ئەگەر بىلسەڭ، يۈرەك ـ باغرىمنى ئەزگەن هەم ئۇ خۇش رەپتار.
يولۇڭدىن مەستۇ سەرخۇش قايتقىنىمدا دەيتتى ئادەملەر:
«شۇ تاپ مەيخانىدىن كەلدىمۇ بۇپى سو سۇپەت خۇممار.»
چىرايلىق قولىنى كۆردۈڭ، ئۇنىڭ ئالقىنىغا باق ئەمدى،
كېلۇر ئالقاندا گۈلدەستە، سەير قىلغانمكىن گۈلزار؟
ئويۇن ئەمەس، بىلىپ قويغىن، ساڭا جاندىن تويۇش، خۇسرەۋ،
كىشى بولمايدۇ ئاسانلىق بىلەن ئۆز جېنىدىن بىزار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

× ×

پىغانكى، ئىشقىۋازلىق قىلدى جانىمدىن مېنى بىزار،
كى، جان كۆز بىلە قەلبىم دەستىدىن چىقماقتادۇر ئازار.
كۆرۈپ يولدا دېدىم: «شايەدكى، بارسا، ئۆيىگە باردى»
ۋە لېكىن مەن تامان، تۇتتى ئورۇن جان ئىچىدە ئۇ يار.
ئۇنى كۆرمەستە ئالدىن سەۋر لاپىنى ئۇرار ئىدىم،
قولۇمدىن كەتتى سەۋرىمۇ كېلىش بىلەنلا ئۇ دىلدار.
سېنىڭ ئۆمرۈڭ ئۇزاق بولسۇن، مېنى ئۆلتۈردى نەززارەڭ
كى، مەڭگۈلۈك هايات بەردى ماڭا بۇ لەززەتى دىدار.
يۈدۈپ ئېپكەلدى كوچاڭدىن بىراۋلاركىم مېنى زورغا،
تۇرالمايتتىم ئۆرە چۈنكى بۇ ئەهۋالىم ئىدى ناچار.
غېمىڭنى جان ئېلىپ بارماقچىدى، كۆڭۈل بىلەن قوندى،
شۇنىڭ ئۈچۈن خىيالىڭ ئورتىغا چۈشتى يەنە بىر بار.
غېمىڭنىڭ تىغى ئېغىر چۈشمىدى دىلغا تەئەججۇبكى —
ۋىسالدىن سۆزلىگەندە چۈشتى ئېغىر دىلغا بۇ گۇفتار.
هىلال قېشىڭنى كۆردۈم، كۆمتۈرۈلگەن كېمىگە ئوخشار،
مېنى نەق چۆكتۈرەر دەپ ئويلىسام بولدى ماڭا غەمخار.
ئەسەرمۇ قالمىغانتى خەستە خۇسرەۋدىن بىراق ناگاھ،
يۈزۈڭنى كۆرسىتىپ بىردىن تىرىلدۈردۈڭ ئۇنى تەكرار.

× ×

ئەگەر بولماس ئىدى زۇلپۇڭ پەرىشان،
خالايىق بۇنچىلىك بولماستى سەرسان.
يۈزۈڭسىز كەلدى جانىم هەلقۇمىمگە،
پەقەت بەند بولمىسۇن هېچ ئاڭا بىر جان.
ئۆزۈم جانۇ دىلىم هالىن بىلۈرمەن،
ئۇ ئاشىق ئۇندا يوقتۇر سەۋرۇ سامان.
دىلىمنى رەنجىتەر مەيلىگە، ئەمما،
جاپالار كۆرسىتىپ قىلماس پۇشايمان.
مۇسۇلمانلار، كۆرۈڭ ئاخىر ئۇ يۈزنى،
قايۇ بىر دىلكى بولماپتۇ مۇسۇلمان؟
هەمە هەيران مېنىڭ بىهۇشلۇقۇمدىن،
ماڭا هەيران ئەمەسكە مەنمۇ هەيران.

تۈزۈك ھەققى، خەۋەردار بول دىلىمدىن،
ئەمەس كۆيگەن جىگىرىم گەرچە مېھمان.
نە بىلگەي سۆيگۈ زوقىن بۇلھەۋەسلەر،
چىۋىنگە تۈز ئەمەس شىرنە بېرەر جان.
گۈزەللەردىن قاچار خۇسرەۋ كېيىكتەك،
دىلى گەرچە ئېرۇر گويا كى ئارسلان.

× ×

كىمكى چىرايدا سەن كەبى ئاپەتى ئەقلۇ جان ئېرۇر،
تۆكسە ئەگەردە قانچە قان، ئاڭا راۋا شۇ قان ئېرۇر.
قالمىدى مەندە دىل ۋە تىل، بۇنچە غىمىڭنىڭ دەستىدىن،
ئەمدى بۇ ئاشىقىڭ تامام بىدىلۇ، بىزۇۋان ئېرۇر.
ئۆلسەم ئەگەر كويۇڭدا مەن ساڭا بۇ ئۆزى مۇددىئا،
مەڭگۇ ئۆمۈر كۆرسەڭ ئەگەر، ماڭا بۇ پەخرۇ شان ئېرۇر.
ئاتلىنىسەن غەزەپكە سەن، چۇشسە كۆزۈڭ ئەگەر ماڭا،
رازى ئىدىم قەسدىڭگە مەن، سەندىن ئەگەر ئامان ئېرۇر.
ئىشق يولىدا كىمكى ئەگەر كەچمەس ئىكەن بارلىقىدىن،
ئاشىق ئەمەس، ئۇ ئەسلىدە ئاشىقى مالۇ جان ئېرۇر.
دۆلەت ئەگەر بۇ بەندىگە باقمىسا، باق قىيا ئۆزۈڭ،
دۆلەت، ھەشەمەتىم مېنىڭ، بىلسەڭ ئەگەر ھامان ئېرۇر.
گۈل ھىدى سەنچىلىك ئەمەس، يۈرسەڭ ئەگەر چىمەن ئارا،
سەرۋى بويۇڭغا تەڭلىشەر، شەرتى شۇ: گەر راۋان ئېرۇر.
ئۆتتى سېلاپ يۈزۈڭنى چاچ، زەردىسىنى قىلدىڭ ماڭا،
ئالغاي سۆيۈپ ئەغيارلار، مەندىن پەقەت گۇمان ئېرۇر.
خۇسرەۋى بىناۋاغا سەن سۆيمەكنى تۇتمىغىن يىراق،
سۆيگۈنى دەپ ئۇ بەردى جان، بۇ بولسا جانغا جان ئېرۇر.

× ×

قىلما چېچىڭنى پەرىشان، دىل پەرىشان بولغۇسى،
ئاي يۈزۈڭ يوشۇركى، كۆزلەر زارۇ ھەيران بولغۇسى.
ئەقلۇ ھۇش ھەم دىلنى يادىڭ ئالدى ھەم جان ئىنتىزار،
نەرگىسى شەھلا تامانىدىن نې پەرمان بولغۇسى؟
ھەر سەھەر دەيسەن دۇئا قاچانغىچە قىل سەۋر دەپ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



يوق تۈنۈم پايانى، بۇ ماڭا نە ئىمكان بولغۇسى.
قانچىلار جەۋرىنى كۆرۈپ مەنغۇ پۇشايمان قىلمىدىم،
لۇتپى قىلماسسەن ئەگەر، كۆڭلۈك پۇشايمان بولغۇسى.
ئۈزچىرىشىش كۈنىدە ئاشىق يۈز بالاغا دۇچ كېلۈر،
بار بىراق بىر راھىتى: ئۆلمەكلىك ئاسان بولغۇسى.
يارنىڭ كىرپىكلىرىن ئەسلەتمە ماڭا، ئەي كۆڭۈل،
تەندىكى ھەر بىر تۈكۈم نەشتەرى — پەيكان بولغۇسى.
دوستلىرىم غەمكىن بولۇر ئۆلسەم ئەگەر، خۇرسەند ئۈزۈم،
سەۋەبى شۇكى: ئۇ جانان شادۇ خەندان بولغۇسى.
دورد بىلەن ئېيتقان بۇ قىسسەم يەتتى پايانغا، بىراق،
ھەر سۆزىدىن خاتىرىم يۈز بىر پەرىشان بولغۇسى.
ئىشق ئاسان دەپ، خۇشال قىلما، نەسىھەتگوي مېنى،
ئانى بىلگەي ھەم كىشىكى، خانە ۋەيران بولغۇسى.
دەيتتىملەر: ئاخىر كۆرەرسەن نازىنىنلاردىن زىيان،
ھەر نەكى دەيتتى ئۇلار، خۇسرەۋ، نامايان بولغۇسى.

× ×

جاھاندا تاكى باردۇر شۇ جاھان، دىل بولمىدى خۇررەم،
پۈتۈن ئۆمرىدە خۇررەملىكنى بەلكىم كۆرمىگەن ئالەم.
غېمىم ھەددىن ئېشىپ تاشتى، كۆڭۈلمۇ كەتتى ئورنىدىن،
كۆڭۈل ئورنىدا چاغدا كۈنلىرىم خۇش، يوق ئىدى ھېچ غەم.
ئەگەرچە ئىشق ئېلى ئەسلىدە دەرلەر بىسەرۇ سامان،
بىراق بىر پارىسىنىڭ ھالى بۇنداق بولدى بەتتەر ھەم.
دېگەيلەر: غەم كىشىگە ھەمدەمۇ بىردەم ئىمىش شادلىق،
ئاشۇ بىر دەمنىمۇ ئۇچراتمىدىم ئۆمرۈمدە مەن بىردەم.
پەلەك دىللارنى گەر شاد ئەيلىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىن،
دىلىم كۆردى ـ يۇ، تا ئۆلگۈنچە ھەرگىز بولمىدى خۇررەم.
تېپۇپ دۇكانىغا مەجرۇھ دىلىمنى مەن ئېلىپ باردىم،
ئېچىپ ساندۇقچىسىنى كۆردى، قاراڭ يوق ئىكەن مەلھەم.
دېدىمكى، دىل غېمىن تۆكسەم ـ دە، ئەركىن بىر نەپەس ئالسام،
كېزىپ ئالەمنى، ئەمما تاپمىدىم دىل سىرىغا مەھرەم...
قولۇمدىن كەلگىنىچە خۇسرەۋا، دىلنى ئىمارەت قىل،
جاھان ئىچرە كىشىگە سۇ ۋە لايلىق ئۆيي ئەمەس مەھكەم.

× ×

دېدىمكى: «ساڭا دىلدىن بىر خانە كېرەك — يوقتۇر؟»
دېدىكى: «خەزىنەمگە ۋەيرانە كېرەك يوقتۇر!»
دېدىم: «كۆيدۈرگۈچى ئوتۇڭغا جىنىمنى ياقاي، يارىم،»
دېدىكى: «چىرىقىمغا پەرۋانە كېرەك يوقتۇر.»
دېدىم: «كۆزۈمدە جاي تۇت، بىر ياقتا قاراچۇغۇم،»
دېدى: «كىرىمەن تەنها، ھەمخانە كېرەك يوقتۇر.»
دېدىمكى: «بولاي مەھرەم ئاشۇ خاس مەجلىسىڭگە،»
دېدىكى: «بۇ مەجلىستە دىۋانە كېرەك يوقتۇر.»
دېدىمكى: «مېنى، ئەي يار، غەم دامىغا باغلاتما،»
دېدىكى: «بۇ قۇش ماڭا بىدانە كېرەك يوقتۇر.»
دېدىم: «كىم بولۇر ھەمدەم ھىجرىڭدا بۇ خۇسرەۋگە؟»
دېدىكى: «خىيالىمدۇر، بىگانە كېرەك يوقتۇر.»

× ×

قولدىن كېتىپ قالدى دىلىم، ئەي دىلبەرا، دادىمغا يەت!
تۈنلەردە ھىجران جەبرىدىن بولدۇم ئادا، دادىمغا يەت!
قاچانغىچە جان ئالغۇچى ھىجران قىلۇر ماڭا زۇلۇم،
گەر باقمىساڭ ماڭا ئەگەر، ئەيلەپ ئىما، دادىمغا يەت!
تۈن كېچىلەر تاڭ ئاتقۇچە ھىجرىڭ ئوتىدا يانىمەن،
دادۇ پىغانىم ئايغىچە چىقتى راسا، دادىمغا يەت!
سەنسىز ئەزىزىم، دىلدىمۇ ھېچ قالمىدى سەۋرۇ قارار،
بولدى جىگەرمۇ، چاك - چاك، قىلغىل داۋا، دادىمغا يەت!
جان ئالغۇچى شۇ ئىككى كۆز ئالدى جاھان - جانىم پۈتۈن،
خۇسرەۋ جىنىغا كەلمەيىن ئىككى بالا، دادىمغا يەت!

× ×

كويىدا قەلبى يوقالدى نەگە بۇ دىۋانىنىڭ،
نې ئۈچۈن سالدىم نەزەر شەكلىگە قاششاق ئانىنىڭ.
گاھى - گاھى ئۇ تەرەپلەرگە يولۇق چۈشسە، سابا،
قەلبىن ئاگاھ ئەت قەدىمي دوستىدىن بىگانىنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەر تەرەپتىن ھەر كوچا دىلغا خىيال دەردى كېلۇر،
قاي تامانغا قارايمەن، ئاھ، بۇ ۋەيرانىنىڭ.
ئۆمرۈم ئاخىر بولدىيۇ ئەمما سۆزۈم كۆپتۇر ھېلى،
تۈن تۈگەپتۇ ئاخىرىغا يەتمەيىن ئەپسانىنىڭ.
شولا جانىمغا چۈشۈپ بۇ ئوتتا كۆيدۈرگىن مېنى،
شامىۇ ھەرگىز رەھىم قىلماس ھالىغا پەرۋانىنىڭ.
بىز ھىدىغا مەستۇ ساقى مەي بېرۇر لىپ ـ لىپ قەدەھ،
جان قاراشتىن قىينىلۇركى، نازى كۆپ جانانىنىڭ.
بىز تەرەپكە ئەي كۆڭۈل ۋاقتىڭ تېپىپ قويغىن قەدەم،
بۇنچىلىك بىردىن ئۇنۇتتۇڭ مېھرىنى بۇ خانىنىڭ.
ئار ۋە نومۇستىن كېچىشكە بۇيرۇقۇڭ ھاجەت ئەمەس،
ھالى شۇنداق ھەم ئايان ئۇستازى يوق دىۋانىنىڭ.
قەلبى كۆيگەن خۇسرەۋ ئالەم لەززىتىدىن بىخەۋەر،
تەمىنى قايدىن بىلۇر ئاتەش يېگەن قۇش، دانىنىڭ.

× ×

گۈلشەندە كۈلدى غۇنچىلار، ئۇل غۇنچىئى خەندان قېنى،
ئاشىقلار ئەيشىن پەسلىدۇر، ئۇل لالە يۈز جانان قېنى.
كۆرگەندە ھەر بىر كۈلكىسى، مىڭ بولدى مەندەك بەندىسى،
يۈز مۇردىغا جاندۇر لىۋى، ئۇل دەردىمە دەرمان قېنى.
دەرلەركى غېمىن تەرك ئېتىپ، ئارام ئىلىش تەدبىرىن ئەت،
تەدبىر ئۈچۈن سەن ناتاۋان، ئەي تەلۋە، بۇ ئىمكان قېنى.
بەختۇ نەسىپتىن زوق بىلەن ئۇبدان قېنىپ خىزر ئىچتى سۇ،
ئاختۇردى ئىسكەندەر كېزىپ ئابىھايات، ئەي جان قېنى.
دەر ئىدى ماڭا ھۆكۈمران، جان بەرمىسەڭ يوقتۇر ئامان،
قىلغۇم پىدا پەرمانغا جان، ئۇل يارى بىپەرمان قېنى...
سەۋر ئەيلەيۇ بول خاكسار، ۋەسلىمگە يەتكەيسەن دېدىڭ،
نە دەپ ئىدىڭ قىلدىم بارىن، ئۇل ۋەدىيۇ ئېھسان قېنى.
پۇرسەتنى كەتكۈزمەڭ ئەگەر، يول بىز تامانغا قالمىغاي،
مەخپى گاھى ھال سورغۇچى ئۇل غەمزىلىك مىژگان قېنى.
بۇندىن يىراق ھەر زامان ھەمدەملىرىڭدىن مەن ئىدىم،
خۇسرەۋ، قېنى ئۇ چاغ، ئۇ دەم، ئۇ ئەھدىيۇ پەيمان قېنى؟!

× ×

جانىمدا يوق ئارام مېنىڭ، ئارامى جانىم قايدىدۇر،
هىجرى نىشاندۇر پىتنىدىن، پىتنە نىشانىم قايدىدۇر.
ئەترىن چېچىپ كەلدى باهار، سۇمبۇل ئۈنۈپ يۈزمىڭ قاتار،
دەشت بىلە سەهرا مايسزار، سەرۋى راۋانىم قايدىدۇر.
كۆپ يىغلىماقتىن لايدا تەن، دوستلار ئارا شەرمەندىمەن،
جاندىن خالاس بولدى بەدەن، جانى جاهانىم قايدىدۇر.
خۇرسەنتلىكىم ئورنىدا غەم، بولدۇم ئەجەب بىپەردە هەم،
هىجرى ماڭا ئاچچىق ئەلەم شەككەر فىشانىم قايدىدۇر...
باغرىم كۆيۈپ بولدۇم كاۋاپ، كۆزدىن تۆكۈلمەكتە خۇناب،
تەييار كاۋاپ، تەييار شاراب، ئول مېهمانىم قايدىدۇر.
ئەيلەپ سۆكۈت تۇتتۇم نىهان نامېهرىبان جەبرىن هامان،
ئالماس تىلىغا هېچ قاچان، شىرىن زۇۋانىم قايدىدۇر.
جانىم ئېرۇر ئۇ گۇلبەدەن، خۇسرەۋ دىلىــدۇر ئول بىلەن،
دىل كەتسە كۆيۈپ يار بىلەن، ئېيتقىنكى جانىم قايدىدۇر.

× ×

ئەزىزىم جىلۋىگەر قىل ئۆزگىلەر نەزدىدە بوستاننى،
مېنى توسما، تاماشا ئەيلەي ئول سەرۋى خىراماننى.
لېۋىن پىكرۇ خىيالىغا ئەسىر بولدۇم، ئەجەب ئېرمەس،
ئەگەر هەردەم چىۋىن كۆرسە چۈشىدە شەككەرىستاننى.
قارا قىلدىڭ لەۋ ئۈستىن، نىگە مەن ئۇ خالىنى سۆيمەي،
ئىجازەت بەر سۆيەي بىر يولغىنا ئۇ مېهرى ئۇنۋانىنى.
پەرىشانلىق ئەگەر قانىم ئۈچۈن كەلسە ئۇ كۆڭلىگە،
بىر ئاز رەنجىشلىكىنى ئىستىمەم ئۇ ناپۇشايماننى.
نە بولغاي خەستە جانىڭ ئاخىرى دەپ سورمىغىن مەندىن،
قاچانلاردىن ئۇنۇتقانمەن ئۇنىڭ يادىدا بۇ جاننى.
ئۆلۈم زوقىدا جان بىرلە سۆيەي تاشىڭنى، ئاتساڭچۇ،
ئۇرارمەن مېهر تاشىن باشىمە، ئۆتكۈزمە بۇ ئاننى.
يامان ئاتسەن مېنىڭچۈن، بىر قاراپ ئۆلتۈر شۇڭا زارمەن،
ئۆزۈڭگە نې ئۈچۈن قىلدىڭ قىيىن بۇ خىلدا ئاساننى.
چوقۇم ئاڭلا مۇشۇ سۆزنى، ئەگەر قەتلىمنى خاهلاپسەن،
بۈگۈن بىر يول شەفى قىل، مەن ئۈچۈن ئول لەئلى خەندانىنى.

چىچىڭدىن ھەم پەرىشانراق پەرىشانلىقتا ئەھۋالىم،
نېچۇك تىلغا ئالۇر خۇسرەۋ بۆلەك زۇلپى پەرىشانىنى.

× ×

سەن ئۇچۇن ئەل ھەر تامان سۆرەيدۇ مەن بەدنامنى،
قايدىن ئىزلەي ئۆز بېشىمچە قەلبى بىئارامنى.
بىر كېچە تام ئۇزرە كۆردۈم، تا بۇدەم ئەسلەپ سىنىە
قان ياشىم نۇرغۇن ماتا بىرلە بىزەر ئۇل تامنى.
ئىستەر ئىدىم جانىمە قانىمنى قويسام بىر نەپەس،
لەۋ كۆيۈپ ئەيلەرمىدىڭ ئەڭ بەختىيار ئۇل جامنى.
كاكۇلۇڭنى ئويناتۇر قاچانغىچە تاڭ شامىلى،
بىقارار دىلغا بېشىم ئەت، بىر نەپەس ئارامنى.
ئوتقا تاشلاي ساڭا تەسىر ئەتمىدى ئاھىم ئوتى،
ياندۇرۇپ دوزاخ پۇشۇرغاي بەلكى بۇنداق خامنى.
يىغلىمايسەن گەر تاماشا بۇنچىمۇ يوقمۇ قاراش،
ئوت قويۇپ كۆل ئەيلىدىم نومۇسۇ ئارۇ نامنى.
خەستە جانىمغا نەسىھەتچى، سىھەتلىك شەربىتىن-
بەرمە، ئاشىقمەن شىرىن قىلماس بۇ شەربەت كامنى.
ئۆزدى تائەت تېزگىنىن ئىشق بىلە دىل، مۇمكىن ئەمەس
بەس شەرىئەت بىلە يۆگەنلەش بۇ توسۇن، خامنى.
غەمدىن ئۆلسەم ياخشىلارغا تۆھمەت ئەتمەي قەتلىمە،
چەرخدەك خۇسرەۋ بېرەي تىغ، ئىلكىگە بەھرامنى.①

× ×

ئۇچۇر قىلدى سابا، تەندە ياشارتىپ خەستە جانىمنى،
ماڭا تاپشۇردى ئاستا ھىدىنى ئۇ بوستانىمنى.
ئايا بۇلبۇل، چىمەندە كەمتەرىن قىل ئاھۇ نالەڭنى،
نېچۇنكى ئۇيقۇ باستى تاڭدا جانى ناتاۋانىمنى.
گۈلىستانغا بېشىم بەس ئەمدى چۈنكى پايدىسى نېدۇر،
كۆرۈشكە كەلمىسە ئۇ، كۆرمىسەم سەرۋى راۋانىمنى.
جۇدالىق ئىچرە قالماسلىق گۇمانىن قىلمايىن دەرمەن،
لېكىن، پىنھان غېمىم غالىب قىلۇر دىلدا گۇمانىمنى.

① مىررىخ يۇلتۇزى كۆزدە تۇتۇلغان.

نىشانى قالمىدى نەقشىمدىن، ئۇ دىلبەر قايان قالدى،
قەلەمقاشى سىزاتتى قايتا نەقشى بىنىشانىمنى.

قەيەردىنمۇ پىغانىم يەتكۇسى يارىم قۇلاقىغا،
ئۆزۈمنىڭمۇ قۇلاقىم ھېچ ئىشىتمەيدۇ پىغانىمنى.

ئۇچۇپ روھىم قۇشى يارىم تامان باردى، دېدى ئاگا،
كېچىپ تاشلاپ كېلىپمەن ساقلىغىن سەن ئاشيانىمنى.

ئىشىكىمدىن كىرىپ كەلگەندە قانداق ياخشى بولغىيتتى،
ئېبتىدان ئاي بىلەن يۇلتۇزلار روشەن خانۇمانىمنى.

لېۋىمگە قويدى لەۋ، سۆز ئېيتقىلى جاي قالمىدى ھەرگىز،
بېسىپ ياقۇت مۆھۈرىن ئەيلىدى خامۇش زۇۋانىمنى.

يۈر، ئەي تاك شامىلى، كەتكەن ئۇ سەرۋىمنى يەنە كەلتۈر،
باھار پەسلىگە ئايلاندۇر بۇ خىل پەسلى خازانىمنى.

نىگارىم كەتمىكىدىن كەلدى جان ئاغزىمغا، بىلمەسمەن،
ئېلىپ كەتمەكنى قايدىن خاھلىدىك بۇ خەستە جانىمنى.

يۈگۈردى ھەر تەرەپ مەيۈس شىكەستە قەلبى خۇسرەۋنىك،
غېرىبىڭدۇر سېنىك ھۆرمەتلە، ساقلا مېھمانىمنى.

× ×

سۆزۈڭنىك تەرىپى دىللاردا تەكرار،
سۆزۈك جانلارغا كىمىياردۇر، ئەي يار.

قالۇر ھەيران ئېچىلغانچە ئېغىزلار،
شىرىن ـ شەككەر لېۋىك كۈلگەندە، دىلدار.

كۆزۈك ئوق ئاتتى يۇلتۇزلار دىلىغا،
كۆكەردى نەيزىلەر كۆكسىدە بىسيار.

ئالاۋ ياغماسمۇ كۆكتىن مىسلى مەزلۇم،
پەلەك باغرى كۆيەر، يىغلايدۇ ئۇ زار.

گۈلۈگلار ھەر تەرەپتىن ماگا دوستلار،
بۇ رەسۋالىق قىياپەت ۋاقتى زىنھار.

پىغان چەككەنىدىم بوستاندا بىر تۈن،
قېلىپ ئاشيانى، قۇشلار قاچتى ناچار.

شۇ يولدىن باردى خۇسرەۋ خەلق كۆرسۇن،
نىشانە ھەر قەدەم قان تامچىسى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

× ×

باسقىل غېمىمگىنى، ئەي كۆڭۈل، جانان يېتىپ كەلمەكتىدۇر،
چاڭقاق ئۈچۈن ئابىھايات، ئەي جان يېتىپ كەلمەكتىدۇر.
ئەي خەستىسى ھىجرانىنىڭ، دىلنى بوشاتما دەردىدىن،
ھازىر تېپۇپىلىك يولدادۇر، دەرمان يېتىپ كەلمەكتىدۇر.
ئەي، كۆز يېشىم گەۋھەرلىرىك تۆپلا چېچىشقا باشىدىن،
ۋەيرانە قىشلاقىڭ تامان سۇلتان يېتىپ كەلمەكتىدۇر.
پەرۋانىدەك كۆيمەك ئۈچۈن كۆز شىمىغا تېزراق باراي،
ھىجران تۈنىدە شولىسى سوزان يېتىپ كەلمەكتىدۇر.
يولغا جىگەرنىڭ قانىدىن ياقۇت بىساتىن يۆيايىن،
سەرۋى خىرامانۇ يۈزى بوستان يېتىپ كەلمەكتىدۇر.
ئۇل جانكى تەرك ئەتكەنىدى جانان پىراقىدا ئۆيىن،
ئانى ئۈمىدلە كەلتۈرۈڭ، ئۇ جان يېتىپ كەلمەكتىدۇر.
دەردىم ئۆزۈمگە ئايرىلىق بولسا شۇ خىلدا، سىينەگە —
تۈرلۈك بالالارنىڭ ئوقى چەندان يېتىپ كەلمەكتىدۇر.
خۇسرەۋگە ئىلھام بەردى بەخت ئېيىتتى نەسىبەڭدۇر ئۇلۇغ،
ھېچ غەم يېمە، خۇرسەند بول، جانان يېتىپ كەلمەكتىدۇر.

× ×

يار كېلىپ قالغاندا خىزمەتكار بولماقمۇ دۇرۇس،
سەۋرۇ تاقەت بولسا گەر بىسيار بولماقمۇ دۇرۇس.
تاپسا ھۆرمەت ئىشق بىلە يار ئالدىدا بۇ ئەيب ئەمەس،
ياخشىلار ئالدىدا بىرگە خار بولماقمۇ دۇرۇس.
ئۇخلىماق ۋەسلىن تۈنىدە يار بىلە ياخشى، بىراق،
غەم تۈنىدە ئۇخلىماي بىدار بولماقمۇ دۇرۇس.
ئۇل سەنەملەر دەستىدىن ماڭا مۇسۇلمانلىق قىيىن،
گەردىنىمدە خۇددى مۇغ زۇننارى بولماقمۇ دۇرۇس.
مىڭ ئۆرۈشسۇن، مەيلىگە، كەلسە ياراشماق پەيتى گەر،
جانىمىزغا نازىدىن ئازار بولماقمۇ دۇرۇس.
كەلمىسە مەندىن ئۇنىڭ كويىدا گەر مەردانە سەير،
شەھرۇ بازار ئىتلىرىدەك زار بولماقمۇ دۇرۇس.
بولسا زاھىدلار ئۆيىدە ياخشى گەر ھوشيارلىق،
بىزگە مەي ئۈستىدە ناھوشيار بولماقمۇ دۇرۇس.

يارنىڭ خىلۋەت ئۆيىگە سىغمىساڭ گەر، خۇسرەۋا،
زار ئاشىقلار لە سۆھبەتدار بولماقمۇ دۇرۇس.

× ×

ئىشقىڭدا مۇخلار قان يۇتار، سەن ھەممىدىن خۇنخارراق،
ئەي يارۇ مەككارسەن، لېكىن سەندىن كۆزۈڭ ئەييارراق.
بىچارىلەرنىڭ قەتلىنى چاغلاپ ماڭا قەست ئەيلىدىڭ،
دۇنيادا گويا تاپمىدىڭ مەندىن غېرىب ئەپكارراق.
ھەردەم كېلۇرمەن كۆرگىلى بىبەھرىراقتۇرمەن يەنە،
يۈز يىرتىلىپ كەتكەن تونۇم، جان بولسا توندىن تارراق.
ھۆسنۈڭگە ئاشىقمەن، نېدىن گۇللۇقتا سالماقلىق ئۆزۈڭ،
ھېچكىمنى بولماس بىسەۋەب سەندىن كۆزى سەييارراق.
دىل ياخشىلارنى ئاختۇرۇپ كەزمەكتە ھەريان دەر ـ بەدەر،
مەن بىر جاھان ئاۋارىسى، سەۋردىم يەنە ھەم خارراق.
قوي ئۆز يولىغا، خۇسرەۋا، پەندىڭ ئىشىتمەيدۇر دىلىڭ،
دەم ئۇرماغىلكى، نالىسى نەيدىن كۆرە غەمخارراق.

---

(بېشى 109 ـبەتتە.)

ــ قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ، كۆزىڭىزنى
مەھكەم يۇمۇڭ، ــ دەپتۇ.
بىر چاغدا گۈلخۇشتومۇر كۆزىنى
ئېچىپ قارىسا، ئۆزىنى چىن ماچىن ئوردا
شەھىرىنىڭ ھەشمەتلىك دەرۋازىسى ئالدىـ
دا كۆرۈپتۇ. ئىككىسى ئوردىغا كىرگەنىكەن،
ھېچ يەردىن ئىز ـ دېرىكىنى تاپالمىغان يىگىتـ
نىڭ مانا ئەمدى نۇر بىلەن يۇغۇرۇلغاندەك
ئاجايىپ ساھىبجامال بىر قىز بىلەن كىرىپ
كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئوردا ئەھلىنىڭ
بىر قىسمى ئۇزۇن تونلىرىنىڭ پەشلىرىگە
پۇتلىشىپ يىقىلىپتۇ، نەچچىسىنىڭ ئاغزى
ئېچىلغانچە يۇمۇلماپتۇ، نەچچىسىنىڭ ئىچىنى
ھەسەت زەھىرى ئۆرتەپتۇ. پادىشاھ بەكمۇ
خۇشال بولۇپ ئۆز ئوغلىنىڭ توينى باشـ
لاشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. قىرىق كېچە ــ
كۈندۈز داغدۇغىلىق توي بولۇپ، يىگىت
قىزلار مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ. پادىـ
شاھ بولسا ئازۇسىغا قېنىپتۇ. شۇندىن
باشلاپ چىن ماچىندا «ئاشىق بولماق ئاـ
سان ئەمەس، شېرىن جاندىن كەچمىگۈچە»
دېگەن غەزەل پەيدا بولغان دېيىشىدۇ.

رەتلىگۈچى: نۇرى كېرەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ناسىر خۇسرەۋ

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

ئەبۇ مۇئىنىددىن ئەل قۇبادىيانى ناسىر خۇسرەۋ (1004 — 1088) ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىك خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى، ئېنسىكلوپېدىك ئالىمى، ئىنسانپەرۋەر، راتسىئونالىست شائىرى بولۇپ، ئۇ ھازىرقى تاجىكىستاننىڭ شەرتۇز رايونى قۇبادىيان دېگەن يېزىدە ھاللىق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن.

ناسىر خۇسرەۋ ياشىغان دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا قاراخانىلار ئىلىكخانلىقىغا قارايتتى. ھەتتا مەھمۇت غەزنەۋى ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغاندا قاراخانىلار قوشۇنلىرى خۇراسانغا باستۇرۇپ كىرىپ، بەلخنى ساراسىمىگە سالغانىدى. بۇ چاغدا ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ئەبۇلقاسىم پىردەۋسى (934 — 1025)، ئەبۇلقاسىم ھەسەن ئىبنى ئەھمەد ئۇنسۇرى (960 — 1039)، ئەبۇل ھەسەن ئەل فەررۇخى (؟ — 1038)، ئەبۇنەجىم مەنۇچېھرى (؟ — 1041)، ئەبۇ پەزلى بەيھەقى (995 — 1086)، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا (980 — 1037) ۋە ئەبۇ رەيھان بىرۇنى (973 - 1048) قاتارلىق ئالىم، شائىر، مۇتەپەككۇر ۋە تارىخچىلار ياشىغانىدى. دۆلەتشاھ سەمەرقەندى «تەزكىرەتۇش-شۇئەرا» (شائىرلار تەزكىرىسى) ناملىق ئەسىرىدە ناسىر خۇسرەۋنىڭ ئىبنى سىنا بىلەن ھەمسۆھبەت بولغانلىقى ھەققىدە رىۋايەت بارلىقىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ.

ئۇ دەسلەپ بەلخ شەھىرىدە، كېيىن مەرۋدە ئوقۇدى. ئۇ ئەدەبىيات، تەبىئىي پەن ۋە پەلسەپە، جۇملىدىن دىنىي ئىلىمنى ئۆگەندى. ئوقۇشنى تاماملىغان ناسىر خۇسرەۋ باج - سېلىق ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى. بۇ جەرياندا ئۇ خەلقنىڭ جاپالىق ھاياتى بىلەن ھەر تەرەپلىمە تونۇشۇش ئارقىلىق، ئەينى زامان فېئودال جاھالىتى ۋە چىرىكلىكلىكى توغرىسىدا بىۋاستە چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ، ئۆز ئەمەلدارلىقىدىن ۋاز كەچتى. ئۇ دەسلەپكى ساياھىتىنى تۈركىستان ۋە ھىندىستانغا قاراتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن 1045 - يىلىدىن باشلاپ يەتتە يىللىق چوڭ سەپەرگە دۇچ كەلدى. ناسىر خۇسرەۋ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىراز، كىچىك ئاسىيا، سۈرىيە، پەلەستىن، مىسىر، نىشاپۇر، سېيىستان، ئىسپاھان، غىلان، خۇراسان قاتارلىق جايلارنى كېزىپ، ئۇ يەرلەردىكى ھەر خىل مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقتى.

ناسىر خۇسرەۋ مىسىردىكى چېغىدا ئىسمائىلىزم تەرەپدارلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ،

ئۇلارغا خەيرخاھلىق بىلدۈرگەنىدى ①.

ناسىر خۇسرەۋ نىشاپۇر، سىيىستان قاتارلىق جايلاردا ئىسمائىلىزم تەرغىباتى
بىلەن شۇغۇللىنىپ، فېئودال روھانىيلارنىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچراپ شەھەرمۇ شەھەر قىب-
چىپ يۈرۈشكە ۋە ئاقىۋەتتە ئۇن نەچچە يىللىق سەرسانلىق - سەرگەردانلىق تەقدىرىگە
دۇچ كەلدى. دۆلەتشاھ سەمەرقەندى ناسىر خۇسرەۋنىڭ ئابدۇلھەسەن ھەررەقانى ناملىق
شەيخ ۋە ئەبۇ سالىھ سالجۇقى ناملىق قازى كالان بىلەن مۇنازىرىلەشكەنلىكىنى تىلغا
ئالغان.

ناسىر خۇسرەۋ سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتىن پەقەت بەدەخشان تاغلىرىدىكى
كوھىستان — تاغ تاجىكلىرى ئارىسىدىلا ئەمىنلىك تاپتى. تاغ تاجىكلىرى بۇ مۇ-
تەپەككۇرنى ئۇلۇغلاپ «سۇلتان»، «پادىشاھ» دەپ ئاتاشتى. ۋەھالەنكى، ئۇ ئىسلام
ئۆلىمالىرى ۋە سالجۇقى ئەمەلدارلار تەرىپىدىن «دەھرىي»، «تەنىسۇخ» دەپ
بەتكەردىلىكتە ئەيىبلەنگەنىدى. ئۇ، يۇمغۇن ناملىق تاغلىق يېزىدا تىنىچ ئىجادى-
يەت مۇھىتىغا ئېرىشكەنىدى. ئۇنىڭ قەبرىسى پامىردىكى ئەنە شۇ يۇمغۇن تاغلىق
كەنتىگە مەڭگۈ ماكانلاشتى.

ناسىر خۇسرەۋ (تەخەللۇسى: «ھۇججەتى») بىر قاتار ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى بو-
لۇپ، ئۇ تۆۋەندىكى ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن:

«سەپەرنامە»، «زادۇل مۇسافىرىن» (مۇساپىرنىڭ ئوزۇقى) ناملىق ئەسەرلەر ناسىر
خۇسرەۋنىڭ ساياھەت ۋە سەرگەردانلىق ھاياتىدا كۆرگەنلىرى ئاساسىدا يېزىلغان زور
تارىخىي، ئېتنولوگىيىلىك، ئېتىكىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەرلەردۇر.

«ۋەجھىددىن» (دىننىڭ ھۇججەت - دەلىللىرى)، «جامىئۇل ھېكمەتەيىن» (ئىككى
ھېكمەتنىڭ قوشۇلۇشى) قاتارلىقلار پەلسەپە ۋە دىن مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان بولۇپ،
بۇ ئەسەردە كائىنات، ئىنسان، ئىنسان تەپەككۇرى، ئۆتمۈشتىكى پەيلاسوپلارنىڭ كۆز
قاراشلىرى، تارىخى، ئىسمائىلىزم ئەقىدىلىرى سۆزلەنگەن.

«روشەنىنامە» 32 بابتىن تەشكىل تاپقان شېئىرىي، پەلسەپىۋى، دىداكتىك ئەسەر
بولۇپ، مۇھىمى ئالەمنىڭ مېۋىسى بولغان ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئەقىل - ئەخلاق مەسىلىلە-
رى ئۈستىدە توختىلىدۇ. ئۇ «ئالەم بىر دەرەخ، ئىنسان ئۇنىڭ مېۋىسى، بۇ مېۋىنىڭ
كۆركەملىكى ۋە لەززىتى ئەقىل بىلەن ئەخلاقىي پەزىلەتتە» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ
ئەسەرنىڭ «دەرمەزەممەتى شۇئەرا» (شائىرلارنىڭ خارلىقى) ناملىق بىر شېئىرىدا مەد-
ھىيىۋاز ساراي شائىرلىرىنىڭ سۆز ۋە نۇتۇق سەنئىتىنىڭ قىممىتى ۋە پاكلىقىنى بۇز-
غانلىقى ھەققىدە توختالغان.

«سائادەتنامە» 30 بابتىن تەشكىل تاپقان شېئىرىي ئەسەر. ناسىر خۇسرەۋ بۇ

---

① شىئە مەزھىپى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىسمائىلىزم، شىئەلەرنىڭ يەتتىنچى ئىمامى
ئىسمائىلنى ھەقىقىي ۋە ئاخىرقى ئىمام دەپ قارايتتى. ئۇلار IX ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن فېئو-
داللىق زۇلۇمغا قارشى كارامەتچىلەر دەپ ئاتالغان خەلق ھەرىكىتىنىڭ تۇغىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، كەڭ
ھېسداشلىققا ئېرىشكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئەسىردە تۈرلۈك ئىجتىمائىي قاتلاملار ئۈستىدە، ئۇلارنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاق ئەھۋالى ئۈستىدە ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلغان. ئاپتور زالىم پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلارنى، ئالدامچى ۋە سۈتخورلارنى قاتتىق قارىلاپ، دېھقانلار ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى ئۇلۇغلايدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ياخشى خىسلەتنى ئېگىلەپ، يامان خۇسۇسىيەتلەردىن چەتنەشكە دەۋەت قىلغان.

ناسىر خۇسرەۋ «كەنزۇل ھەقايىق» (ھەقىقەت خەزىنىسى) ناملىق نەسىرىي ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم. دۆلەتشاھ سەمەرقەندىنىڭ مەلۇم قىلىشىچە،ناسىر خۇسرەۋ 30 مىڭ بېيىتتىن ئارتۇق قەسىدە، غەزەل، قىتئە، رۇبائىيلارىيېزىپ ھېكمەت، نەسىھەت تەۋسىيەلىرىنى يادىكار قىلغان.

ناسىر خۇسرەۋ ئۆز دەۋرىنىڭ ئېنسىكلوپېدىستى، مۇتەپەككۇر شائىرى سۈپىتىدە ماددا، تۆت زاتنىڭ مەڭگۈلۈكى، دۇنياۋى ئەقىلنىڭ رولى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئۇتتۇقى ئىكەنلىكى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەن. ئۇ بىلىشنىڭ چەكسىزلىكى، ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ زور كۈچىنى ئېتىراپ قىلىپ، راتسىئونالىزملىق پوزىتسىيىدە تۇرغان. ئىلغار پەلسەپىلىك پرىنسىپال مەسىلىلەرنى دىن ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە تەتبىق قىلىپ فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ جاھالىتىنى تەنقىد قىلغان. ناسىر خۇسرەۋ ئەخلاق مەسىلىلىرىدە مېھنەتكەش خەلقنىڭ خۇلقى ئادەتلىرىنى ھىمايە قىلىپ، ئالىي ئەخلاق پەزىلەتلەرنى ماختىدى. ئىدېئال جامائە ھەققىدە خىيال سۈرۈپ، ئۇنى «ئىدېئال رەھبەر، ئىدېئال ھاكىم» بىلەن باغلاپ تەلقىن قىلدى»①. ئۇ مۇنداق يازغان:

«سەن ئۆزۈڭ ياراتقان ئىنسان تۇرسا،
قىمار تاۋكاسىدا ئۇشۇق بولمىسا.
مەسخىرە قىلغاندەك ئۆز ئەسىرىڭنى،
نېمىشقا شەيتاننى ياراتتىڭ خۇدا.
ئۆزگىمۇ سوئالىم مېنىڭ بار يانا،
ۋەلېكىن تۇرىمەن سۆزلىمەي مانا» ②

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«نېمىشقا ئۇلۇغلار ئىلىمسىز — نادان،
ۋاپاسىز دۇنيادا مەن ئوقۇقا نىشان.
گەر تەكشى ئايلانسا پەلەك ئىزىدا،
ئاي قەسىرى بولماستى مەن ئۇچۇن ماكان.
بىلىم — نۇر، روھ — بايلىق، ئارتۇقى بولماس،
ئۇلۇغ ئەقىل ئەيتار جەڭ قىلساڭ ھامان.
ۋاقىت قوشۇنى، ئالەم خەنجىرىگە،

---

① م. خەيرۇللايېۋ: «ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرى ۋە شەرق مۇتەپەككۇرى»، 1971 - يىل تاشكەنت ئۆزبېكچە نەشرى، 287 - بەت.

② گ. غاپۇروۋ: «تاجىك خەلق تارىخى»، 1985 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 252 - بەت.

ئىشەنچلىك، بىلىملىك قوشۇن ھەم قالقان ①».
ئۇ ئىشەنچ ۋە بىلىمنى ئىككى گۆھەر سۈپىتىدە مۇنداق تىلغا ئالغان:
«يەتتە گۈمبەز تېمىنىڭ نەقىشى ئېرۇر ئىككى گۆھەر،
كائىناتتا نېمە بولسا ھەممىدىن يۈكسەك تۇرار②».

ناسىر خۇسرەۋ ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى — ئىجتىمائىي — ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئەبۇ نەسىر فارابى ۋە ئىبنى سىنانىڭ پانتېزملىق، راتسىئونالىزملىق ۋە گۇمانىزملىق قاراشلىرى ئاساسىدا ئىزاھلىغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى بۇ ئۇلۇغۋار مۇتەپەككۇرلارنىڭ ۋارىسى ھېسابلىغانىدى. دۆلەتشاھ سەمەرقەندىنىڭ ئۇچۇر قىلىشىچە، ئۇ ئەبۇلھەسەن ھەررەقانى ناملىق شەيخ بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە، ئەقىل بىلەن ئىنسانىنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئىزاھلاپ، مۇنداق دەيدۇ:
«ئادەمدە تەۋەززۇ ئەقىلدىن دېرەك،
ئۇلۇغلۇق ھەممەتتىن تاپىدۇ بېزەك.»
«ئەقىلنىڭ ئالتۇندىن ئارتۇقلۇقى بار،
ئالتۇن بىلەن ئادەم بولالماس ھۇشيار.»

ناسىر خۇسرەۋ ئەقىلنىڭ قۇدرىتىنى ئىلىمگە باغلاپ، مۇنداق دەيدۇ:
«ئۆزۈڭنى بىلىم بىلەن بېزە ھەرمەھەل،
پەقەت كىمخاپ كەيگەن ئەمەستۇر گۈزەل.»
«مىڭ خەنجەرلىك ھېچكىم بىلىمدان بولماس،
بىلىمگە مىڭ خەنجەر كۈچى تەڭ كەلمەس.»
«ئىلىم بىلەن يېتىش مۇمكىن بۇرادەر،
زەررىدىن ھالقىپ تا قۇياشقا قەدەر.»

ناسىر خۇسرەۋ ئۆزىنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي قاراشلىرىنى ئادالەت ۋە جاھالەت ـ زۇلۇم بىلەن سېلىشتۇرما قىلغان ھالدا جاكالىدى. ئۇ ئادالەتنى جاھاننىڭ تەرتىپى، ئالەمنىڭ تاجى دەپ كۆرسەتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:
«ئادىللىق — پاك ئەقىلنىڭ ۋارىس، جۇلاسى،
ئەقىل ئاپتاپ، ئادىللىق ئۇنىڭ زىياسى.»
«يىرتقۇچ بۆرە بولسا ئۆلۈمگە لايىق،
زالىم ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر خالايىق!»
«جاھالەت ئەھلىگە سەن قىلما سۆھبەت،
بۇ ئىشتىن جېنىڭغا يېتىدۇ زەخمەت.»
«زېرەكلەر بىلەندۇر زىندان — گۈلىستان،
نائەھلى گۈلزارنى قىلىدۇ زىندان.»

① يۇقىرىقى «ئويغىنىش دەۋرى ۋە شەرق مۇتەپەككۇرى» ناملىق كىتاب، 287 ـ بەت.
② دۆلەتشاھ سەمەرقەندى: «تەزكىرەتۇششۇئەرا»، 31 ـ بەت.
③ شۇ كىتاب، 32 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«زېرەكلەر سۆھبىتى قىلار بەختىيار،
نادان كېپىدىمۇ دائىم زەرەر بار.»

ناسىر خۇسرەۋ ئەمگەكنى، ئەمگەكچى خەلقنى قەدىرلىگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم بىر تېمىسى خەلقنى كۈيلەش بولدى. ئۇ مۇنداق يازغان:

«جاھان شادلىقىنىڭ ئاساسي دېھقان،
ئۇنىڭدىن ئېتىزلار ھەم باغۇ ـ بوستان.
ئۇنىڭدىن ياخشىراق ئالەمدە نېمە؟
بۇ ئىشتىن يادىكار ئادەم نەسلىگە.»

«كاسىپتىن شاد ـ خۇرام ھۆر يوق جاھاندا،
ھۈنەردىن ياخشىراق دۆر يوق جاھاندا.»

ناسىر خۇسرەۋ ئەخلاق ـ پەزىلەت مەسىلىسىدە توختالغاندا ياخشىلىق ـ يامانلىقتىن ئىبارەت ئاساسي ئېتىكىلىق كاتېگورىيىنى بىر قاتار ئەمەلىي ئەخلاق ـ پەزىلەت مەسىلىلىرى بىلەن كونكرېتلاشتۇرغان. ئۇ مۇنداق ھېكمەت دۇردانىلىرىنى تىلغا ئالغان:

«ياخشىلىق سەن بىزنىڭ قولىمىزدا، باق،
كىم يامانلىق قىلماس ـــ يۇلتۇزى پارلاق.»

«رەنجىمىسۇن دېسەڭ ھېچكىمنىڭ جانى،
بىئازارلىق خەزىنىنىڭ بول پاسىبانى.»

«سېنىڭ ـ مېنىڭ قولۇمدا يورۇق يۇلتۇز بولماقلىق،
يۇلتۇزىمىز يورۇقتۇر ئىزدىمىسەڭ يامانلىق.»

«بېرەلمىسەڭ بىراۋ دەردىگە دەرمان،
دەرد ئۈستىگە دەرد قوشما ھېچقاچان.»
كېلىشمەيدۇ ئەسلا ئىنسان زاتىغا،
يىقىلغاننى تاشلاپ مىنىسەڭ ئېتىگە.»

ئۇ ھەسەتخورلۇقنى يامان ئادەت سۈپىتىدە قاتتىق سۆككەن:

«بېرىلمىگەيسەن ھەسەتكە زىنھار،
ھەسەتتە يا چەك يوق ۋە ياكى مىقدار.»

ناسىر خۇسرەۋنىڭ ئىلمىي ـ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ـ يېقىن شەرق ئەللىرى پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ نامى تاجىك خەلقى ئارىسىدىلا ئەمەس، پۈتۈن شەرق ئىلىم دۇنياسىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ تارىختىن بېرى زور ھۆرمەت ۋە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە.

# نەۋبەتى شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ھەققىدە

**ئابدۇللا سۇلايمان**

XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا لىرىك شائىر نەۋبەتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. «نەۋبەتى» تەخەللۇسى بىلەن تونۇلۇپ مەشھۇر بولغان بۇ شائىرنىڭ ئەسلى ئىسمى، قاچان تۇغۇلۇپ، قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات تېپىلغىنى يوق. لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە قالدۇرۇپ كەتكەن ئاز بىرقىسىم مەلۇماتلاردىن بىز ئۇنىڭ ھاياتىغا دائىر بەزى تەخمىنىي خۇلاسىلەرگە كېلەلەيمىز. شائىر دىۋانىنىڭ ئاخىرىغا:

ئەي يارانلار، بىز ئۆلۈرمىز يادكار قالدى كەلام،
كىشىدىن قالغاي جەھاندا بىر نىشانە ياخشى نام.
مىڭ يۈز ئاتمىش ئېردى پەيغەمبەر نەبىنىڭ ھىجرەتى،
بۇ كىتابى نەۋبەتى تەسنىف بولدى ۋەسسەلام.

دېگەن رۇبائىينى خاتىمە قىلغان. بۇنىڭدىن بىز شائىرنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى ھىجرىيە 1160 (مىلادىيە 1747-يىللىرى) دىۋان قىلىپ تۈزگەنلىكىنى بىلىمىز. ئۇ يەنە بىر شېئىرىدا:

ئۇمرۇم ئەللىك يەتتەگە يەتتى ھەنۇزمەن ئەل ئەمەس،
ئەمرى ھەقنى تۇتمادىم بىھۇدە ئۇمر ئۆتتى دەرىغ.

دەپ يازغان. بىز شائىرنىڭ بۇ شېئىرنى يازغان ۋاقتى بىلەن دىۋان تۈزگەن ۋاقتىنى يېقىن دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا بىز نەۋبەتىنى مىلادىيىنىڭ 1690-يىللىرى ئەتراپىدا تۇغۇلغان، دەپ پەرەز قىلالايمىز. نەۋبەتى ئۆزىنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىنى ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ:

بۇ ئالەمى فانىيغە كېلىپ مەن گۇزەر ئەتتىم،
تۆرت ياشىمدا ئىلىم ئىستەگەلى مەن سەفەر ئەتتىم.
ھەر يەردىكى بىر ئالىمى خۇش فەھمىنى تاپسام،
بىرلەھزە ئانىڭ مەجلىسىدە مەن مەقەر ئەتتىم.

شائىر مۇنداق قىزغىنلىق ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئىزدىنىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق، تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشقاندىن سىرت، ئەرەب، پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى مۇكەممەل ئۆگەنگەن، مۇسۇلمان شەرقىدە، بولۇپمۇ تۈركىي خەلقلەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

دىن يېتىشىپ چىققان كلاسسىك ئەدەبىيات نامايەندىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى پۇختا ئۆز-لەشتۈرگەن ۋە چوڭقۇر تەھلىل - تەتقىق قىلغان. شۇ جەرياندا ئۇ كۆپ تەرەپلىمە بىلىمگە ئىگە تالانتلىق شائىر بولۇپ يېتىشكەن. نەۋبەتى ئۆزىدىن بۇرۇنقى كلاسسىكلارنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، كۆپ-لىگەن لىرىك شېئىرلارنى ئىجاد قىلغان. نەۋبەتىنىڭ بالاغەتكە يەتكەن دەۋرلىرىدە شائىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلىمۇ خوتەندە ئىدى. لېكىن بۇ ئىككى شائىر ئۇچراشقان ياكى ئۇچراشمىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. نەۋبەتىنىڭ:

چىقىپ ياركەند دىيارىدىن مەنازىللارنى قەتئ ئەيلەپ،
زىيارەت قىلغالى سۇلتان سۇتۇق بۇغرايخان كەلدىم.

دېگەن مىسرالىرىدىن ئۇنىڭ قەشقەر، يەركەن قاتارلىق جايلارغىمۇ بارغانلىقى مەلۇم. شائىر نەۋبەتىنىڭ ياشىغان دەۋرى شىنجاڭنى زۇلمەت قاپلىغان مەزگىل ئىدى. بىر قىسىم خوجىلارنىڭ سىرتقا قارىتا تەسلىمچىلىك، ساتقۇنلۇق قىلىپ، خەلق ئىچىگە قارىتا شىددەتلىك باستۇرۇش ئېلىپ بېرىشى، ئۆزئارا جاڭجال ۋە قانلىق ئۇرۇشلارنى داۋاملىق قوزغىشى نەتىجىسىدە يۇرت ۋە خەلق مىسلىسىز زور بالايىئاپەتكە دۇچار بولۇ-ۋاتاتتى. ئىدېئولوگىيە جەھەتتە سوفىزمنىڭ خۇراپاتلىق، بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتلىرى كۈچەپ تەرغىب قىلىنىپ، مەنىۋى كەيپىيات چۈشكۈنلەشكەنىدى. نەۋبەتىنىڭ:

مۇغۇلىستاندا كافىرى زالىمى خانلىق،
فۇقەرالار غەمۇ ھەسرەتدە بولۇپ ھەيرانلىق،
.................................................
بۇ مەھەلدە ھەمە زالىملار يۈرۈر راھەتدە،
مۇئمىن ئەل زۇلمۇ ستەم بىرلە بولۇر دەربانلىق.

دېگەن مىسرالىرى بۇ تارىخى رېئاللىقنىڭ ئىخچام خاتىرىسىدۇر. نەۋبەتى ئەنە شۇ دەۋر-دە ياشاپ، ئىجات ئەتكەن، تەرەققىيپەرۋەر ئىلغار كۆزقاراشلارنى ئالغا سۈرگۈچى شائىردۇر.

نەۋبەتى شېئىرلىرىدا دىنىي مەزمۇندىكى شېئىرلاردىن قالسا مۇھەببەت تېمىسى مۇھىم ۋە سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. شائىر نەۋبەتى يارنىڭ نۇرانە ھۆسنى - جامالىنى، چىرايلىق سۆز - ھەرىكەتلىرىنى، ئاشىق - مەشۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى پاك ۋە گۈزەل مۇھەببەت كۆرۈنۈشلىرىنى يۇقىرى ھاياجان بىلەن تەسۋىرلەيدۇ:

فەسلى نەۋبەھاردا گۈل كەبى ئاچىلغان قىز،
مىسلى كاكۇلى سۇنبۇل ھەرتەرەف ساچىلغان قىز.
زەۋقدە ئىچىپ بادە، مەيدە ئەكسىنى كۆردۈم،
ھۆسن باغىدا تەنھا ئولتۇرۇر خىرامان قىز.
شۇم رەقىبلەر جىھەتدىن بولمادى يۈزىن كۆرمەك،
بۇلۇت ئىچرە ئاي مۇزمەر، زۇلفى ئىچرە پەنھان قىز.
كۆز ئۇچى بىلە باقتى، تەگدى تىيرى مىژگانى،

سىينەم ئۆزرە پەيكانى رەھنە قىلدى ۋەيران قىز.
مەن ئەيتتىمكى: ئەي دىلبەر، لەبلەرى گۈلى ئەھمەر،
سەدقەئى جەمالىڭدىن بىزگە ئەيلە ئېھسان قىز.
غۇنچەئى نەۋالىدا ئىككى مېۋەنى كۆردۈم،
ياكى ساڭگۈلاچ ئالما، ياكى ئىككى رۇممان قىز.

..........................................................

رەھىم ئەيلە، ئەي مەھۋەش، تۈشتى جانىمە ئاتەش،
نەۋبەتى نىھالىڭغە بولدى ئىشقپىچان قىز.

مانا بۇ مىسرالاردا شائىر بەدىئىي سەنئەتىنىڭ رولىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى گۈزەل ھېس-تۇيغۇلارنى قىزدىن ئىبارەت لىرىك پېرسۇناژنىڭ ۋۇجۇدىدا گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. شۇ ئارقىلىق كىشى قەلبىنى زوقلاندۇرۇپ، ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان گۈزەل لىرىك پورتېرىت ياراتقان.

نەۋبەتىنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىدا يەنە ھىجران ئازابى تارتىۋاتقان ئاشىقنىڭ يارۋەسلىگە يېتىش ئارزۇلىرى، سېغىنىش تۇيغۇلىرى ئىزھار قىلىنىدۇ:

ئەي مۇسۇلمانلار، مېنى ئول دىلرەبا ئۆلتۈرگۈدەك،
كۆيدۈرۈپ فۇرقەت ئوتىدا بىگۇنا ئۆلتۈرگۈدەك.

دېگەن مىسرالار،

ئەي سەبا، بەرگىل خەبەر ئول شەھسەۋارىم كەلدىمۇ،
لۇتف ئېتىپ ھالىم سورارغە ھەمدە يارىم كەلدىمۇ.

دېگەن مىسرالار ۋە:

نە خەتالىق مەندىن ئۆتتى ياردىن تۈشتۈم يىراق،
كېچە-كۈندۈز فۇرقەتىدە تارتادۇرمەن ئىشتىياق.

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلانغان غەزەللەرنى بۇنىڭغا مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

سەمىمىي ساداقەت، پىداكارلىق، ۋاپادارلىق نەۋبەتىنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىدا ئالغا سۈرۈلگەن يەنە بىر مۇھىم مەزمۇندۇر.

يارنىڭ كويىدا ئۆلمەك قەندۇ شەككەردىن لەزىز،
فۇرقەتى ئىشقىدا كۆيمەك قەندۇ شەككىردىن لەزىز.

دېگەن مىسرالاردا يار ئۈچۈن چەككەن جاپا-مۇشەققەت لەززەتلىك، دېگەن ئىدىيە ئالغا سۈرۈلىدۇ. يەنە:

گەر سەن تۇفەيلى ماڭا ھەر بىداد-سوراق بولسە نەسىب،
سىلسىلەئى دار ئالدىدا تۇرۇپ جاۋابداش مەن بولاي.
سىدقى دىلاۋەر نەۋبەتى، يار بەستىدە زور قۇدرەتى،
ئەھلى ئەدۇغا گور قازىپ يانىڭدا قانداش مەن بولاي.

دېگەن مىسرالاردا شائىر ئۆزىنىڭ پىداكارلىق روھىنى ئىزھار قىلغان.

نەۋبەتىنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىدا يەنە ۋاپاسىزلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك قاتار-

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى www.uyghurkitap.com

لىق ئۇللەتلەر پاش قىلىنغان ۋە ئەيىبلەنگەن، ۋاپاسىز ياردىن كۆرگەن دەرد- ئەلەم-لەر، ئازاب-كۈلپەتلەر ھەسرەت بىلەن بايان قىلىنغان:

جىلۋە ئەيلەپ دوستلۇق مېھرىنى بۇنياد ئەتتىڭىز،
مەرھەمەت ئەيلەپ ھەزىن كۆڭلۈمنى ئاباد ئەتتىڭىز.
ۋەئدە بىرلە كۆرسەتىپ مېھرۇ ۋەفالىق رەسمىنى،
ئىلتىفات ئەيلەپكى مەن بىچارەنى شاد ئەتتىڭىز.
كۆپ ئۈمىدىم بارئىدىكى ۋەئدەگە قىلغاي ۋەفا،
بىۋەفالىق ئەيلەبان كۆڭلۈمنى ناشاد ئەتتىڭىز.
يۈرەكىمنى غۇنچە يەڭلىغ تەھ-بەتەھ قان ئەيلەبان،
مەن يەتىمگە رەھم قىلماي زۇلمۇ بىداد ئەتتىڭىز.
بۇ جەھاندا بىۋەفا مەئشۇق رەسمى ئۇشبۇدۇر،
سەبر ئەيلەڭ نەۋبەتىكىم تۇرفە فەرياد ئەتتىڭىز.

نەۋبەتى ئۆزىنىڭ ھاياتقا ۋە رېئال جەمئىيەتكە بولغان كۆز قارىشى ۋە باھا-سىنى كۆپىنچە مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. مەسىلەن:

كۆڭلۈم ئالدى ناگەھان ئول دىلبەرى ئەييار قىز،
ئارەزى چۈن شەمس تەلئەت، قەددى خۇش رەفتار قىز.
ساچلارى مانەندى سۈنبۇل، لەبلەرى مانەندى گۈل،
سۆزلەرى قەندىن لەزىز، خۇشخۇيۇ خۇش گۇفتار قىز.
مەن كەبى يۈزمىڭ گەدانى ھەسرەتىدە كۆيدۈرۈپ،
تىيرى باران ئەيلەبان مىژگانلارى خۇنخار قىز.
..........................................
بەرمەگىل كۆڭلۈڭنى بۇ دۇنيايى فانى قىز كۆرۈپ،
ئاربىيەتدۇر ئاخىرى قىلغاي سېنى بىمار قىز.

دېگەن مىسرالار ۋە:

كۆھنە بىۋەفا دۇنيا كۆرۈنۈر جەۋانان قىز،
كىم ئانىڭغە دوست بولسە ئول قىلۇر غۇلامان قىز.
..........................................
دوست تۇتمە، ئەي ياران، ئىستەبان يۈرۈپ ھەريان،
ئول ساڭا ۋەفا قىلماس، كەلتۈرۈر پۇشەيمان قىز.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق دۇنيانى ۋاپاسىز قىزغا ئوخشىتىپ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغ-لىماسلىققا، كۆڭۈل بەرمەسلىككە دەۋەت قىلىدۇ.

نەۋبەتى ئەسەرلىرى ئىچىدە يەنە ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىغا بېغىشلانغان شېئىر-لارمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر. «شائىر: تەفاخۇر ئەيلەسەم ھەقلىق دىيارىم بەدردىن ئار-تۇق» دەپ ئۆزىنىڭ گۈزەل يۇرتى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

مۇساھىبىم سۆز باشلاساڭ ئەۋۋەل خوتەندىن باشلاغىل،

دىلبەرىم خۇرشىد يۈزۈم، ئۇل سىيمتەندىن باشلاغىل.
باشقە گەپكە ئاچمە لەب يوقتۇر بۇنىڭچە خاسىيەت،
دىلئارام، تەفاخۇرۇم ئۇل جانۇ تەندىن باشلاغىل.

دېگەن غەزىلىدە شائىر سۆھبەتدىشىغا «ھەرقانداق سۆز باشلىماقچى بولساڭ ئاۋۋال خوتەندىن باشلا» دەپ خىتاب قىلىدۇ، ئۆز يۇرتى خوتەننى قۇياش يۈزلۈك، كۈمۈش بەدەنلىك دىلبەرگە ئوخشىتىدۇ: دۇنيادىكى ھەرقانداق سۆھبەتلەر ئىچىدە ئەڭ خاسىيەتلىك سۆھبەت ئۆزى تۇغۇلغان ئانا تۇپراق ھەققىدە سۆزلىشىش ئىكەنلىكىنى، چۈنكى بۇ گۈزەل دىيار ئۆزىنىڭ كۆڭۈل ئارامى، پەخرى، ھەتتا جېنى ھەم تېنى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

رەۋزەگە ماننەند خەيال ئەت خوتەننى،
بېھىشتتىن زىيادە مىسال ئەت خوتەننى.

دەپ باشلىنىدىغان توققۇز بېيىتلىق غەزىلى نەۋبەتىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ پارلاق نەمۇنىسىدۇر. شائىر بۇ غەزەلدە ئانا يۇرتى خوتەننى ئاجايىپ گۈزەل ئوخشىتىشلار بىلەن سۆيەتلەيدۇ ۋە قىزغىن كۈيلەيدۇ. ئۇنى جەننەتتىنمۇ ئارتۇق بىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇبارەك تۇپرىقى رەھمەت سۈرمىسى، كۆزلەرگە تۇتىيا ئىكەنلىكىنى؛ بۇ گۈزەل دىيارنى ھۆر - پەرىلەرنىڭ شېرىن لەۋلىرىدىكى ھەسەل، ھۆسنى جامالىدىكى قۇياش، شەھلا كۆزلىرىدىكى يۇلتۇز، يادەك ئەگىم قاشلىرىدىكى يېڭى ئاي دەپ بىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ؛ جاھاننىڭ دانىشمەن مۇئەللىملىرى، شائىرلىرىغا خىتاب قىلىپ، خوتەننى باللارغا دەرس ۋە ماقالە قىلىشى، ئۆز ئەسەرلىرىگە خوتەننى قوربېشى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. غەزەلنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسىدا شائىر ئۆزىگە خىتاب قىلىپ:

سەن ھەم، نەۋبەتى، سىياھ رويي ئېلىگە،
رەقىبلەر كۆزىگە زەۋال ئەت خوتەننى.

دەپ يازىدۇ. بۇ ئىككى مىسرادا شائىر گۈزەل ۋەتىنىنى ياتلارنىڭ يامان كۆزىدىن قاچۇرۇش، يوشۇرۇش، قىزغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ پاك ۋە ئەزىز ماكاننى قارا يۈز رەقىبلەرنىڭ ئاياغ، ئاستى قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايدىغانلىقى، ئۇنى جان تىكىپ قوغدايدىغانلىقىدىن ئىبارەت پىداكارانە روھىنى نامايان قىلىدۇ.

شائىر نەۋبەتى ئۆز قەلبىدىكى ئەڭ چوڭقۇر سۆيگۈسىنى ۋەتەنگە بېغىشلىغان؛ ئەڭ قايناق، ئەڭ نازۇك ھېس - تۇيغۇلىرىنى ۋە بەدىئىي ئىستىداتىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشقان. ئۇنىڭ كۆپلىگەن غەزەللىرىدە ئانا ۋەتىنىدىن چەكسىز سۆيۈنۈش، غۇرۇرلىنىش، ئۇنى جېنىدىن ئەزىز بىلىش تۇيغۇلىرى جىلۋە قىلىپ تۇرىدۇ. سوفىزمنىڭ تەركىي ۋەتەنچىلىك، تەركىدۇنياچىلىق تەرغىباتى ۋابادەك يامراپ، پۈتكۈل شىنجاڭنى قاپلىغان ئاشۇ XVII ئەسىردە شائىر نەۋبەتىنىڭ ئۆز شېئىرلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ چىقىشى ھەققەتەنمۇ يۈكسەك ئىلغارلىقتا، زور ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇ خىل روھ ئۆز دەۋرىدىلا

www.uyghurkitap.com



ئەمەس، بۈگۈنكى كۈندىمۇ يۈكسەك ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىممەتلىك رەھتۇر.
نەۋبەتى شېئىرلىرىدا يەنە ھەر خىل ئىللغار ئىجتىمائىي ئەخلاقىي كۆزقاراشلار ئالغا سۈرۈلگەن. مەسىلەن: «لەگەدكۇب ئەيلەمە ھەرگىز دىلىنگغە ئەدلۇ ئىنسافنى» دەپ باشلىنىدىغان بىر غەزىلىدە مۇنداق مىسرالار بار:

ئۆزەڭنى ئادەمىي بىلسەڭ ئىلگەلله فەتھى نۇسرەتنى،
دېمەگىل جۇملە كارىڭدا كېرەكسىز مەيلى ئىنسافنى.
چېچەكلەر كەۋنەيىن كامىڭ ئىشىڭ رۇستلۇق بىلە ئۆتسە،
يېتىلدۇر تەربىيەتۇ مېھر بىرلە نەخلى ئىنسافنى.

شائىر بۇ مىسرالار ئارقىلىق كىشىلەرنى ئادالەتلىك، ئىنساپلىق، تۈز كۆڭۈل بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. شائىر يەنە:

ھەر زەمان قىلغىل كىشىگە ياخشىلىقنى پىشەئى،
ياخشىلىق كۆز تۇتماغىل تۇخمى يامانلىقنى تېرىپ.

دېگەن مىسرالار؛

ئۆزۈڭگە نەفئ كۆرۈپ خاھلاما كىشىگە زەرەر،
چۇقۇرنى كىم قازسە ئول چۇقۇرغە شول تىقىلۇر.

دېگەن مىسرالار ۋە:

ئەي يارانلار، بىز ئۆلۈرمىز يادكار قالدى كەلام،
كىشىدىن قالغاي جەھاندا بىر نىشانە ياخشى نام.

دېگەن مىسرالاردا كىشىلەرنى باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، ئۆز پايدىسىنى كۆزلەپ ئۆزگىلەرگە زىيان سالماسلىققا، دۇنيادا ياخشى نام قالدۇرۇپ كېتىشكە چاقىرغان، باشقىلارغا يامانلىق قىلغان كىشىنىڭ ياخشىلىق كۆرمەيدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرغان.
نەۋبەتى ئەسەرلىرى ئىچىدە يەنە پىزاژ لىرىكىمۇ دىققەتنى جەلپ قىلىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ مۇھەببەت-نەپرىتى، قايغۇ ۋە شادلىقىنى پورتىرېت تەسۋىرى ۋە پىزاژ تەسۋىرلىرىگە سىڭدۈرۈپ ئىزھار قىلغان.

ئالما، دەيدۇرلار، ئالۇرلار ئالمەنى،
قوينىغە يىلداپ سالۇرلار ئالمەنى.
ئالمەغە مەيل ئەتسە ھەركىم ناگەھان،
شاخىدىن ئېگىپ ئالۇرلار ئالمەنى.
ھېچ مېۋە ئالمەدەك مەرغۇب ئەمەس،
زەۋق ئىلە جانىم سورارلار ئالمەنى.
نازىنىن رۇخسارى يەڭلىغ رەڭ-بەرەڭ،
تاختەغە تىزىپ قۇيارلار ئالمەنى.
تۇرفە خۇشبۇيلۇق ئولا ئۆي زىينەتى،
قول بېرىپ ساتىپ ئالۇرلار ئالمەنى.
كەلسە نەۋرۇز فەسلى ئەييامى بەھار،

چوڭلاغە تۇھفە قىلۇرلار ئالمەنى.
ئۆمرۈڭ ئۆتتى نەۋبەتى ھەسرەت بىلە،
جۇستىجۇ قىلسە تاپارلار ئالمەنى.

مانا بۇ غەزەل نەۋبەتىنىڭ پىرازۋ لىرىكىلىرى ئىچىدىكى بىرقەدەر خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر بۇ غەزىلىدە ئالمىنىڭ گۈزەللىكى، خۇش پۇراقلىقى، ئىنسانلارنىڭ ئۇنى قانداق ياخشى كۆرۈپ، قانداق قەدىرلەيدىغانلىقى قاتارلىق بىر قاتار تەبىئىي كۆرۈنۈشلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ھايات گۈزەللىكلىرىنى ئالمىغا مەركەزلەشتۈرۈپ ئەكىس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئىنسانلارنىڭ، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ گۈزەللىكنى سۆيۈش، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىنتىلىش روھىنى نامايىش قىلغان.

يۇقىرىدا بىز سۆزلەپ ئۆتكەن ۋە تېخى سۆزلەنمىگەن ئىلغار ئىدىيەۋى مەزمۇنلار نەۋبەتى ئەسەرلىرىدە ئاساسىي ۋە خاراكتېرلىك ئورنىنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن ئەيىنى دەۋرنىڭ چەكلىمىلىكى ۋە ئاپتورنىڭ بىلىش جەھەتتىكى چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە بىرقىسىم ناچار خاھىشلارمۇ مەلۇم جەھەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

نەۋبەتى ئەيىنى دەۋرنىڭ زۇلمەتلىك رېئاللىقىغا نارازى ئىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ كۈلپەتلىك ھاياتىغا چەكسىز ئېچىناتتى. لېكىن ئاشۇ خارلىنىۋاتقان بىچارە مېھنەتكەشلەرگە قانداق ياردەم بېرىشنى، ئۇلارنىڭ دەردلىك دىللىرىغا قانداق مەلھەم بېرىشنى بىلمەيتتى.

رەسىم ئولۇپدۇركىم، ئۇلۇس ئەھلىغە دائىم غەم يېمەك،
گەر تىرىك بولساڭ خۇدا بەرگەي ساڭا نانۇ نەمەك.

دېگەن ئىككى مىسرانىڭ ئالدىنقىسىدا شائىر خەلقىنىڭ غەم-ئەندىشىلىك تۇرمۇشىنى ئىپادىلىگەن؛ كېيىنكىسىدە بولسا، بۇنداق غەم-ئەندىشىلەرنى ئويلىماسلىققا چاقىرىپ، تىرىك بولساڭلا، خۇدا ئاش-نان بېرىدۇ. شۇڭا غەم قىلىشىنىڭ، قايغۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق، دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ:

بىھۇدە غەم يېمەڭىز جان بولسە جەھان تاپىلۇر،
گەر ھەيات بولسە كىشى تۈرلۈك ئاش-نان تاپىلۇر.

دېگەن مىسرالىرىمۇ يۇقىرىقى پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. شائىر بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ غەم-قايغۇ قاپلىغان كۆڭلىگە تەسەللى بېرىشنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بۇخىل «تەسەللى» كىشىلەرنىڭ كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئاشۇ ئازاب-كۈلپەتلىك رېئاللىقنىڭ ئىنتائەتمەن قۇللىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان. نەتىجىدە «جان بولسا، جاھان؛ ئاش بولسا قازان» دەيدىغان تەييارتاپلىق، بىپەرۋالىق، چۈشكۈنلۈك پەلسەپىسىنى تەرغىب قىلغان. روشەنكى، بۇنداق تەرغىبات خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز تەقدىرى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، گۈزەل ئىستىقبالىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە پايدىسىز ئىدى.

خۇدايىم رەھم قىلىپ رەھمەتى ئەتا قىلسە،
باشىغە تاج قويۇپ جامەئى ئەرغەۋان تاپىلۇر.

.........................................................

كىشىگە يەتسە قىزا يەنچىلۈر چۈكۈزە كەبى،
بەھانە بىرلە كۈزە تاشقە ناگەھان چاقىلۇر.

دېگەن مىسرالاردا شائىر دۇنيانىڭ سەۋەب - نەتىجە قانۇنىنى ۋە ئىنسان پائالىيىتىنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىپ، ھەممىنى تەقدىر ھەل قىلىدۇ، دەيدىغان كۆزقاراشنى قۇۋۋەتلىگەن، كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ بارلىق قىسمەتلىرىنى تەقدىردىن كۆرۈشكە دەۋەت قىلغان. ئېنىقكى، بۇ خىل كۆز قاراشنى تەشۋىق قىلىش، خەلقنىڭ ئۆزى تارتقان ئازاب كۈلپەتلەرنىڭ ھەقىقىي سەۋەبچىلىرىنى تونۇۋېلىشى ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى.

نەۋبەتى شېئىرلىرىدىكى بۇ خىل ناچار خاھىشلار ئۇنىڭ ئىلغار تەرەققىيپەرۋەر كۆز قاراشلىرى بىلەن سىغىشالمايدىغان بىرخىل زىددىيەتلىك ئەھۋالنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان. بۇ خىل ئەھۋال شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى زىددىيەتلىك ھالەتلەرنىڭ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئىپادىسىدۇر. بۇنى ئەينى دەۋر رېئاللىقىدىكى ۋە ئىدېئولوگىيىسىدىكى ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەپ، كەڭ ئەۋج ئالغان پاسسىپ ئامىللارنىڭ ئاپتور ئىدىيىسىگە كۆرسەتكەن تەسىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، نەۋبەتى شېئىرلىرىدا ئەركىن مۇھەببەتنى، ھايات گۈزەللىكلىرىنى، چىن ۋە سەمىمىي ساداقەت، ئالىيجاناب ئەخلاقى پەزىلەتلەرنى كۈيلەش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىلغار ئىدىيە ئالغا سۈرۈلىدۇ؛ ۋەتەننى، خەلقنى قىزغىن سۆيۈش، ئۇلارنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئېچىنىش، ئۇلار ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈشتەك پىداكارلىق روھ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. مانا بۇلار نەۋبەتى ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىدىكى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان خاراكتېرلىك ئامىللاردۇر. نەۋبەتى شېئىرلىرى يۇقىرىقىدەك مەزمۇنلارغا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە يەنە تىلىنىڭ ئاممىبابلىقى، ۋەزنىنىڭ راۋانلىقى، پىكىرنىڭ مەنتىقىي جەھەتتىن ئىزچىللىقى ۋە روشەنلىكى، ھېسسىياتىنىڭ قايناقلىقى قاتارلىق بىر قاتار ئەۋزەللىكلىرى بىلەنمۇ خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، خەلقىمىزنىڭ مۇھىم مەنىۋى بايلىقى، يېقىن سىردىشى سۈپىتىدە ئىككى يېرىم ئەسىردىن بېرى خەلق ئارىسىدا دەپتەردىن دەپتەرگە كۆچۈرۈلۈپ، كۈي - مۇقاملارغا تېكىست قىلىنىپ، دەرسخانىلارنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە.






## ئىگەرچى

بۇرۇندىنمۇ بۇرۇندا، يا بۆلەك جايدا، ياكى مۇشۇ ئورۇندا، تەكلىماكاننىڭ بېشىدا، ھېلىم ئاتام ① نىڭ قېشىدا، ئىلچىنىڭ سەل تېشىدا بىر مەھەللە بولۇپتىكەن. بۇ مەھەللىنىڭ قويىنى باغ، مېۋىلىرى ياغ، سۈيى تاتلىق، ئادەملىرى بولسا گاھىسى پىيادە، گاھىسى ئاتلىق ئىكەن.

شۇ ئادەملەر ئارىسىدا داۋۇت ئاخۇن ئىسىملىك 80 ياشقا كىرگەن بىر ئىگەرچى ئۇستام بولۇپ، ئۇ ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن، داڭقى نە ـ نەلىگە كەتكەن كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى بولۇپ چوڭ خوتۇنىدىن توققۇز، كىچىك خوتۇنىدىن بىر ئوغۇل پەرزەنتى بار ئىكەن.

ئىگەرچى بوۋاي ئون ئوغلىغا تەڭ كۆز بىلەن، خوتۇنلىرىغا بولسا كەڭ كۆز بىلەن قاراپ، باللىرىنى غەمشىلىككە، خوتۇنلىرىنى كۈندەشلىككە قويماي تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. شۇغىنىسى چوڭ خوتۇنىدىن بولغان توققۇز ئوغلى ھورۇن، تېرىككەك، يېڭىلى ئامراق، ئىش دېسە بېشى ئاغرىيدىغان زېرىككەك؛ كىچىك خوتۇنىدىن بولغان كەنجى ئوغۇل زېرەك، ھەم ئىشچان، كۆڭلى توز، ئوچۇق يۈز بولۇپ ئۆسكەنكەن. شۇڭا بوۋاي ئون ئوغلىغا ئۆز ھۈنەرىنى تەڭ ئۆگىتىپ، ھالال ياشاپ، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تەۋسىيە قىلغان بولسىمۇ، توققۇز چوڭ ئوغلى ئىگەرچىلىك ھۈنەرىگە بوش قىزىقىدىكەن، ھېلى قىلغان ئىشىدىن ھېلى ئېزىقىدىكەن. باشقىلارنىڭ ياخشى كۈن كۆرگىنىگە چىدىماي كۆز قىزارتىدىكەن، تەييارتاپ مېجەز بىلەن باشقىلارنىڭ ھالال رىزقىغا قول ئۇزارتىدىكەن.

ئەمما كىچىك ئوغۇل دادىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىس، ھۈنەرگە ـ ھالاللىققا ھېرىس ئىكەن. شۇنداق بولغاچقا دادىسى بۇ بالىغا بەكمۇ ئامراق ئىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ھەپتىلەر كېتىپتۇ. داۋۇت ئاخۇن ئىگەرچى قېرىپتۇ، ئۆمۈر ئېتى ھېرىپتۇ ...

بوۋاي ئۆلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى چوڭ خوتۇن بىلەن ئۇنىڭ توققۇز بالىسى

---

① ھېلىم ئاتام ــ جاي ئىسمى.

www.uyghurkitap.com

ئۆي - بىساتلىرىنى پوكىنىغا بىسىپ، كىچىك
خوتۇن بىلەن كەنجى ئوغلىنى ھەر تەرەپ-
تىن قىسىپ، خارلاپتۇ. كۆپ ئۆتمەي بۇ-
لەك ئۆي ئايرىپ بىر كالەككە پالاپتۇ.

چوڭ خوتۇن ۋە توققۇز ئوغۇل ئوك-
چە قالغاندىن كىيىن، ئىش قىلماي يىتىپ
يەپ، يەر-زىمىنلىرىنى ئالغىنىغا سىتىپ
يەپ يىلىغا قالماي ئۆزى ئاق يەردە، پەل-
لىكى داق يەردە قاپتۇ.

كىچىك ئوغۇل ئاتىسىدىن ئىخلاس
بىلەن ئۆگەنگەن ئىگەرچىلىك ھۈنىرىگە تا-
يىنىپ جان بىقىپتۇ، توققۇز ھورۇن ھەپ-
تىسىگە ئاران بىر دانە ئىگەر ياسىسا، ئۇ،
يالغۇز ئۆزى توققۇز ئىگەر ياساپتۇ، شۇڭا
ئىش كۈندىن-كۈنگە ئىقىش تىپىپ، تۇر-
مۇشى تەدرىجىي ياخشىلىنىپتۇ. كىچىك ئو-
غۇلنىڭ توققۇز ئىگىرى بازاردىن ئىشىپ
قالماپتۇ، ئەمما چوڭ ئوغۇللارنىڭ قول ئۇ-
چىدىلا ياسىغان بىر تالدىن ئىگىرىنى ھىچ-
كىم ئالماپتۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان توققۇز
ھورۇن بار يامانلىقنى ئىنىسىدىن كۆرۈپ،
نىمە قىلىشى ھەققىدە يوشۇرۇن مەسلىھەت
قىلىشىپتۇ. خۇدايىمدىن ئۆزلىرىگە ئامەت،
ئىنىسىگە پالاكەت تىلىشىپتۇ، ئاخىرى بول-
ماي، يامان غەرەز بىلەن چىشلىرىنى بىلە-
شىپتۇ. ئەتە بازار دىگەن كۈنى تۈن نىس-
پى بىلەن ئىنىسى ياتقان ھويلىغا ئوغرى-
لىقچە كىرىپتۇ. تام تۈۋىگە قاتار تىزىپ
قويۇلغان بىر-بىرىدىن چىرايلىق توققۇز
ئىگەرنى بىر يەرگە يىغىپ ئوتقا يىقىپتۇ.
«ئەمدى بىز ئىگىرىمىزنى ساتالايمىز» دەپ
ئويلاپ خۇشلۇقىدىن شۆلگەيلىرى ئىقىپتۇ.

ئەتىسى، ئىنىسى قارىغۇدەك بولسا
ئىگەرلىرى يوق ئىمىش. «بۇنى قىلغان چو-
قۇم ئاكىلىرىم» دەپ گۇمانلانغان بولسىمۇ،
لىۋىنى چىشلەپ گەپ-سۆز قىلماپتۇ. ئۆي-
دىن بىر تاغار ئەپچىقىپ كۈل ئىچىدىن كۆ-
مۈرلەرنى خىللاپتۇ. ئۇنى تاغارغا قاچىلاپ،
ئىشەككە ئارتىپ، ئۈستىدىن ئارغامچا بىلەن
چىڭ تارتىپ، بازارغا راۋان بولۇپتۇ.

شۇ سەھەردە پۇل دىسە ئىملەكلەي-
دىغان، بىر پۇلنى «ئانام»، يەنە بىر پۇل-
نى «دادام» دەيدىغان ئاچكۆز بىر باي بار
ئىكەن.

كەنجى ئوغۇل ئاشۇ باينىڭ ئىشىك
ئالدىغا كەپتۇ، ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋى-
تىپ «كۆرسە كۆمۈر، كۆرمىسە ئالتۇن.
ئەرزان ساتىمەن-نەق ساتىمەن، پۇلغا
ئامراقلار بۇنى دەرھال سىتىۋالسۇن! ...»
دەپ تووۋلاپتۇ.

كەم ئەقىل، ئاچكۆز باي بۇ گەپنى
ئاڭلاپ، ئۆيىدىن سىرتقا چىققۇچە نەچچە
يىقىلىپ-قوپۇپ، «سۇبھاناللا» نى تالاي قىپ-
تىم ئوقۇپ كەنجى ئوغۇلنىڭ يىنىدىغا كەپ-
تۇ-دە، ئاستا پىچىرلاپ سوراپتۇ:

— تاغىرىڭدىكى نىمە؟

بالا:

— دىدىمغۇ، كۆرسە كۆمۈر، كۆرمى-
سە ئالتۇن بۇ تاغارغا قاچىلانغىنى ئەسلى
ئوتۇن، ھازىر كۆمۈردەك كۆرۈنىدۇ، ئەل
ئۇيقۇغا كەتكەندە ئاغزىنى ئاچساڭ بۇ كۆ-
مۈر ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ. ئالاي دىسەڭ ساڭا
1000 تىللاغا ساتىمەن، بولمىسا ئىشىكىمنى
ھەيدەپ قايتىمەن، — دەپتۇ.

بۇ گەپ كالتە پەم باينى قىزىقتۇ-
رۇپتۇ. «ئالتۇن» دىگەن گەپ ئەقلىدىن يە-
نىمۇ ئىزىقتۇرۇپتۇ. «باشقا بىر كىم ئىلى-
ۋالمىغىيدى» دەپ ئەنسىرەپ تۆت تامغا بىپ-
قىپتۇ، ئاندىن كەنجى ئوغۇلنى ئىززەتلەپ
دولىسىغا قىقىپتۇ. ھەرقانچە پىخسىق، ئاچ-

كۆز بولسىمۇ بىر تاغار «ئالتۇن» نىڭ ئالدىدا مىڭ تىللا ھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ، شۇڭا باھاسىنى تالاشماي دېگىنىگە ئېلىپتۇ، كۆمۈر بايغا قېلىپتۇ. 1000 تىللانى كەنجى ئوغۇل يانچۇقىغا سېلىپتۇ. ئۇ مال بازىرىدىن يارام ئىككى خېچىر سېتىۋاپتۇ. ئاشلىق بازىرىدىن ئىككى تاغار بۇغداي، گۆش بازىرىدىن يېرىم سان گۆش ئاپتۇ. سودىلىقى تۈگىگەندىن كېيىن ناخشىسىنى دۆك قوپۇرۇپ مەھەللىسىگە قايتىپتۇ.

چوڭ خوتۇندىن بولغان توققۇز ئوغۇل قارىغۇدەك بولسا، ئىنىسى ئىككى جىھىرغا مال يۈكلەپ، ناخشىسىنى بولۇشىغا ئوقۇپ كېلىۋاتقۇدەك. ئاكىلىرى بۇھالدىن ئاگگىرىغان پېتى بىر-بىرىگە كۆز قىسىپتۇ. ھەيرانلىقىنى مىڭ تەسلىكتە بېسىپتۇ. ئارىدىن بىرى، ئارقىدىن ھەممىسى چىقىپ يولنى توسۇپتۇ. يالغاندىن ئەھۋال سوراپتۇ ۋە «بۇنچە نەرسىنى نەدىن تاپتىڭ؟» دەپ قىستاپتۇ.

كەنجى ئوغۇل بولغان ئەھۋالنى، قىلغان ئامالنى، تاپقان پۇل-مالنى ئاكىلىرىغا جايى-جايى بىلەن سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ. ئۇلار ئۆيىگە چىقىپ بىر ھەپتىدىن بۇيان ياسىغان توققۇز ئىگىرنى يىغىپ ئوت قويۇپتۇ. كۆيۈپ لاخشى بولغاندا ئۇستىگە بىر نەچچە ماتال سۇ قۇيۇپتۇ. چوغ-كۆمۈرگە ئايلىنىپتۇ، كۆمۈر تاغارغا جايلىنىپتۇ. توققۇز ھورۇن بازارغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار بازارنى چۆگىلەپ، ۋارقىراپ-جارقىراپ ھالىدىن كېتىپتۇ، بىر چاغدا ئۇلارنىڭ قەدىمى ھېلىقى، كۆمۈرنى «ئالتۇن» دەپ سېتىۋالغان كەمئەقىل، ئاچكۆز باينىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپتۇ.

بۇ چاغدا باي ئالدانغىنىدىن غەمگە چۆكۈپ، 1000 تىللانىڭ دەردىگە تىنماي ياش تۆكۈپ، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك پىرقىراپ، پىچاق تەگكەن توپاقتەك باقىراپ يۈرگەنىكەن. «كۆرسە كۆمۈر، كۆرمىسە ئالتۇن، ئەرزان ساتىمەن، نەق ساتىمەن» دەپ ۋارقىراشقان ئاۋازنى ئاڭلىغان باي ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، بۇلارنى ئۇرۇپ-سۆرەپ قازىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. قازى ئەھۋالنى ئۇقۇپ توققۇز ئوغۇلنى 40 تىن دەررە ئۇرغۇزۇپتۇ. ئاندىن يانچۇقلىرىنى ئۇك-تەتۈر قىلىپ بار-يوقىنى بايغا تاپشۇرتۇپتۇ. ھەتتا مىنىپ بارغان ئېشەكلىرىنىمۇ ئېلىۋاپتۇ.

تاياق دەستىدىن ئۇستىخانلىرى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك، مال-بىساتىدىن ئايرىلغانىنىڭ ئىچ پۇشۇقىدا مەس-ئەلەستەك بولۇپ قالغان توققۇز ئوغۇل دەرد-ئەلەمگە پايلىماي، قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ئالدى-كەينىنىمۇ ئويلىماي مەھەللىسىگە چىقىپتۇ. كەنجى ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنى ئىزلەپ ئۇيان-بۇيانغا بېقىپتۇ. ئۇنى تاپالماي جىلى بولغىنىدىن كەنجى ئوغۇلنىڭ ئىنتىقامىنى ئانىسىدىن ئاپتۇ، بىچارىنىڭ گېلىنى غىققىدە سىقىپتۇ.

بىر چاغدا، كەنجى ئوغۇل تۈگمەندىن قايتىپ كېلىپ ئۆيگە كىرگۈدەك بولسا ئانىسى ئۆلۈك ياتقۇدەك. ئوغۇلنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپتۇ. بۇ ئىشنى ئاكىلىرىنىڭ قىلغىنىنى بىلىپ، چىشلىرى گەز-گەز بولۇپ مۇشتلىرى تۈگۈلۈپتۇ. لېكىن «قازاغا رىزا، بالاغا سەبرى» قىلىپ ئاچچىقىدىن يېنىپتۇ. بىر ھازا ئويلىغاندىن كېيىن، ئەپچىل بىر چارە ئويلاپ

www.uyghurkitap.com

تېپىپتۇ ...

— ئەتىسى ئەتىگەندە مەرھۇمنىڭ ئۇستىبېشىنى يەڭگۈشلەپ، بىر ئۇرۇچ پاختىنى ياغاچقا پەلكۈشلەپ پەلكۈشنى ئوسمىغا مىلەپ، ئانىسىغا كېلىشتۈرۈپ پەداز قىپتۇ. ئاندىن كېيىن خېچىرغا ئاۋايلاپ مىندۈرۈپ، يىقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قولتۇقىنى ئىككى ئاچىغا ئىلدۇرۇپ، سەھرا تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

بۇ سەھرادا ناھايىتى پىخسىق، گەپلىرى سېسىق، كۆزلىرى قىسىق، ئاچچىقى يامان بىر باي ئالتە مولاق يەرگە خامان ياساپ بۇلە يېيىپ تۇرىدىكەن. كەنجى ئوغۇل ئانىسىنى مىندۈرگەن خېچىرنى باينىڭ خامىنىغا ھەيدەپ قويۇپتۇ. ئۆزى بولسا سەل يىراقتىكى بىر كالتە تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تەرەتكە ئولتۇرۇپتۇ. خېچىر چەشلەنگەن بۇغداينى كومۇلدىتىپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. پىخسىق باي بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەرۋايى قىرىق گەز ئۆرلەپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىل سالغىنىچە يۈگۈرۈپتۇ ۋە قولىدىكى تۆمۈر ئارا بىلەن خېچىر ئۈستىدىكى مەرھۇمنى بىر نەچچىنى ئۇرۇپتۇ. مەرھۇم يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.

شۇ چاغدا كەنجى ئوغۇل كالتە تامنىڭ ئارقىسىدىن تامبىلىنى يۆلىگەن پېتى يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئانىسىنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ «ۋاي ئانام» دەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

باي نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ. كەنجى ئوغۇل «ئانامنى تۆلە!» دەپ باينىڭ ياقىسىدىن ئاپتۇ. خۇن دەۋاسى قىلىمەن دەپ قازى قېشىغا سۆرەپ بولۇشىچە داۋراڭ سېپتۇ.

باي كەنجى ئوغۇلغا بىر ھازا يالۋۇرۇپتۇ، ئاندىن ئىككىسى سۆزلىشىپ: باينى قازىنىڭ قېشىغا سۆرىمەيدىغان، كەنجى ئوغۇلمۇ بۇ ئىشنى بىركىمگە دېمەيدىغان، باي 20 تاغار بۇغداي، 20 ئېشەك، 2000 تىللا نەق پۇل بېرىدىغان، جەسەتنى كەنجى ئوغۇل ئاستىلا ئاپىرىپ كۆمىدىغانغا كېلىشىپتۇ.

ئەتىسى، توققۇز ئوغۇل قارىغۇدەك بولسا كەنجى ئوغۇلنىڭ ھويلىسى ئاش بىلەن ئېشەككە، يانچۇقى پۇل-پىچەككە تولۇپ كەتكەنمىش. ئۇلار كەنجى ئوغۇلنىڭ ھويلىسىغا كەپتۇ: «ئەسسالام ئىنىم، بۇنچە مال-دۇنيانى نەدىن تاپتىڭ؟» دەپتۇ.

كەنجى ئوغۇل چاندۇرماي كۆرۈشۈپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— كېچىدىن ئۆيگە ئوغرى كىرىپتىكەن، ئانام رەھمەتلىك تۇيۇپ قىلىپ جەڭلىشىپتۇ، ئاياللىقىغا باقماي ئېلىشىپتۇ، بەللىشىپتۇ. ئوغرى ئانامنىڭ گېلىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. تۈگمەندىن كەلسەم بىچارە ئانام ئۆلۈك پېتى يېتىپتۇ. ئانامنى خېچىرغا ئارتىپ ئارغامچا بىلەن چىگىپ، مەھكەم تارتىپ بازارغا باردىم. «ئانا گۆشى ئالامدۇ؟» دەپ ۋارقىرىدىم. نەق پۇلى بارلار تىللاغا، پۇلى يوقلار ئېشەك ۋە ئاش-تاغارغا تالىشىپ سېتىۋالدى. بۇ مال-دۇنيا «ئانا گۆشى» ساتقان پۇلغا كەلگەن.

توققۇز ئوغۇل بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىشىنىپتۇ، ئەخمەقلىقىدىن يالغاننى راست دەپ چۈشىنىپتۇ. تۈزۈك بىر مەسلىھەت قىلىشىپ-قىلىشمايلا ئۆيگە بېرىپ ئانىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈشۈپتۇ.

كەنجى ئوغۇلنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئانىسىنىڭ ئۆلۈكىنى ئېشەككە تېڭىپ، سەھەرلەپ مىڭىپ بازارغا بېرىپ «ئانا گۆشى

ساتىمىز» دەپ ۋارقىراپ-جارقىراپتۇ. ئۇنلىرى پۈتۈپتۇ، دەرمانى كېتىپتۇ، ۋاقىت كەچ پېشىندىن ئۆتۈپتۇ. ئەمما ھېچكىم «ئانا گۆشى» سېتىۋالماپتۇ. ئەكسىچە، بۇلارنى «ساراڭ» ئىكەن دەپ چوڭ-كىچىك، ئۇلۇغ-ئۇششاق ھەممىسى مەسخىرە قىلىپتۇ. چالما-كېسەك ئېتىپ، لاي چېچىپ بازاردىن قوغلىۋېتىپتۇ.

توققۇز ئوغۇل دەردىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي غالجىرلىشىپتۇ. كەچتە مەھەللىسىگە كېلىپلا ئىنىسىنى تۇتۇپ تاغارغا سولاپ، ئېشەككە ئارتىپ دەرياغا تاشلىۋەتمەك ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ماڭا-ماڭا بىر يەرگە بارغاندا، ماغدۇرى قۇرۇپ راسا ھارغاندا، ئېشەكنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، ئۆزلىرى سەل يىراقتىكى ئېرىق بويىغا بېرىپ قاتتىق-قۇرۇق نانلىرىنى ئېرىقتىكى لاي سۇغا چىلاپ يېگىلى تۇرۇپتۇ.

كەنجى ئوغۇل تاغارنىڭ ئىچىدە يا ياتالماي، يا قوپالماي قىينىلىپ، تەقدىرگە تېۋىنىپ ياتقۇدەك بولسا، يېقىنلا بىر يەردىن قويلارنىڭ مەرەشكەن، ئىككى ئادەمنىڭ گەپلەشكەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. خايال ئۆتمەي بۇ ئاۋازلار ئېشەكنىڭ يېنىدا پەيدا بوپتۇ.

— كىمنىڭ ئېشىكىدۇ بۇ، ئۈستىدە يۈكمۇ بار ئىكەن، — دەپتۇ بىرى.

— خۇدانىڭ بەرگىنى شۇ-دە، ھەيدە ئېشەكنى، دەپتۇ يەنە بىرى.

بۇلارنىڭ سۆز-پاراڭلىرىدىن تاغار ئىچىدىكى كەنجى ئوغۇل شۇنى پەھىم ئېتىپتۇكى، بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرى باي، يەنە بىرى قويچى-مالاي ئىكەن. كەنجى ئوغۇل بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن كاللىسىغا بىر ئەقىل كەپتۇ، پۇرسەتنىڭ بارىدا بىر دەمبەس قىلىپ باقماقچى بولۇپ قاتتىق يۆتىلىۋېتىپتۇ.

يۆتەل ئاۋازىدىن چۆچۈگەن باي:

— كىم سەن؟ تاغارنىڭ ئىچىدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ دەپ توۋلاپتۇ.

كەنجى ئوغۇل «كىم بولاتتىم، ھاكىم بولمايمەن دەپ مەنسەپتىن قېچىپ تاغارغا كىرىۋالغان ئادەممەن! ...» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان باي: «شۈكرى، ئۇزاقتىن بېرى مەنسەپ تەمە قىلىپ ئاللاغا قىلغان يىغا-زارەم ئىشقا ئاشىدىغان چاغ كەپتۇ ...» دەپتۇ-دە، تاغارنى ئېشەكتىن چۈشۈرۈپتۇ، كەنجى ئوغۇلنى تاغاردىن چىقىرىپتۇ.

— سۆزلە، — دەپتۇ باي، — كىم سېنى ھاكىم بول دەپ قىستىدى؟ تاغارغا كىم سولىدى؟ قانداق قىلىپ ھاكىم بولغۇلۇق؟

كەنجى ئوغۇل:

— تۈنۈگۈن ئۆيدە ئولتۇرسام بىر توپ ياساۋۇللار كېلىپ، «سىزنى شەھەرنىڭ ھاكىمى قىلماقچى، مەپىگە چىقىڭ» دەپ كەپتۇ، مەن «تىنچىقىمنا تىرىكچىلىكىمنى قىلاي، مەنسەپ تۇتۇشنى بىلمەيمەن» دەپ بىر كۈن يالۋۇردۇم. ئۇلار «پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى» دەپ زادى ئۇنىمىدى، ئاخىرى تاغارغا سولاپ ئېلىپ ماڭدى. ياساۋۇللار مۇشۇ يېقىندا ئارام ئېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

باي — ناھايىتى مەنسەپپەرەس، تاماخور ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بېرى بىرەر مەنسەپنىڭ چوققىسىغا مىنگۈسى بولسىمۇ ھېچ يولىنى قىلالماي يۈرۈپتىكەن. كەنجى ئوغۇلنىڭ سۆزى ئۇنىڭ مەنسەپ تاماسىنى ئارزۇ تەقەززاسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپتۇ. شۇڭا:

www.uyghurkitap.com

— ئەي ئەخمەق، مانا، ئالدىڭدا تۇرغان 200 قوي، ئەنە مالچى، مەن ھاكىم بولۇشقا رازى، ئىككىمىز مالنى مەنسەپكە، مەنسەپنى مالغا تېگىشەيلى، بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

كەنجى ئوغۇل بىلەن مالچى ھېلىقى باينى ئەپلەپ، ئۇنى تاغارغا كەپلەپ، ئاغزىنى چىگىپ، ئېشەككە بۇرۇنقىدەك ئارتىپ قويۇپ، مالنى ھەيدەپ يولغا راۋان بوپتۇ.

قويچى مالاي — مەنسەپپەرەس، ئاچكۆز بايدىن قۇتۇلغىنىغا، كەنجى ئوغۇل 200 قويلۇق بولغىنىغا خۇش بولۇپ، خوشلىشىپ ئايرىلىپتۇ.

ئەتىسى توققۇز ئوغۇل ئورنىدىن ۋاقچى تۇرۇپ، كەنجى ئوغۇلدىن قۇتۇلدۇق دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ تالاغا چىققۇدەك بولسا ئەتراپنى بىر پادا قوي لىق ئاپتۇ. ئۇلار كەنجى ئوغۇلنى يەنىلا ھايات ھالىتىدە كۆرۈپ «ئاللا-تۇۋا» دەپ داد ساپتۇ.

—ئۆلمىدىڭمۇ، بۇ قويلارنى نەدىن ھەيدەپ كەلدىڭ؟—دەپ سوراپتۇ ئاكىلىرى.

— ياق ئۆلمىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كەنجى ئوغۇل، — بۇ قويلانى سىلەر مېنى تاشلىۋەتكەن دەريانىڭ تېگىدىكى يايلاقتىن ھەيدەپ كەلدىم.

—ئاران مۇشۇ قويلا بارمىكەن، ياكى ...

ئاكىلىرىنىڭ ئاچ كۆزلۈكى، بەتنىيەتلىكىدىن تويغان كەنجى ئوغۇل كۆڭلىگە بىر پىلاننى پۈكۈپ، چاندۇرماي مۇنداق دەپتۇ:

— ۋاي ئاكىلىرىم، ئۇ يەردە پادا-پادا قويلار، قوتان-قوتان ئۆيلار ئىشقىلىپ ھەممە نىمە بار ئىكەن، مەن ئۆزۈمگە تۇشلۇق ھەيدەپ كەلدىم. قالغانلىرى «بىزنىمۇ يورۇق ئالەمگە ھەيدىگەچ كەت دەپ» مەرىشىپ: ھۆركىرىشىپ قالدى ...

— جېنىم ئۇكام، — دەپتۇ ئۇلار، — بىزگە شۇ يەرنى كۆرسىتىپ قويغان بولساڭ، سېنىڭ سايەڭدە بىزمۇ مال-چارۋىچىلىق بوپ قالغان بولساق؟ ...

— ماقۇل، — دەپتۇ كەنجى ئوغۇل، — يۈرۈڭلار، مەن سىلەرگە قوي بار يەرنى كۆرسىتىپ قوياي.

توققۇز ئوغۇل كەنجى ئوغۇلغا ئەگىشىپ يولغا چىقىپتۇ. بىر چاغدا، دەريانىڭ چوڭقۇر يېرىگە بېرىپ، ئېگىزدىن تۆۋەنگە بېقىپتۇ، ئۇلار كۆرۈپتىكى، سۇنىڭ ئاستىدا بىر تالاي قوي-قوزىلار مەرىشىپ تۇرغۇدەك. بۇ ئەسلى كەنجى ئوغۇل ھەيدەپ كەلگەن قويلارنىڭ سۇدىكى سايىسى ئىكەن.

— ئەنە، — دەپتۇ كەنجى ئوغۇل، — قويلار مۇشۇ يەردە.

توققۇز ئوغۇل بىر-بىرىدىن قىزغىنىپ، بۇرۇنراق سۇغا چۈشۈپ كۆپرەك قوي ھەيدەپ چىقىشنىڭ غېمىدە ئارقا-ئارقىدىن دەرياغا سەكرەپتۇ-دە، سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلۈپتۇ.

كەنجى ئوغۇل خاتىرجەم ھالدا مەھەللىسىگە قايتىپ كېلىپ، دادىسىنىڭ ئىگەرچىلىك ھۈنىرىنى يېڭىباشتىن قولغا ئېلىپ، ئۆي-ئوچاقلىق، بالا-چاقىلىق بولۇپ ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلىپتۇ. «ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلار»، «كىشىگە كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشۈپتۇ» دېگەن سۆز ئەنە شۇ زاماندىن قالغانىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خوتەن دەرياسىنىڭ ئايىغىدىكى «ئىگەرچى» دېگەن كەنت كەنجى ئوغۇلنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادى ئاۋۇتىغا كەلتۈرگەن جاي بولۇپ، ئىگەرچىلىك ھۈنىرى بۇ يۇرتنىڭ نامى بولۇپ ئۆزلىشىپ قالغانىمىش.

توپلاپ رەتلىگۈچى، خېلىل ئىبلى

## غايىب نىكاھ

بار ئىكەنۇ-يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇتوق ئىكەن، قەدىمكى زاماندا چىن ماچىن شەھىرىدە بىر پادىشاھ ئۆتۈپتىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئۆسۈپ يىگىت بولۇپ ۋايىغا يېتىپتۇ. ئۆيلەپ قوياي دېسە ئوغۇللىرىنىڭ كۆڭلىگە دادىسى تاللىغان قىزلار زادى ياقماپتۇ. پادىشاھ ئوغۇللىرىنىڭ ئىختىيارىغا قويسا ئوغۇللىرى ئۆزلىرىگە لايىق تېپىشالماپتۇ. پادىشاھ ئاخىر شەيخۇل ئىسلام جانابلىرىنىڭ «نىكاھ غايىب» دېگەن پەتۋاسىغا رىئايە قىلماق بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇللىرىنى راۋاق ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ ھەربىرىنىڭ قولىغا ئوقيا تۇتقۇزۇپ:

— قېنى ئوغۇللىرىم! سىلەر ئوقنى كۆكلۈكلار تارتقان تەرەپكە ئېتىڭلار، ئوق كىمنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشسە، شۇنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىمەن،— دەپتۇ.

چوڭ ئوغلى ئوقنى ئۈلۈشكۈن كېچە ئۆزىنى ئۆيىدە راسا مېھمان قىلغان زەرگەر كوچىسىدىكى چوڭ سەرراپنىڭ ئۆگزىسىگە قارىتىپ ئېتىپتۇ، ئوتتۇرانچى ئوغلى بىر ھازا تۇرۇپ كېتىپتۇ. دادىسى ھەدەپ قىستاۋەرگەندىن كېيىن ئاۋغان كوچىسىدىكى بىر سودىگەرنىڭ چىرايلىق بالىخانىسى تەرەپكە تەۋەككۈل قىلىپ ئېتىپتۇ. كىچىك ئوغلى بولسا كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ، ئوقنى ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. كۆزىنى ئېچىپ قارىسا ئاسمانغا ئۆرلەپ كېتىۋاتقان ئوق بىردىنلا ئوردا شەھىرىنىڭ شىمال تەرىپىگە بۇرۇلۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. پادىشاھ ھەم ئوردا ئەھلى ياقىلىرىنى چىشلىشىپ «سۇبھانالللا» دەپ قاپتۇ. پادىشاھ ئوغلىغا ئۆزىچە تەسەللى بەرگەندەك قىلىپ:

— كۆزۈڭنى يۇمماي تۇرۇپ يەنە بىر ئات! دەپ بۇيرۇپتۇ كىچىك ئوغلى:

— ئاتا ئۆزلىرى «نىكاھ غايىب» دېگەن ئىدىلە. ئاتقان ئوقۇم غايىب بولدى، ئەمدى مەن ئۇنى تاپمىسام بولماس؟ — دەپتۇ.

پادىشاھ ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئورۇنلۇق دەپ بىلىپ، ئوقنى ئىزدەشكە ئىجازەت بېرىپتۇ، پادىشاھنىڭ بۇ كىچىك ئوغلى شەھەرلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، يۇرت - مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، چوڭ دەريانى بويلاپ ئۇزۇن يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. مىنگەن ئېتى ھالدىن كېتىپ يىقىلغاندا بىر تاغ باغرىغا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا بىر كۆكۈش توشقان ئوقنى غاجىلاپ ئويناپ تۇرغۇدەك، يىگىت توشقانغا قاراپ ماڭغانىكەن، توشقان ئوقنى چىشلىگەن پېتى قېچىپتۇ. يىگىت ھەيران بولغان ھالدا توشقاننىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ، توشقان يىگىتنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ بېرىپ تاغدىكى بىر كامارغا كىرىپ كېتىپتۇ. يىگىت ھېلىقى كامارغا ئېڭىشىپ قارىغاندەك بوپتۇ - يۇ، قانداقلارچە ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغىنىنى تۇيماي قاپتۇ. ھېچقانداق بىر يېرى ھېچ يەرگىمۇ تاقاشماپتۇ. ئۇ ئالدىغا قاراپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن، ئويلىمىغان يەردىن ئاجايىپ يوپيورۇق، گۈزەل، كاتتا باغقا كىرىپ قاپتۇ. باغنىڭ ئىچىدىكى ئېرىقلاردا سۈپسۈزۈك كۆمۈش سۇلار شىرقىراپ ئېقىپ تۇرغان، تۈمەن خىل گۈل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەر خۇش پۇراق تارقىتىپ تۇرغان، مېۋە - چېۋىلەر شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي مەي باغلاپ پىشىۋاتقان، ھەرخىل رەڭدىكى قۇشلار، بۇلبۇللار خۇش ئاۋازدا سايرىشىۋاتقانىكەن. يىگىت ھەيران قېلىپ، ئەتراپقا قاراپتۇ. ھېچكىم يوق ئىمىش. بەك ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن، سۇ ئىچمەكچى بولۇپ ئېرىققا قولىنى سالغانكەن، سۇغا قولى يەتمەپتۇ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، سۇغا ئېڭىشىپ ئىچمەكچى بولغانىكەن، ھەرقانچە قىلىپمۇ يەنە سۇ ئىچەلمەپتۇ. يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ، مەي باغلاپ پىشقان ئالمىلارغا قول سۇنغانىكەن، ئىلگىرى يەرگە تېگەي دەپ قالغان ئالمىلارمۇ لىككىدە ئېگىزگە كۆتۈرۈلۈۋاپتۇ - دە، قولى يەتمەپتۇ. ھەتتا بۇلبۇللارمۇ خۇش ئاۋازدا سايرىمايدىغان بوپتۇ. يىگىت باغ يوللىرىنى ئارىلاپقىنا ماڭغانىكەن، بىر ھەشەمەتلىك ئالتۇن دەرۋازىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئالدىنقى باغدىنمۇ ھەيۋەتلىك ھەم گۈزەل بىر باغقا دۇچ كەپتۇ. گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا خىلمۇخىل نۇرلار بىلەن تاۋلىنىپ تۇرغان، ئالتۇن، مەرۋايىت، قاشتېشى، گۆھەرلەر بىلەن بېزەلگەن بىر راۋاقنى كۆرۈپتۇ. يىگىت يېقىن بېرىپ شۇنداق قارىشى بىلەنلا تۇرغان يېرىدە قېتىپلا تۇرۇپ قاپتۇ. كۆزلىرىنى قايتا - قايتا ئۇۋۇلاپتۇ، چۈنكى راۋاق ئۈستىدە شۇنداق بىر گۈزەل قىز يېتىپتۇكى، ئۇ، نۇر ھەم رەڭدىن يارالغاندەكلا ئىكەن. قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى ئۇنىڭ ئەۋرىشىم بويلىرىغا يۆگەشكەن، يۇمران لەۋلىرى ئەمدىلا ئېچىلۋاتقان قىزىل ئەتىردىن زادىلا پەرقى يوق ئىكەن. يىگىتنىڭ كۆزى ئىككىنچى قېتىم قىزنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ - بىرپەسىيىپ تۇرۇۋاتقان سېھىرلىك كۆكسىگە چۈشۈشى بىلەنلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈشكە تاسلا قاپتۇ. قىزغا ئۈچىنچى قېتىم شۇنداق نەزەر سالغۇدەك بولسا، ئۆزى ئاتقان ئوق قىزنىڭ يۇمران قولىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. يىگىت بۇنىڭغا ھەيران بوپتۇ. بۇ ئارىدا قىز ئويغىنىپ:

— سىز كىم بولسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. قىز يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:

— سىز ئوقنى نېمە ئۈچۈن كۆزىڭىزنى يۇمۇپلا ئاسمانغا ئاتقاندىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چۈنكى، — دەپتۇ يىگىت، — مەن لايىق مەسىلىسىدە كۆڭلۈمنى زادىلا توختىتىپ ئالالمىغانىدىم. شۇڭا ئوقنى تەۋەككۇل دەپ، كۆزۈمنى يۇمۇپ ئاسمانغا قويۇۋەتكەن.

قىز كۈلۈمسىرەپ ئوقنى يىگىتكە بېرىپتۇ. يىگىت بولسا كۆزلىرىنى قىزنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزلىرىدىن زادى ئۈزەلمەپتۇ. قىز بىر چاۋاك چالغانكەن، بىر-بىرىدىن گۈزەل قىزلار نازۇ-نېمەتلەرنى كۆتۈرۈشۈپ كىرىپتۇ. قىز قولىدىكى ئۈزۈكنى ئېلىپ يىگىتنىڭ بارمىقىغا سېلىپ قويۇپتۇ. يىگىت ئۆمرىدە ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان داغدۇغىلىق شېرىن زىياپەتكە مۇيەسسەر بوپتۇ. يىگىت زۇمرەت قەدەھلىرىدىكى قىزىل شەپەقتەك تاۋلىنىپ تۇرغان مەيلەرگە ھەۋەس بىلەن بېقىپتۇ. لېكىن «بۇنى ئىچسەم، بەلكى يەنە ئاغزىمغا چىقماسلىقى مۇمكىن» دەپ ئويلىنىپ قاپتۇ. قىز يىگىتنى غىزاغا تەكلىپ قىپتۇ. يىگىت سۇ ئىچەلمىگەن، ئالما

ئۇزەلمىگەن ئەھۋالنى قىزغا بايان ئېتىپتۇ. قىز كۈلۈپ:

— سىز ئەسلىدە بۇ جاينىڭ ئادىمى بولمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن سۇلار سىزنى ئىچكۈزمىگەن، ئالمىلار سىزنى ئۈزگۈزمىگەن، بۇلبۇللارمۇ سايراپ بەرمىگەن، مانا ئەمدى سىز بىزگە رەسمىي مېھمان، — دەپتۇ.

يىگىت بىلەن قىز چۈشتىن تارتىپ كۈن پاتقۇچە، ئاخشامدىن تارتىپ تاڭ ئاتقۇچە زىياپەتتە ئولتۇرۇپ، نەغمە-ناۋا ئاڭلاپ، شېرىن سۆھبەتلەرنى قىلىشىپتۇ، يىگىت سۆز ئارىسىدا ئوقنىڭ قانداق قىلىپ قىزنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. قىز:

— مېنىڭ ئاتام دىۋە، ئانام بولسا سىران شاھلىقىنىڭ قىزى، مەن ئاتام بىلەن ئانامنىڭ بىردىنبىر پەرزەنتى. سىز ئوقنى ئاتقان كۈنى مەن قىزلار بىلەن كۇئېنلۇن تېغىدىكى چوڭ ئانامنىڭ ئوردىسىدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتىم، قارىسام ئوق دەل مېنىڭ ئالدىمغىچە ئۆرلەپ چىقتى. سىزنى كۆردۈم، كۆڭلۈم سۆيۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئوقنى بۇ ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ، سىزنى كۈتكەنىدىم، — دەپتۇ.

— ئاتا-ئانىڭىز قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت.

— سىز مېنى قوغلاپ كەلگەن تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز. بۇ ئىككى ئاشىق-مەشۇق كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ، شېرىن سۆزلىرى تۈگىمەپتۇ، بىر-بىرىگە بولغان مېھرى-مۇھەببىتى خۇددى قاينار بۇلاقتا ئوخشاش ئۇرغۇپ كۈچىيىپتۇ، بىر كۈنى يىگىت مەلىكىگە:

— ئەي مەلىكەم! مەن يۇرتۇمدىن چىققىنىمغا يېرىم يىل بولاي دەپ قاپتۇ. ئەزىز ئاتام، مېھرىبان ئانامنىڭ ھالى نىچۇك، بىر كۆرۈپ كەلسەك دەپتۇ. قىز بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ. لېكىن:

— مەن ھازىرچە ئايال جەمەتلىرىڭىزگىلا مۇشۇ بويىچە كۆرۈنۈش قىلىمەن، باشقىلىرىغا مايمۇن سۈرىتىدە كۆرۈنىمەن، دەپتۇ. يىگىت:

— تويىدىمۇ مايمۇن سۈرەتتە بولامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ قىز، — ئۇ چاغدا ئاتا-ئانامنىڭ رازىلىقىنى ئالساق ئۇنداق قىلىش ھاجەتسىز. يىگىت، قىزنىڭ شەرتىگە كۆنۈپتۇ.

ئىككىسى يولغا چىقىپتۇ. تاڭ سەھەردىلا چىن ماچىن ئوردا شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كەپتۇ، پادىشاھنىڭ كەنجى ئوغلىنى بىلىدىغانلار يىگىتنىڭ بۇ ھالدا سەپەردىن يېنىشىغا ھەيران قاپتۇ. ئايغاقچىلار دەررۇ پادىشاھقا خەۋەر قىپتۇ، پادىشاھ ھەم ئوردا ئەھلى يەنە بىر قېتىم «سۇبھاناللا» دەپ ياقىلىرىنى چىشلەپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىشىپ قاراپ قاپتۇ.

پادىشاھ ئوغلىنى ئايرىم چاقىرتىپ:

— ئوغلۇم، ساق-سالامەت كەپسەن. مۇبارەك بولسۇن! لېكىن سەن ئالىدىغان خوتۇن قىنى؟ كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپتۇ.

— ئالىدىغان خوتۇنۇم ھېلىقى مايمۇن، ئاتا، — دەپتۇ يىگىت.

— پادىشاھنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتىشكە تاس قاپتۇ. شۇ چاغدا يىگىت:

— ئۇلۇغ ئاتا، بۇنىڭغا ئانام بىرنېمە دېسۇن، — دەپتۇ. پادىشاھ ئايالىنى چاقى-

www.uyghurkitap.com

رىتقانىكەن، ئايالى:

— شاھ ھەزرەتلىرى سۆيۈنچە بېرىڭ! سۆيۈنچە بېرىڭ!— دەپ كىرىپتۇ، پادىشاھ ھەيران بولۇپ:

— نېمىگە سۆيۈنچە؟—دەپ سوراپتۇ.

— پادىشاھ ھەزرەتلىرى، — دەپتۇ ئايالى ئوغلىڭىزنىڭ ئېلىپ كەلگىنى مايمۇن سۈرىتىدىكى پەرىزات ئىكەن. ماڭا كۆرۈنۈش قىلدى.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ دەرھال بولغۇسى كېلىنىنى كۆرمەكچى بولغانىكەن، ئايالى قىزنىڭ شەرتىنى ئېيتىپ، سەبرى قىلىپ تۇرۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي يۇرت ئىچىدە «پادىشاھنىڭ ئوغلى گۈلخۇشتومۇر پەرىزاتقا ئۆيلىنىدىغان بولۇپتۇ» دېگەن خەۋەر پۇر كېتىپتۇ، چوڭ مەنسەپدارلارنىڭ ئاياللىرى، قىزچاقلىرى پەرىزاتنى كۆرۈش ئۈچۈن توپ-توپ بولۇشۇپ، ئەڭ ئېسىل دۇنيالىرىنى سوۋغا قىلىپ، مۇبارەكلەپ كېلىشكە باشلاپتۇ. لېكىن قىز پەقەت يىگىتنىڭ ئايال جەمەتلىرىگىلا كۆرۈنۈش قىلىپ، باشقىلارغا مايمۇن سۈرىتىدە كۆرۈنىدىكەن. نەتىجىدە، كەلگەنلەرنىڭ بەزىلىرى مايمۇننىڭ ئەسلى پەرىزات ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەسە، بەزىلىرى شەك كەلتۈرۈپتۇ. يىگىتنىڭ ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ بەك خاپا بوپتۇ، بىر ئامال قىلىپ مەشھۇر پەرىزات كېلىنىنى دوست-دۈشمەنگە كۆرسىتىپ ئۆزىنى بىر تونۇتۇپ قويغۇسى كەپتىكەن، قىز بۇنىڭغا كۆنمەپتۇ، يىگىتمۇ ئانىسىدىن شەرتنى بۇزماسلىقنى شۇنچە يالۋۇرۇپ سوراپتۇ. ئانا ئاغزىدا «ماقۇل» دەپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە: «قېنى ئەپلىك بىر پەيت كەلسۇنچۇ، نېمە قىلىشىمنى ئۆزۈم بىلمەن» دەپ ئويلاپ يۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى پەرىزات ئۆزىنىڭ مايمۇن نىقابىنى سىرتتىكى ئۆيگە سېلىپ قويۇپ ئىچكىرىكى ئۆيدە يۇيۇنۇۋاتقانىكەن، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ئانا قىزنىڭ نىقابىنى ئوچاقتا گۇركىرەپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلىۋېتىپتۇ. بۇ چاغدا ھېلقى نىقابتىن چىققان ئىس-تۈتەك ئالەمنى قاپقاراڭغۇچىلىققا توشقۇزۇپتۇ.

پەرىزات قىز ئىچكىرىكى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ قارىغۇدەك بولسا نىقابى ئاللىقاچان بىر سىقىم كۈلگە ئايلىنىپ بولغانىكەن.

— ئاھ، — دەپتۇ پەرىزات، — يامان قىلدىڭلا ئانىكا، مېنىڭ مايمۇن سۈرەتلىك نىقابىمنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى ئاتا-ئانامنىڭ دىمىقىغا يېتىپ بارغان ھامان، ئۇلار مېنى ئىزلەپ كېلىدۇ. كۆردىلىمۇ، ئەنە ئۇلارنىڭ غارقىراپ ئۇچۇۋاتقان ئاۋازى قۇلىقىمغا ئاڭلىنىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ يەرگە كەلسە ئۇقۇشماسچىلىق تۇپەيلىدىن ھەرقايسىلىرىغا خېيىم-خەتەر يەتكۈزۈپ سېلىشى مۇمكىن، شۇڭا مەن ئاتا-ئانىلىرىمنىڭ ئالدىغا تېزرەك باراي. باللىرىغا ئېيتىپ قويارلا، ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى راست بولسا ئارقامدىن ئىزلەپ بارغاي، خەير...

پەرىزات قىز شۇنداق دەپتۇ-دە، بىر يۇمىلىنىپ كۆك كەپتەرنىڭ سۈرىتىگە كىرىپتۇ، ئاندىن ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن «كۇر» قىلىپلا ئۇچۇپ چىقىپ كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ.

يىگىت دەم ئۆتمەيلا پەيدا بولۇپ ئۆيگە كىرىپ قارىسا پەرىزات كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ «پەرى-

زات قىنى؟» دەپ سوراپتىكەن، ئانىسى كاللا-باشلىرىغا ئۇرۇپ يىغلىغان پېتى ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

يىگىت ئايرىلىش ئازابىدىن بىر ئاھ ئۇرغانىكەن، ئۇنىڭ ئاھى يەتتە قات ئاسمانني، يەتتە قات زېمىننى تىترىتىپتۇ. يىگىت شۇنىڭدىن باشلاپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ.

ئاستا-ئاستا ئالەم سۇزۇلۇپتۇ. چىن ماچىن ئوردىسى ماتەمدار بوپتۇ. يىگىتنىڭ ئانىسى چاچلىرىنى يۇلۇپ، باشلىرىغا توپا چېچىپ، نالە-پەرياد كۆتۈرۈپتۇ. ئېتەكلىرى ياشقا تولۇپ، كۆزلىرى بەسىر بولۇشقا باشلاپتۇ. لېكىن گۈلخۇشتومۇرنىڭ ھالى ھەرگىزمۇ ياخشىلانماپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كۈز كېچىسىنىڭ بىر ئايدىڭ ئاخشىمىدا، يىگىت تۇساتتىن قىزنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بوپتۇ-دە، ئىختىيارسىز ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە مېڭىپتۇ، شۇنداق قىلىپ ئوردىدىن چىقىپ، قەلئەدىنمۇ چىقىپ دەريا بويلاپ كېتىۋېرىپتۇ. دەريا ئارقىسىدا قاپتۇ. گۈلخۇشتومۇر ئۇسسۇزلۇقتا ھالسىزلىنىشقا باشلاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا بىر دۆڭنىڭ ئارقىسىدىن ئىس كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇ شۇنىڭغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئىشىكمۇ يوق ۋەيرانە، سۇرلۇك بىر ئۆينىڭ ئىچىدىن پېشانىسىدە پەقەتلا بىر كۆزى بولغان ئالامەت قورقۇنچلۇق بىر بەتبەشىرە چىقىپ، گۈلخۇشتومۇرغا:

— ياخشى يىگىت! ئۆز ئايىغىڭ بىلەن كەپسەن، مەرھەمەت قىلىپ ئىچكىرى كىرگىن، — دەپتۇ. يىگىت ھېلىقى بىر كۆزلۈكنىڭ ئارقىسىدىن ئۆيگە كىرىپ قارىسا، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا گۈلخان يېقىلغان بولۇپ، بىر تەرىپىدە ئادەمنىڭ باش سۆڭەكلىرى دۆۋىلىنىپ تۇرغۇدەك.

— نېمىگە چەكچىيىپ كەتتىڭ قورۇق مۇردا، — دەپتۇ ھېلىقى بىر كۆزلۈك، — سېنى بېقىپ سەمرىتىشكە توغرا كېلىدۇ، مە، سۇ ئىچكىن!

بىر كۆزلۈك بىر كومزەك سۇنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئۆزى بىر كىيىكنى سويۇشقا باشلاپتۇ. سويۇپ بولۇپ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئىككى تىللىق زىخقا سانجىپ چوغنىڭ ئۈستىگە قويۇپتۇ. گۆشنى پىشۇرغاندىن كېيىن، يىگىتكە بىر پارچە بېرىپ، قالغىنىنى ئۆزى يەپ بوپتۇ، سۆڭەكلىرىنى ئېلىپ قازناققا كىرىپ كېتىپتۇ. قازناقتىن كىشىلەرنىڭ نالە-زارى ئاڭلىنىپتۇ. بىر كۆزلۈك قازناقتىن يېنىپ چىققاندىن كېيىن:

— سېنىڭ ئون جېنىڭنىڭ بىرى قالغاندا بۇ يەرگە كەپسەن، قازناققا ئەكىرىپ قويسام ئۆلۈپ قېلىشىڭ تۇرغان گەپ، بۈگۈنچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر! — دەپتۇ گۈلخۇشتومۇرغا.

بىر كۆزلۈك يانپاشلاپ يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، گۈلخۇشتومۇر بۇ يەكچەشمىدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئويلاپتۇ، كۆزى ئىختىيارسىز توم، ئىككى تىللىق زىخقا چۈشۈپ قاپتۇ-دە، زىخنى ئاستاغىنە ئوتنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويۇپتۇ. زىخ قىپقىزىل بولغاندا زىخنىڭ بىر تىلىنى يەكچەشمىنىڭ كۆزىگە، يەنە بىر تىلىنى يۈرىكىگە چەنلەپ تۇرۇپ، بار كۈچى بىلەن بىر باسقانىكەن، زىخنىڭ تىللىرى ئاپئاق ئىس چىقىرىپ بىر كۆزلۈكنىڭ تېنىگە كىرىپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ يەكچەشمە ئورنىدىن مۈدىرەپ تۇرۇپ كېتىپ، زىخنى ئۆزىدىن سۇغۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

تاشلاپتۇ - دە، ئالدىغا قوللىرىنى سوزۇپ، بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ، گۈلخانىغا چۈشۈپ، يۇمىلىنىپ، جان تالىشىپتۇ. گۈلخۇشتومۇر قازناقنىڭ ئىشىكىنى بۇزۇپ، ئىچىدىكىلەرگە:

— چاققان چىقىڭلار! بىر كۆزلۈك ئۆلۈش ئالدىدا، دەپتۇ. قازناقنىڭ ئىچىدىن ئونچە ئادەم ئېتىلىپ چىقىپ بىر كۆزلۈكنى گۈلخان ئىچىدىن سىرتقا چىققىلى قويماي كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

— خۇدا مۇرادىڭنى بەرسۇن ياخشى يىگىت، — دەپتۇ ئۇلار، — ئەگەر سەن كەلمىگەن بولساڭ بۇ كاساپەت بىزنى يەپ كېتەتتى.

بىر كۆزلۈكنىڭ سېمىز قويلىرىنى ئۆلتۈرۈپ يەپ، سۇ ئىچىپ كىشىلەرگە تېخىمۇ جان كىرىپتۇ. قۇتۇلغان كىشىلەر:

— ياخشى يىگىت، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىزگە سېنى ھەزرىتى شاھى مەردان ئەۋەتتى. ئەمدى بىز سېنىڭ قۇلۇڭ بولىمىز. سەن نەگە بارساڭ شۇ يەرگە بارىمىز، نېمىنى بۇيرۇساڭ شۇنى بەجا كەلتۈرگەيمىز! — دەپتۇ.

گۈلخۇشتومۇر ئۇلارغا تەشەككۇر ئېيتىپ خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. نۇرغۇن يول يۈرۈپ بىر چاتقاللىققا كىرىپ كېتىپتۇ. چاتقاللىقنىڭ ئىچىدە كېتىۋاتسا بىر كېيىكنىڭ ياتقىنىنى كۆرۈپتۇ. يېقىنلاپ كەلسىمۇ ئۇ كېيىك زادى مىدىرلىماپتۇ. گۈلخۇشتومۇر يېقىن بېرىپ قارىسا، ئۇ باسماققا چۈشۈپ قالغان كېيىك ئىكەن. يىگىت كېيىكنى باسماقتىن ئاجرىتىپ، پۇتىنىڭ زەخىملىرىنى ئۆزىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن تېڭىپ قويۇپتۇ. شۇ چاغدا كېيىك تۇساتتىن زۇۋانغا كىرىپ ئادەمدەك سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— ئەي مېھرىبان كىشى، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئاچ نەپسىڭدىن كېچىپ مېنى قويۇۋەتكەنىڭ ئۈستىگە يەنە باسماقتىن ئاجرىتىپ زەخىملىرىمنى تېڭىپ قويدۇڭ. مەن خۇددى ھەزرىتى سۇلايماننى كۆرگەندەك بولدۇم. ئېيتقىن، سەن زادى قانداق ئادەم، بۇ ئادەم ئايىغى يەتمەيدىغان جاڭگالدا نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟...

يىگىت كېيىكنىڭ زۇۋانغا كەلگەنلىكىدىن ھەيران بوپتۇ، ئاندىن:

— مەن ئادەتتىكى ئادەم نەسلىدىن، يار ھىجرى بىلەن يۈرىكىم زەخىملەنگەن كىشى. ئاشۇ يارىمنىڭ ۋىسالىنى ئىزلەپ يۈرۈپتىمەن، — دەپ ھەممە كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

كېيىك يىگىتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— سەن ئىزلىگەن پەرىزات مۇشۇ چاتقاللىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغدا، لېكىن پەرىزات هازىر يەتتە قات تىلسىمات بىلەن نەزەربەند قىلىنغىلىق. سەن ئاشۇ تاغقا بارالىساڭمۇ تىلسىماتقا كۈچۈڭ يەتمەيدۇ، يارىڭنىمۇ كۆرەلمەيسەن، — دەپتۇ.

كېيىكنىڭ مۇنچىۋالا سىرلاردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىدىن تېخىمۇ ھەيران بولغان يىگىت، ئۇنىڭغا:

— ئەي كېيىك، يارىمدىن خەۋەر بەرگىنىڭ ئۈچۈن يۈزمىڭ رەھمەت، شۇنى بىلىپ قويغىنىكى، بىزدە «جاندىن كەچمىگۈنچە، جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ» دېگەن بىر سۆز بار. مەن ئۇ تىلسىملىق تاغقا بارىمەن، تىلسىمنى ئاچالىسام تېخى ياخشى، ناۋادا ئاچالماي، شۇ يولدا قازا قىلساممۇ ئۆكۈنۈشۈم يوق، چۈنكى مەن

يار ئۈچۈن بار ـ يوقۇمنى ئاتاپ قويغانمەن، ھېچ بولمىسا يارىم بار تاغنىڭ توپا تاشلىرىنى باغاشلاپ كۆز يۇمالىسامۇ ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن!؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— باريكاللا يىگىت، — دەپتۇ كىيىك، — ئەقىدە دېمەك — جان دېمەكتۇر، بۇنداق ئەقىدە ئاز بىر قىسىم ئىنسانلارغىلا نېسىپ بولىدۇ. خۇدا مۇرادىڭنى بەرگەي. مەن — ئاشۇ سەن ۋىسالىغا يەتمەكچى بولغان پەرىزاتنىڭ كېنىزىكى بولىمەن، شۇ قېتىم پەرىزاتنىڭ مايمۇن لىباسى كۆيدۈرۈلگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى دەرغەزەپتە قىزىنى ئىزلەپ بارغانتى. ئاتا ـ بالا يول ئۈستىدە ئۇچراشتى. ماكانىمىز بولغان تاغقا قايتىپ كېلىپلا ئۇنى يەتتە قات تىلسىمغا نەزەربەند قىلدى. ئىگەم بەندكە چۈشۈشتىن سەل بۇرۇن مېنى سېنىڭ ئالدىڭغا يولغا سالغان، مانا، ئۇنىڭ ساڭا ئەۋەتكەن سوۋغىسى...

كىيىك بىر يۇمىلاپلا گۈزەل قىز سىياقىغا كېلىپتۇ ۋە يېنىدىن بىر دانە ھاسا ئېلىپ يىگىتكە تەڭلەپتۇ.

— بۇ ھاسا، — دەپتۇ قىز سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سۇلايمان پەيغەمبەر شاھلىق قىلىۋاتقاندا ئىشلەتكەن ھاسا. بۇ ھاسىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ھەرقانچە قاتتىق تىلسىملانغان تاغ بولسىمۇ ئېچىۋەتكىلى بولىدۇ. پەرىزات: «سەن ماچىن شەھىرىدىكى مەھبۇبەمنى تاپ ۋە ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئەقىدە ـ ئىخلاسىنى ئوبدان سىناپ كۆرگەندىن كېيىن، مېنىڭ بېشىمغا چۈشكەن سەۋدالارنى بايان قىلغىن. ئۇ مۇشۇ ھاسا بىلەن تاغقا ئۈچ قېتىم قاتتىق ئۇرسۇن، شۇ چاغدا تاغ چۆكۈشكە باشلايدۇ. تەختى ـ بەختىدىن ئەندىشە قىلغان ئاتام ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەچۈرۈم سورايدۇ، قالغىنىنى ئۆزى بىلىپ بىر تەرەپ قىلسۇن...» دېگەن.

كېنىزەك سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ھاسىسىنى يىگىتكە بېرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. يىگىت ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، ھاسىنى چىڭ تۇتقىنىچە يولغا ئاتلىنىپتۇ. نەچچە كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپتۇ. قانچە مەنزىللەرنى ئارقىسىدا قالدۇرۇپتۇ. يول ئۈستىدە ئېيىق، يولۋاس، شىر، بۆرە... دېگەندەك خىلمۇ خىل ياۋايى ھايۋانلار ئۇچرىغان بولسىمۇ، ھېلىقى ھاسىنىڭ خاسىيىتى تۈپەيلىدىن خىرىس قىلماق ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ماڭغانلىرى توختاپ، توختىغانلىرى بېشىنى پەسكە ئېلىپ ياكى يەرگە سوزۇلۇپ يېتىپ خۇددى سۇلايمان پەيغەمبەرگە قىلغان ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ھەممىسى يىگىتكە بەجا كەلتۈرۈشۈپتۇ.

ئۇزاق يول ماڭغاندىن كېيىن گۈلخۇشتۇمۇر ھېلىقى دىۋىلەر ماكانى، تىلسىملىق تاغقا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ بۇ ھەيۋەت ۋە سۈرلۈك تاغ ئالدىدا ھەرگىزمۇ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالماپتۇ. ئالدى بىلەن بۇ تاغنىڭ ھەربىر تاش، ھەربىر چىمدىم توپىسىنى يۈز ـ كۆزلىرىگە سۈرتۈپتۇ، ئاندىن ھەر بىر گۈل، ھەر بىر تال گىياھىنى پۇراپ ـ ھىدلاپتۇ. خۇددى يارى پەرىزاتنى كۆرگەندەك، ئۇنى بۆسە قىلىپ كۈچ ـ مادار تاپقاندەك بوپتۇ.

ئاندىن كىيىك سۈرەتلىك كېنىزەك بەرگەن ھاسىنى قولىغا ئېلىپ، سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ مۇبارەك ناملىرىنى زىكىر قىلىپ تۇرۇپ، ھاسا بىلەن تاغقا بىر ئۇرغانىكەن، تاغ گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز چىقىرىپ، يەرۇ ـ جاھانىنى زىلزىلىگە سېلىپ،

www.uyghurkitap.com

تەرەپ - تەرەپتىن چاك كېتىپ، ئاستا - ئاستا يەرگە چۆكۈشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا تۇساتتىن ئارقا تەرەپتىن:

— ھەي ھۆرمەتلىك يىگىت! — دېگەن غەلىتە، يىغلامسىرىغان ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بوپتۇ. يىگىت كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىسا، ئالامەت يوغان بەدھەيۋەت دىۋىلەردىن بىرى ئالدىدا، قالغان 76 سى ئۇنىڭ كەينىدە يىگىتكە سەجدە قىلىپ يەر سۆيۈپ ياتقۇدەك.

— ھەي سۇلايمان پەيغەمبىرىمىزنىڭ نايىبى! ئالدىڭدا گۇناھكارمىز، كەچۈرگەيسەن! — دەپتۇ، ھەممىنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلىپ تۇرغىنى.

— نېمە ھاجىتىڭ بار دېيىشكە تىلىمىز بارمايدۇ، قېنى ئېيىت! بىز ھەرقانداق خىزمىتىڭگە تەييارمىز! ئۆتۈنىمىزكى، ماكانىمىزنى ۋەيران قىلمىساڭ!...

يىگىت قاتتىق ئاۋازدا:

— تىلسىماتنى بىكار قىلىپ پەرىزات بىلەن مېنى دىدار كۆرۈشتۈرگەيسەن، بولمىسا بۇ تاغنى يەر قەھرىگە چۆكتۈرۈۋېتىمەن! — دەپتۇ.

— ھەي يىگىت — دەپتۇ ھېلىقى دىۋە — مەرھەمەت، مۇرادىڭغا يەتكىن. دىۋىلەردىن 76 سى ئىككى قاتار بولۇپ، سەجدە قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان دىۋە يىگىتكە ياندىشىپ مېڭىپتۇ.

يوللار ئېچىلىپ بىردەمدىلا ھېلىقى سېھىرلىك باغقا كىرىپ قاپتۇ.

پەرىزات قىز كېنىزەكلىرى بىلەن باغ يولىدا گۈلخۇشتومۇرنى كۈتۈپ تۇرغانكەن، ھەر ئىككىسى دىدار كۆرۈشۈپ، خۇشاللىق خۇن جىگەرلىرىدىن جۇش ئۇرۇپ چەكسىز ھۇزۇرلىنىپتۇ. ئارقىدىن كاتتا زىياپەت باشلىنىپتۇ. دىۋىلەر پايىپېتەك بولۇشۇپ، ھۆرمەت ۋە تەكەللۇپلارنى زىيادە قىلىشىپ، يىگىتنىڭ نەزەرىدىن ئۆتۈشكە جان - دىلى بىلەن ئۇرۇنۇپتۇ. زىياپەت ئاخىرلاشقاندا يىگىت ئۆزىنىڭ پەرىزات بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى، بۇ ئىشقا رۇخسەت تىلەيدىغانلىقىنى ئىزھار قىپتۇ. دىۋىلەر ئۆز ئارا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، يىگىتكە رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ - دە، ئۆزلىرىنىڭ رەسمىيىتى بويىچە نەچچە كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ پەرىزات بىلەن يىگىتنىڭ باشلىرىنى چېتىپ قويۇپتۇ. زىياپەتلەر، شېرىن سۆھبەتلەر، ئەقىل ھەيران قالغۇدەك كۆڭۈل ئېچىشلارنىڭ تەنتەنە ھۇزۇرىدىن نەچچە كۈنلەرنىڭ كېچىگە، نەچچە كېچىلەرنىڭ كۈندۈزگە ئالماشقىنىنى گۈلخۇشتومۇر سەزمەي قاپتۇ.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى دېگەندە، گۈلخۇشتومۇر قايتماقچى بوپتۇ. خوشلىشىش ئالدىدا قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىسى ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر ئۈزۈكىنى تەقدىم قىپتۇ. ئۇ ئۈزۈك كىمدە بولسا دىلى تارتقىنى ئالدىدا ھازىر بولىدىكەن، مۇھتاجلىقتىن خالاس بولىدىكەن. گۈلخۇشتومۇرمۇ پەرىزاتنىڭ ئىلتىماسى بويىچە، كىيىك قىز بەرگەن سۇلايماننىڭ ھاسىسىنى دىۋىلەرگە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

دىۋىلەر كاتتا سوۋغا - سالاملارنى تۇتۇپ، ئىسىل تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ بۇ ئىككىسىنى يولغا ساپتۇ. قىز، يىگىتنى گۈلخۇشتومۇرغا:

(ئاخىرى 109 - بەتتە)

## لەتىپىلەر

# «مەتلەئۇل - ئۇۇلۇم ۋە مەجمەئۇل - فۇنۇن»دىن

«غۇر» ۋىلايىتىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئەخمەق ئىكەن. بىر كۈنى قىزىقچى بىر ئادەم «غۇر» ۋىلايىتىنىڭ شىمالىدىكى بىر يېزىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ يېزىدا ھەيۋەتلىك ئېگىز بىر تاغ بار ئىكەن. تاغنىڭ تۇسۇۋېلىشى بىلەن قۇياشنىڭ ھارارىتى تارقىلالمىغاچقا، بۇ يېزىنىڭ ھاۋاسى ھېسابسىز قىزىپ كېتىدىكەن، ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى تۇرلۇك كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ تۇرىدىكەن. قىزىقچى ئادەم يېزا ئاھالىلىرىگە:

— ئەگەر سىلەر بىر يىل مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلساڭلار، مېنى ئېسىل تاماقلار بىلەن باقساڭلار مەن مۇشۇ تاغنى ئۆشنەمگە يۈدۈپ، يىراققا ئاپىرىپ تاشلىۋەتكەن بولاتتىم، — دەپتۇ.

غۇرلىقلار بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىگە تەييار تۇرۇپتۇ. بىر يىلغىچە ئالدي تاماقلار، تاتلىق مېۋىلەر بىلەن بېقىپتۇ. بىر يىل توشقاندا ئۇلار ھېلىقى كىشىگە:

— قېنى، تۇرسىلا! ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلسىلا!— دەپتۇ. قىزىقچى:

— قېنى ئەمىسە، ھەممىڭلار مەن بىلەن بىرگە مېڭىڭلار! — دەپتۇ.

يېزىنىڭ بارلىق ئەر - ئايال، قېرى-ياش ھەممىسى توپلىشىپ ھېلىقى قىزىقچى بىلەن بىللە تاغنىڭ باغرىغا يېتىپ كەپتۇ. ھېلىقى قىزىقچى تاغنىڭ تۈۋىگە كېلىپ دوڭغىيىپ تۇرۇپ:

— قېنى ئەمىسە، ھەممىڭلار بىرلىكتە تاغنى كۆتۈرۈپ مېنىڭ ئۆشنەمگە ئېلىپ قويۇڭلار — دەپتۇ. كىشىلەر ھەيران بولۇپ:

— ھوي، سەن ساراڭمۇ - نېمە؟ بۇ تاغنى بىز قانداق قىلىپ ئۆشنەڭگە ئېلىپ قويالايمىز؟— دېيىشىپتۇ .قىزىقچى:

— سىلەر ئۆزۈڭلار ساراڭ ئىكەنسىلەر. سىلەر شۇنچە ئادەم بىرلىشىپ بۇ تاغنى تەۋرىتەلمىسەڭلار، مەندەك بىر ئادەم ئۇنى قانداقمۇ كۆتۈرەلىسۇن ! —دەپتۇ.

بۇ ئەخمەق بىچارىلەر ئۆز ئەقىل، پەم - پاراسىتىنىڭ كەملىكىگە قايىل بوپتۇ. قىزىقچىمۇ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

× ×

خۇش خۇي ۋە سۆزمەن بىر كىشىنىڭ ئىنتايىن سەت بىر ئايالى بار ئىكەن. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئېرى بۇ ئايالىدىن زېرىكىشكە باشلاپتۇ. بىر كۈنى خوتۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېرىگە:
— ھوي، دادىسى، سىلىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلار بەككۆپ، شۇڭا ئۇلارنىڭ قايسى-سىسىدىن يۈزۈمنى يۆگەپ مەستۇر بولۇشنىڭ لازىملىقىنى ۋە قايسىدىن يۈزۈمنى يۆگىمىسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسەڭلار ئىكەن، — دەپتۇ. خوتۇنىدىن جاق تويغان ئەر:
— ھوي، مۇسۇلمان! سىلى مەندىنلا يۈزۈڭلارنى يۆگەڭلار. مېنىڭ قېشىمغا ھەرگىزمۇ ئۇچۇق يۈز بىلەن كىرىپ قالماڭلار! ئەمما مەندىن باشقا كىشىلەر-دىن يۈزۈڭلارنى يۆگىمىسەڭلارمۇ بولۇۋې-رىدۇ،— دەپتۇ.

× ×

بېخىللىقتا داڭقى چىققان بىر دەرۋىش شۇمامە ئىسىملىك كىشىنىڭ قېشىغا كېلىپ سەدىقە تىلەپتۇ. شۇمامە دەرۋىشكە قاراپ:
— ئەي، دەرۋىش! ئالدى بىلەن سەن مېنىڭ ھاجىتىمدىن چىق، ئاندىن كېيىن مەن سېنىڭ ھاجىتىڭدىن چىقىمەن،— دەپتۇ. دەرۋىش:
— بولىدۇ، قېنى ئېيتىپ بېقىڭا! نېمە ھاجەت ئۇ؟— دەپ سوراپتۇ. شۇمامە:
— مېنىڭ سەندىن سورايدىغان ھاجىتىم سەن ئىككىنچى قېتىم مەندىن سەدىقە تىلىمىسەڭ،— دەپتۇ.

× ×

ئوغرى بىر ئادەمنىڭ چاپىنىنى ئوغرىلاپ، سېتىش ئۈچۈن ئۇنى بازاردىكى بىر سېتىقچىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. تۇساتتىن ئۇ يەرگە باشقا بىر ئوغرى پەيدا بولۇپ، سېتىقچىنىڭ دۇكىنىدىن ھېلىقى چاپاننى ئوغرىلىۋاپتۇ. چاپاندىن قۇرۇق قالغان ئوغرى قۇرۇق قولى بىلەن ئاغىنىلىرىنىڭ قېشىغا يېنىپ كەپتۇ. ئۇلار ئوغرىدىن:
— چاپاننى قانچىگە ساتتىڭ؟— دەپ سوراپتۇ. ئوغرى جاۋابەن:
— ئالغىنىغا ساتتىم، ئىز پۇلى بولدى،— دەپتۇ.

× ×

بىر مۇئەللىم جان ئۈزۈش ئالدىدا ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ:
— قايسى جايدىن بولمىسۇن بىرەر كونا كېپەنلىك تاپقىلى بولارمۇ؟— دەپتۇ. ئۇلار:
— كونا كېپەنلىكنى قانداق قىلىسىز؟ دەپ سوراپتۇ. مۇئەللىم:
— ئۆلگىنىمدىن كېيىن مېنى ئاشۇ كونا كېپەنلىككە يۆگەپ يەرلىككە قويۇڭ-لار، مۇنكىر-نەكىر دېگەن پەرىشتىلەر سوراق قىلىش ئۈچۈن كىرگەنىدە، ئۇلار مېنى بۇرۇنقى زاماندا ئۆلۈپ سوراق قىلىنىپ بولغان كونا مېيىت ئوخشايدۇ دەپ سوراق قىلماي چىقىپ كېتەرمىكىن دىۋىدىم،— دەپتۇ.

× ×

بۇرۇنقى زاماندا شۇنداق سەت بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ چىرايىدىن دىۋىمۇ قاچىدىكەن. بىر كۈنى بىر ئايال ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:
— ئەي ئادەم، مېنىڭ سىزگە بىر ھاجىتىم بار ئىدى،— دەپتۇ. سەت

ئادەم:

— قانداق ھاجەت؟ قېنى ئېيتىڭا،— دەپتۇ. ئۇ ئايال:

— مېنىڭ ھاجىتىم، سىز مەن بىلەن بازارغا بېرىشىپ بەرگەن بولسىڭىز، ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم،— دەپتۇ. ئۇ كىشى ماقۇل كۆرۈپ، ئايال بىلەن بىللە بازارغا بېرىپتۇ. ئايال ھېلىقى ئادەمنى بىر رەسسامنىڭ دۇكىنىغا باشلاپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنى دۇكان ئالدىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۆز يولىغا كېتىۋېرىپتۇ. رەسسام بۇ كىشىنىڭ سەت چىرايىنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ھېلىقى كىشى ھەيران بولۇپ، رەسسامدىن كۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. رەسسام:

— بۇ ئايال بىرقانچە كۈن ئاۋۋال مەندىن شەيتاننىڭ رەسىمىنى سىزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى. مەن «كۆرمىگەن نەرسىنىڭ رەسىمىنى قانداق سىزىمەن؟» دەپ ئۇنىمىغانىدىم. ئۇ «مەن سىزنىڭ قېشىڭىزغا پات-ئارىدا شەيتانغا ئوخشايدىغان بىر كىشىنى باشلاپ كېلىمەن. سىز ئۇ كىشىنى ئوبدان كۆرۈۋېلىپ ئاندىن كېيىن رەسىمىنى سىزىپ بېرىڭ» دېگەنىدى. مانا بۈگۈن سىزنى باشلاپ كەپتۇ. شۇڭا كۈلۈۋاتىمەن،— دەپتۇ.

× ×

بىر كىشى بىر كىچىك بالىدىن:

— سىز خۇدانىڭ كالامى بولغان قۇرئاندىن قايسى ئايەتنى ئەڭ ياخشى كۆرىسىز،— دەپ سورىغانىكەن، بالا:

— «مالەكۇم لاتەئكۇلۇن؟»① دېگەن ئايەتنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇ كىشى:

— خۇدانىڭ قۇرئاندىكى بۇيرۇقلىرى ئىچىدىن سىزگە ئەڭ يېقىملىق تۇيۇلىدىغىنى قايسى؟— دەپتۇ.

بالا:

—«كۇلۇ ۋە شرەبۇ»② دېگەن بۇيرۇق ماڭا ئەڭ ياخشى تۇيۇلىدۇ،— دەپتۇ.

ئۇ كىشى:

— قۇرئاندىكى دۇئالاردىن قايسىسىنى ۋەزىپە قىلىپ ئوقۇشنى خالايسىز؟— دەپتۇ.

بالا:

— «رەببەنا ئەنزىل ئەلەينا مائىدەتەن مىنەسسەمائى»③ دېگەن دۇئانى كۈندىلىك ۋەزىپە قىلىپ ئوقۇشنى خالايمەن،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

× ×

بىر كۈنى بىر خەلىپىنىڭ ۋەزىرى بەھلۇل داناغا چاقچاق قىلىپ:

— بۈگۈن خەلىپەم سىزنى بارلىق توڭگۇز ۋە ئېشەكلەرنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى،— دەپتۇ. بەھلۇل دانا ھېلىقى ۋەزىرگە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

① «نېمىشقا يېمەي تۇرىسىلەر؟» دېگەن مەنىدە.

② «يەڭلار ۋە ئىچىڭلار» دېگەن مەنىدە.

③ «ئەي خۇدا، بىزگە ئاسماندىن يېگۈلۈكى بار داستىخان چۈشۈرۈپ بەرسەڭ» دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com



— ئەگەر بۇ ئىش راستىن سىز دېگەندەك بولىدىغان بولسا، بۇگۈندىن ئېتىبارەن سىز مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا بويسۇنۇپ ماڭا ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولۇشىڭىز كېرەك،— دەپتۇ.

× ×

بىر ئەخمەق سەھرادا نامازغا ئەزان ئېيتىپ ئەزاندىن فارىغ بولۇپلا يىراق بىر جايغا بېرىپ تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھەمراھلىرى:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟— دەپ سوراپتۇ. ئەخمەق:

كىشىلەر مېنىڭ ئاۋازىمنى يىراقتىن ئاڭلاپ «ھەجەپ خۇش ئاۋاز كىشى ئىكەن» دېيىشىدۇ. شۇڭلاشقا يىراقتا تۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىنى بىر ئاڭلاپ باقاي، كىشىلەر راست ئېيتامدۇ ياكى يالغانمۇ؟ دېگەنىدىم،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

× ×

بىر كىچىك بالا مەكتەپتە مۇئەللىمنىڭ قېشىدا قۇرئان ئوقۇۋېتىپ «ئەلەيكەللەئنەت① دېگەن ئايەتنى تەكرارلاۋېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مۇئەللىم ئاچچىقلىغان ھالدا: «ئەلەيكە ۋە ئەلا ۋالىدەيكەللەئنەت»② دەپتۇ. بالا بۇ جۈملىنىمۇ يادلىۋېلىپ يەنە تەك تەكرارلاشقا باشلاپتۇ.

× ×

بىر خوجايىن خىزمەتكارىنى بازاردىن ئۈزۈم ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. خىزمەتكار بازاردىن كېچىكىپ قايتىپ كەپتۇ، لېكىن ئۈزۈم ئېلىپ كەپتۇ. بۇ ئىشتىن ئاچچىقلانغان خوجايىن خىزمەتكارغا:

— مۇنىڭدىن كېيىن مەن سېنى ئىشقا بۇيرۇسام بىر قېتىمدىلا شۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا ئىشلارنىمۇ ئورۇنداپ، تېز قايتىپ كېلىشىڭ كېرەك،— دەپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي خوجايىن كېسەل بولۇپ قاپتۇ ۋە خىزمەتكارىغا:

سەن دەرھال بېرىپ دوختۇر تېپىپ كەل،— دەپتۇ. خىزمەتكار چىقىپ كېتىپ ناھايىتى تېزلىكتە بىرقانچە ئادەملەرنى باشلاپ كەپتۇ. خوجايىن خىزمەتكاردىن:

— بۇ نېمە ئادەملەر؟ ئۇلار نېمىشقا كەلدى؟— دەپ سوراپتۇ. خىزمەتكار:

— ئەي خوجايىن، ئۆتكەندە «مەن سېنى ئىشقا بۇيرۇسام شۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرقانچە ئىشنى بىللە ئورۇنداپ، تېزلىكتە قايتىپ كەل» دېگەن ئىدىلە. ئۆزلىرىنىڭ شۇ تاپشۇرۇقلىرى بويىچە دوختۇرنى ئۆزلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن، سازچىنى جانابلىرى ساقايغاندا كۆڭۈل ئېچىشلىرى ئۈچۈن؛ غەسسال (مېيىت يۇغۇچى) نى جانابلىرى ئۆلۈپ-تارتىپ قالسىلا، ئۆزلىرىنى يۇيۇپ-تاراش ئۈچۈن، شائىرنى ئۆزلىرىنىڭ نامازلىرىنى چۈشۈرگەندە شېئىر ئوقۇتۇپ مۇراسىمنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن؛ ماۋۇ ناخشىچىنى خۇش ئاۋاز يىغلاپ نامازلىرىنى

---

① «ساڭا لەنەت ياغسۇن!» دېگەن مەنىدە.

② «ئۆزۈڭگە ھەم ئاتا-ئاناڭغا لەنەت ۋە قاغىش ياغسۇن!» دېگەن مەنىدە.

فىزىتىش ئۈچۈن؛ ئاۋۇ گۆركەشنى جانابلىرىغا گۆر كولاش ئۈچۈن؛ ئاۋۇ قارىمىنى باشلىرىدا ئولتۇرۇپ قۇرئان تىلاۋەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىم تەقسىر، رەنجىمىسلە، — دەپتۇ.

× ×

جەڭ كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئىسكەندەر رۇمى ئۈچقۇر ئاتقا مىنىپ لەشكەرلىرىنى كۆزىتىپ مېڭىپتۇ. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزىگە تېكۈر، ئورۇق ئاتقا مىنىۋالغان بىر ئەسكەر چېلىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىسكەندەرنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، ئەسكەرنى ئات ئۈستىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپتۇ. بۇ ئىشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ئەسكەر قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئىسكەندەر:

— مۇنداق جىددىي پەيتتە كۈلۈشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەسكەر:

— سەن بولساڭ قېچىشقا ئەپلىك ئۈچقۇر ئاتنىڭ ئۈستىدە، مەن بولسام توكۇر ئاتنىڭ ئۈستىدە، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە سېنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىڭگە كۈلگۈم كەلدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ جاۋابتىن مەمنۇن بولغان ئىسكەندەر ئەسكەرنىڭ دەرىجە ۋە مەرتىۋىسىنى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۆتۈرۈۋېتىپتۇ.

× ×

يەئقۇبى لەيس دېگەن پادىشاھ ئەسلى ناھايىتى كەمبەغەل بىر ئادەم ئىكەن. ئۇ پادىشاھلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن بىر باينىڭ پۈتۈن مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، بىر پارچە نانغا زار ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ. بىر كۈنى ئۇ باي بىر ئىش بىلەن شاھ ئوردىسىغا كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

— بۈگۈنكى كۈندە ئەھۋالىڭ قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. باي:

— مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىم سىلىنىڭ تۈنۈگۈنكى ئەھۋاللىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ، باينىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۆزرەخاھلىق ئېيتىپتۇ.

× ×

سەھرالىق ئەرەبلەردىن بىرى بىر كىشىگە گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن شەرىئەت مەھكىمىسىگە بېرىپتۇ. ئەرز قىلغۇچى گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقىنى رەت قىلىش ئۈچۈن قازىغا:

— ئەي قازى، سەھرالىق بۇ ئەرەب ئۆمۈر بويى بىر قېتىممۇ ناماز ئوقۇپ باقمىغان، شۇڭا ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى ھېسابقا ئالغىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان گۇۋاھچى غەزەپلىنىپ:

— يالغان ئېيتىۋاتىسەن، مەن پالانى يىلى ھەج قىلغان ۋە ھەجنىڭ پۈتۈن رەسمىيەتلىرىنى ئورۇندىغان، — دەپتۇ. قازى:

— ھەج قىلغىنىڭ راست بولسا، زەمزەم قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ. گۇۋاھچى:

— زەمزەم دېگەن ئەرەپاتتا ئولتۇرىدىغان بىر قېرى ئادەم ئىكەن، — دەپتۇ. قازى:

— ئەي بىناماز، زەمزەم دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادەمنىڭ ئەمەس، قۇدۇقنىڭ نامى.
ئەرەپات دېگەن سەھرانىڭ نامى،— دەپتۇ.
گۇۋاھچى:
— مەن ھەج قىلغان چاغلاردا
زەمزەم دېگەن ئادەمنىڭ ئىسمى بولۇپ،
ئۇ يەردە قۇدۇق يوق ئىكەن. ئەرەپات
دېگەن سەھرا بولماستىن، بەلكى بوستان-
لىق جاي ئىكەن. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى
بىلەن ئۇ جاي ئۆزگىرىپ سىلى دېگەندەك
بولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ،— دەپتۇ.

× ×

بىر پەرەڭ بىر ئەرەبتىن:
— سىلەردە نارەسىدە بالىلارغا
ئەسەد (شىر)، كەلب (ئىشت)؛ ئون نەچچە
ياشلىق بالىلارغا ئەسئەد، مۇبارەك دەپ
ئات قويىدىغان ئادەت بار ئىكەن. بۇنىڭ
سەۋەبى نېمە؟— دەپ سوراپتۇ. ئەرەب
جاۋاب بېرىپ:
— ئەسەد، كەلب دېگەن ئىسىملارنى
قويۇشتا دۈشمەننى نەزەردە تۇتىمىز. ئەسئەد،
مۇبارەك دېگەن ئىسىملارنى قويۇشتا
ئۆزىمىزنى نەزەردە تۇتىمىز،— دەپتۇ.

× ×

نەسرۇللا سۇلتاننىڭ ئوردىسىدا
ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە پەتھۇللا قازى
سۇلتان نەسرۇللانىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن
ئورۇن ئاپتۇ، لېكىن سۇلتان نەسرۇللا
ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ تۆۋەن
تەرىپىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ ۋە:
— ئاللا تائالا قۇرئانى كەرىمدە
ئىزاجائە نەسرۇللاھى ۋەلفەتھۇ»① دەپ
ئايەت نازىل قىلىپ سېنىڭ ۋە مېنىڭ
دەرىجەمنى بېكىتىۋەتكەندۇر. ئايەتتە
ئالدى بىلەن «نەسرۇللا» دېگەنلىكى
ئۈچۈن مەن تۆردە ئولتۇرۇشۇم كېرەك.
ئارقىدىن «ۋەلفەتھۇ» دېگەنلىكى ئۈچۈن
سەن مېنىڭ تۆۋەن تەرىپىمدە ئولتۇرۇ-
شۇڭ كېرەك،— دەپتۇ.

× ×

بىر ئولتۇرۇشتا زالىملىقتا داڭ
چىقارغان ھەججاج بىننى يۈسۈپ دېگەن
پادىشاھنىڭ زالىملىقى توغرىسىدا
شىكايەت قىلىنىپتۇ. ئاردىن بىرسى:
— ھەججاج چوقۇم دوزاخقا كىرىدۇ.
ئەگەر ئۇ دوزاخقا كىرمىسە خوتۇنۇم
تالاق بولۇپ كەتسۇن!— دەپ قەسەم
ئىچىپتۇ. ئولتۇرۇشتىكى يارانلاردىن
بىرسى:
— ئەي بۇرادەر، ئىشنىڭ ئاقىۋىتى
تېخى نامەلۇم تۇرسا، قەسەم ئىچىپ
قويدۇڭغۇ، ئەمدى خوتۇنۇڭ تالاق بولۇپ
كەتتى،— دەپتۇ. ئۇ ئادەم غەمكىن ھالدا
ئۆز زامانىسىنىڭ كاتتا دىنىي ئەربابى ۋە
ئاتاقلىق شەرىئەتشۇناس ئۆمەر ئىبنى
ئۇبەيدەنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغان ۋەقەنى
تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئۆمەر ئىبنى
ئۇبەيدە جاۋاب بېرىپ:
— خوتۇنۇڭنى قويۇۋەتمەي ساقلاپ
تۇرغىن، قاچانكى خۇدايتائالا ھەججاجنىڭ
شۇنچە ئېغىر گۇناھى بار تۇرۇقلۇق ئۇنى
كەچۈرۈم قىلغان تەقدىردە، سېنىڭ ئۇنچە-
لىك گۇناھىڭنىمۇ كەچۈرۈم قىلىۋەتسە ئەجەب

① «قاچانكى خۇدانىڭ ياردىمى ۋە ۋەفەتھى كەلسە» دېگەن مەنىدە.

ئەمەس، — دەپتۇ.

× ×

ئەبۇ مەنسۇر ناملىق ئەرەبتىن بىر قانچە كىشى:
— بىز «لۇقۇدۇق» سەھراسىغا يۇيۇنۇشقا بارغىنىمىزدا يۈزىمىزنى قايسى تەرەپكە قىلساق توغرا بولاركىن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەبۇ مەنسۇر.
— كىيىم - كېچەكلىرىڭلارنى ئوغرى ئېلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يۈزۈڭلارنى كىيىم - كېچەكلىرىڭلار تەرەپكە قىلساڭلار بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

× ×

بىر كۈنى نۇشىرۋان پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. زىياپەتتە نۇشىرۋاننىڭ تۇغقانلىرى ئىچىدىن خېلى ئىناۋەتلىك بىرسى نۇشىرۋاننىڭ ئالدىدىكى بىر ئالتۇن نەقىشلىك جامنى ئوغرىلىقچە يانچۇقىغا تىقىۋاپتۇ. نۇشىرۋان ئۇنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە ساپتۇ. زىياپەت ئاخىرلاشقاندا كۈتكۈچى:
— يۈتكەن ئالتۇن جام تېپىلمىغۇچە ھېچكىمنى كەتكىلى قويمايمەن، — دەپتۇ.
نۇشىرۋان:
— ھەممەيلەن كېتىۋەرسۇن. جامنى ئالغۇچىمۇ، جامنى قايتۇرغۇچىمۇ بولمىسۇن! كۆرگەنلەرمۇ بۇ ئىشنى ھېچكىمگە دەپ سالمىسۇن! — دەپتۇ.
ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندە جامنى ئوغۇرلىغان ھېلىقى كىشى يېڭى تاج، سەللا ۋە قىممەت باھالىق كىيىم-لەرنى كىيىپ نۇشىرۋاننىڭ ھۇزۇرىغا كەپتۇ. نۇشىرۋان:
— بۇ كىيىملەرنى ئاشۇ ئالتۇن جامنىڭ پۇلىغا كىيىپسىلا — ھە! — دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى كىشى:
— شۇنداق، ئۇ جامدىكى بۇ كۆڭلەك، ئىشتان ۋە تەلپەكلىرىممۇ شۇنىڭ بەدىلىگە كەلگەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. نۇشىرۋان كۈلۈپ كېتىپ ئۇنىڭغا مىڭ مىسقال قىزىل ئالتۇن تارتۇق قىپتۇ ۋە ئۇنى ئوردىنىڭ خەزىنىدارلىقىغا تەيىنلەپتۇ.

× ×

بىر كىشى قازى ئاخۇنۇمدىن:
— خورما يېسە دىنىي ئېتىقادىمغا نۇقسان يېتەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
قازى:
— ياق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
— ئۇنداق بولسا خورمىغا ئازراق سىيادان سېپىپ يېسەم كېرەك يوقتۇ؟ — دەپتۇ.
— ياق، ھېچقىسى يوق.
— ئەگەر ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىر ئاز سۇ قويسام خورما ھارامغا ئايلىنىپ قالارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ كىشى.
— ياق، ھەرگىزمۇ ھارامغا ئايلانمايدۇ.
— ئۇنداقتا ھاراقمۇ مەن دېگەن نەرسىلەردىن تەييارلىنىدۇ - يۇ، نېمە ئۈچۈن ئۇ ھارام بولىدۇ؟
— بېشىڭغا ئازراق توپا قويسام بېشىڭ ئاغرىمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قازى ئاخۇنۇم ھېلىقى كىشىدىن.
— ياق، — دەپتۇ ئۇ كىشى.

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداقتا ئۇنىڭغا ئازراق سۇ قۇيۇپ ئاندىن بېشىغا ئۇرسام ئاغرىمدۇ؟

— ياق، ئاغرىمايدۇ.

— ئەگەر ھەممىسىنى يۇغۇروپ، ئۇنىڭدىن خىش ياساپ بېشىغا ئۇرسام ئاغرىمدۇ؟

— ۋاي، ... ئۇنداق قىلسىلا بېشىمنى يېرىۋېتىدۇ.

— دېمەك، ھاراقمۇ مۇشۇ خىشنىڭ ھۆكمىدە بىلەن ئوخشاش، — دەپتۇ قازى ئاخۇنۇم.

× ×

ھارۇن رەشىدنىڭ دەۋرىدە بىر كىشى پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىپتۇ. ھارۇن رەشىد ئۇ كىشىدىن:

— قانداق مۆجىزەڭ بار؟— دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى:

قانداق مۆجىزە تەلەپ قىلسىلا شۇنداق مۆجىزە كۆرسىتەلەيمەن، — دەپتۇ. ھارۇن رەشىد:

— ئۇنداق بولسا، قولۇڭدىكى ھاساڭنى يەرگە تاشلا! ئۇ يىلان سۈرىتىگە كىرىپ، ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىدەك كارامەتلەرنى كۆرسەتسۇن! دەپتۇ. ئۇ كىشى:

— مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى يىلانغا ئايلىنىپ كارامەت كۆرسەتكەن چاغلىرى دەل پىرئەۋننىڭ خۇدالىق دەۋاسى قىلغان ۋاقتى ئىدى. ئەمما ھازىر سىلى خۇدالىق دەۋاسى قىلمايۋاتىلا. قاچانىكىم سىلىمۇ خۇدالىق دەۋاسى قىلسىلا، مېنىڭ ھاساممۇ يىلانغا ئايلىنىپ شۇنداق كارامەتلەرنى كۆرسەتكۈسى، — دەپتۇ. ھارۇن رەشىد:

— ئۇنداقتا سەن مۆجىزەڭنى كۆرسىتىپ قوغۇن پەيدا قىلىپ باقىن، — دەپتۇ. ئۇ كىشى:

— بولىدۇ، ماڭا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرسىلە، — دەپتۇ. ھارۇن رەشىد:

— ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. ھازىرنىڭ ئۆزىدە قوغۇن پەيدا قىلالىساڭ مۆجىزە ياراتتى دېگىلى بولىدۇ، — دەپتۇ. ئۇ كىشى:

— ئەي خەلىپەم، خۇدايىمتائالا شۇنچىۋالا قۇدرەتلىك، ھەممىنى قىلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق قوغۇن ئۇرۇقى تېرىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن قوغۇن پەيدا قىلىدىغان تۇرسا، مەن سىلىدىن ئاران ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت سورىدىم. ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىسىلا، بۇنى نېمە دېگىلى بولسۇن! — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھارۇن رەشىد كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:

— سەن بۇ دەۋايىڭغا قاتتىق تۆۋە قىل! — دەپ ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىنئاملار بېرىپ يولغا ساپتۇ.

× ×

بىر دىۋانە بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ نان تىلەپتۇ. ئۆيدىن چىققان قىزچاق:

— ھازىر سىلىگە بەرگۈدەك نان يوق، — دەپتۇ. دىۋانە:

— ئۇنداقتا ئازراق تۇز بولسىمۇ بەرسىڭىز، — دەپتۇ. قىزچاق:

— تۇزمۇ يوق ئىدى، —دەپتۇ. دىۋانە:

— ئازراق سۇ بولسىمۇ بەرگەن بولسىڭىز، قۇرۇپ كەتكەن كانىيىمنى ھۆل قىلىپ، تەشنالىقىمنى قاندۇرۇۋالغان بولسام، — دەپتۇ. قىزچاق:

— سۇچى تېخى يېتىپ كەلمىدى، —
دەپتۇ. دىۋانە:
— ئانىڭىز قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ.
قىزچاق:
ئانام ئۆلۈم بولغان يەرگە هال سو-
راش ئۈچۈن كەتكەنىدى، — دەپتۇ. دىۋانە:
— ئانىڭىز باشقىلاردىن هال سورى-
ماي، باشقىلار سىلەردىن هال سورىسا بول-
غۇدەك، — دەپتۇ.

× ×

مەنسۇر خەلىپىنىڭ پايتەختتىكى شا-
ئىرلىرى ئىچىدە تەغلەبى ئىسىملىك بىر
شائىر بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ پادىشاھ-
نى مەدھىيىلەپ مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن
بىر قانچە قەسىدىنى پادىشاھنىڭ هۇزۇرىدا
ئوقۇپتۇ. خەلىپە:
— ئەي تەغلەبى، ئوقۇغان قەسىدەڭ-
نىڭ مۇكاپاتىغا ئىككى نەرسە ئىنئام قى-
لىمەن. بىرسى، ئۈچ تەڭگە قىزىل ئالتۇن
بېرىمەن. يەنە بىرسى، هېكمەتلىك سۆزدىن
ئۈچ كەلىمە تەلىم بېرىمەن. هەر بىر كە-
لىمە سۆز يۈز دىنار قىزىل ئالتۇنغا تەڭ
كېلىدۇ. قايسىسىنى ئېلىشنى ئۆزۈڭ تاللى-
ۋال، — دەپتۇ. تەغلەبى خۇشامەتكويلۇق
بىلەن:
— باقى تۇرالايدىغان هېكمەتلىك
سۆز، پانى بولۇپ تۈگىشىپ كېتىدىغان نا-
زۇ - نېمەتتىن ياخشىدۇر. مېنى هېكمەتلىك
سۆز بىلەن مۇكاپاتلىسىلا، —دەپتۇ. خەلىپە:
— ساڭا دەيدىغان بىرىنچى هېكمەت،
كىيىملىرىڭ كونىراپ قالسا، ئۇنىڭ ئۈس-
تىدىن ئۆتۈك كىيمە، —دەپتۇ. بۇنى ئاڭ-
لىغان تەغلەبى قوللىرىنى باشلىرىغا ئۇ-
رۇپ، «ئاھ، ئىست، يۈز تەڭگە يامبۇيۇم
كۆيۈپ كەتتى» دەپ هەسرەت چېكىپتۇ.
خەلىپە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:
— ساڭا دەيدىغان ئىككىنچى هېكمەت،
هەر قاچان ساقىلىڭنى مايلىساڭ مايىنى سا-
قىلىڭنىڭ تېگىگە ئۆتكۈزۈۋەتمە، ئۈزەكى
قىسمىنى مايلىغىن، بولمىسا ياقاڭنى ماي
قىلىپ قويىدۇ، — دەپتۇ. تەغلەبى «هېك-
مەتلىك سۆز بىلەن مۇكاپاتلىسىلا» دېگى-
نىگە پۇشايمان قىلىپ:
— ۋاي ئىست، ئىككى يۈز تەڭگە
ئالتۇنۇم بىكارغا كەتتى، — دەپ تاشلاپتۇ.
خەلىپەم:
— ئۈچىنچى هېكمەت، — دەپ سۆز-
لەشكە تەمشىلىۋاتقاندا تەغلەبى:
— ئەي پادىشاھى ئالەم، مېنىڭ ها-
زىر ئۈچىنچى هېكمەتنى ئاڭلىغۇچىلىقىم
قالمىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ماڭا يۈز تەڭگى-
نى بەرسىلە. چۈنكى يۈز تەڭگە بۇ هېك-
مەتلىك سۆزلىرىگە قارىغاندا ماڭا بەكرەك
ئەسقاتىدۇ، — دەپتۇ. خەلىپە كۈلۈپ كېتىپ
ئۇنىڭغا بەش يۈز تەڭگە قىزىل ئالتۇن
ئىنئام قىپتۇ.

× ×

ئەمىر تۆمۈر پادىشاھ پارس مەملىكى-
تىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن شىراز تەۋە-
لىكىگە كەپتۇ. ئۇ كېلىپلا خوجا هاپىز
شىرازىنى ئىزلەپتۇ. بۇ كۈنلەردە خوجا ها-
پىز شىرازى يوقسۇللۇقنىڭ دەردىدە ئىبا-
دەتكە مەشغۇل بولۇپ يۈرگەنىكەن. ئەمىر
تۆمۈر ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن مۇرىتلىرىدىن
بىرى بولغان سەييىد زەينىلئابىدىن رۇك-
نابادى بىلەن ئۇچرىشىپ، شۇ ئارقىلىق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

هاپىز شىرازىنى ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي خوجا ھاپىز، مەن قىلىچىمنىڭ كۈچىگە تايىنىپ سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا پۈتۈن روبى زېمىننى ۋەيران قىلىۋەتتىم. لېكىن سىز گۈزەل قىزلارنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان مەڭلىرىگە سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانى بەخش قىلىپ: «كۆرۈپ مەرغۇب مېنى شىراز گۈزەلى — قىلسا يارانى، ئۇنىڭ خالىغا بەخش ئەتسەم سەمەرقەندۇ بۇخارانى» دېگەن مىسرالارنى توقۇپ يۈرۈپسىز، — دەپتۇ. ھاپىز شىرازى:

— مەن ئۆزۈمنىڭ سېخىيلىقىم ۋە كەڭقورساقلىقىمدىن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ كەمبەغەللىشىپ كەتكەنمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەمىر تۆمۈر قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنى يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

× ×

بىر كۈنى ئاتاقلىق شائىر ھەكىم ئەنۋەرى بەلخ شەھىرىنىڭ بازىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر توپ كىشىلەرنىڭ يىغىلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئەنۋەرى ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر ئادەم ئۆرە تۇرۇپ:

— بۇ بولسا مەن يازغان قەسىدىلەردۇر؛ بۇ قەسىدىنىڭ نامى «قەسائىدى ئەنۋەرى» دەپ قەسىدە ۋە شېئىرلارنى ئوقۇپ بېرىۋاتقان، ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا تەھسىن ئوقۇۋاتقانىكەن. ھەكىم ئەنۋەرى ئۇ كىشىدىن:

— ھەكىم ئەنۋەرى دېگەن كىشىنى تونۇمسىز؟ —دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى خىجىل بولماستىن:

— نېمە دەۋاتىسەن؟ ھەكىم ئەنۋەرى دېگەن مەن بولىمەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھەكىم ئەنۋەرى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— ئۆمرۈمدە مال-دۇنيا ئوغرىسىنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان بولساممۇ، لېكىن شېئىر ئوغرىسىنى كۆرمىگەنىكەنمەن، —دەپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

× ×

بىر پادىشاھ ئادىتى بويىچە ئەتىگەندە شىكارغا چىقىپتۇ. يولدا پادىشاھقا كۆزۈمسىز بىر ئادەم ئۇچراپتۇ. پادىشاھ بۇ ئادەمنىڭ سەتلىكىنى «شۇملۇقنىڭ بەلگىسى» دەپ ئويلاپ، ئۇ كىشىگە كايىپ، مالامەت قىپتۇ. ئەكسىچە ئۇ كۈنى پادىشاھ ئادەتتىكىدىن كۆپ ئوۋ ئوۋلاپ غەلىبە بىلەن ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ.

پادىشاھ: «ھەي ئىسىت، ئەتىگەنكى ئادەمگە ناھەق ئازار بېرىپتىمەن» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۇ كىشىنى چاقىرتىپ ئۆزەخاھلىق ئېيتماقچى بوپتۇ ۋە خادىملىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ھېلىقى كىشىنى تاپقۇزۇپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇ كىشىگە كۆپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئېسىل كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ مىڭ تەڭگە ئىنئام قىپتۇ. ئۇ كىشى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ماڭا مۇنداق ئېسىل كىيىم ۋە ئىنئاملارنىڭ كېرىكى يوق، مەن پەقەت جانابلىرىدىن بىر ئېغىز سۆزنىلا سورىۋالماقچى، سۆزلىشىمى

گە رۇخسەت قىلغايلا، — دەپتۇ. پادىشاھ
ئۇ كىشىگە ئىجازەت بېرىپتۇ. ئۇ كىشى:
— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئەتىگەندە
جانابلىرىنىڭ ھەممىدىن بالدۇر ئۇچراتقان
ئادىمى مەن بولۇپتىمەن. مېنىڭمۇ بۇگۈن
دەسلەپتە كۆرگەن ئادىمىم جانابلىرى بول-
دىلا. جانابلىرىنىڭ بۇگۈنكى بىر كۈنلۈك
تۇرمۇشلىرى باشتىن-ئاخىر خۇشال-خۇرام-
لىق بىلەن ئۆتتى. ئەمما مېنىڭ تۇرمۇ-
شۇم ئەڭ قىيىن بولدى. ياراتقان خۇدا-
يىمىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،
مۇشۇ ئىككىمىزدىن قايسى بىرىمىز شۇمراق
ۋە ئايىغى قۇرۇقراق ئىكەنمىز؟ خۇدانى
ھازىر بىلىپ ئىنساپ بىلەن سۆزلەپ باق-
سىلا، — دەپتۇ. پادىشاھ قاقاقلاپ كۈلۈپ
كېتىپ ئۇ كىشىگە زور ئىنئام ۋە ئېسىل
كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، سەپىرىگە ئاق يول
تىلەپتۇ.

× ×

بىر يىگىت ئوغرىلىق جىنايىتى بىلەن
تۇتقۇن قىلىنىپ ھارۇن رەشىدنىڭ ئالدى-
غا ئېلىپ بېرىلىپتۇ. ھارۇن رەشىد ئۇنىڭ
قولىنى كېسىشكە بۇيرۇق قىلىپتۇ. ئوغرى-
نىڭ ئانىسى ھارۇن رەشىدنىڭ ئالدىغا
كېلىپ:
— ئەي ئۇلۇغ خەلىپە، خۇدايىم بەر-
گەن بۇ قولنى كەسمىسىلە، — دەپ يالۋۇ-
رۇپتۇ. خەلىپە:
— ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش شەرى-
ئەتنىڭ ھۆكمى. شۇڭا بۇنىڭ قولىنى چو-
قۇم كېسىش كېرەك، — دەپتۇ. ئوغرىنىڭ
ئانىسى:
— ئەي خەلىپە، مېنىڭ ھاياتى كۆ-
چۈم، بالامنىڭ ئاشۇ قولىدىن كېلىدۇ. ئە-
گەر سىلى بالامنىڭ قولىنى كەسسىلە مې-
نىڭ ھاياتىي كۆچۈمنى كەسكەن بولىدىلا، —
دەپ پادىشاھقا يالۋۇرۇپتۇ. ھارۇن
رەشىد:
— ئۇنىڭ قولىنى كېسىڭلار! ئەگەر
شەرىئەتنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلمىسام،
گۇناھكارلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالىمەن، —
دەپتۇ. ئوغرىنىڭ ئانىسى:
— ئەي خەلىپە، سېنىڭ گۇناھلىرىڭ
بەك كۆپقۇ؟ تايىنلىق بۇ گۇناھىڭمۇ سادىر
قىلىپ كېچە-كۈندۈزلەپ تۆۋە-ئىستىغپار
قىلىۋالساڭلا بولمىدىمۇ؟! — دەپتۇ. ھارۇن
رەشىد كۈلۈپ كېتىپ ئوغرىنىڭ قولىنى
كەسمەستىن، ئۇنى ئازاد قىلىۋېتىپتۇ.

× ×

ئىسھاق مۇسلى ناملىق ئەربابنىڭ بىر
خىزمەتچىسى بار ئىكەن. ئۇ كۈن بويى
سۇ توشۇپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. بىر كۈنى
ئىسھاق خىزمەتچىسىدىن:
— ئەي خىزمەتكار، سەن ئۆزۈڭنىڭ
ۋە مېنىڭ ئەھۋالىمىغا قانداق باھا بېرى-
سەن، — دەپتۇ. خىزمەتكار:
— بۇ ئۆيدىكى كىشىلەر ئىچىدە مەن
بىلەن سەن ئەڭ بەختسىز ۋە تەلەيسىزلەر-
دۇرمىز، — دەپتۇ. ئىسھاق خوجا:
— مۇنداق دېيىشىڭنىڭ ئاساسى نېمە؟ —
دەپتۇ. خىزمەتكار:
— سەن بولساڭ پۈتۈن كېچىنى ئادەم-
لىرىڭنىڭ قورسىقىنى قانداق تويغۇزۇش
توغرىسىدا غەم قىلىپ ئۆتكۈزىسەن. مەن
كۈن بويى ئۇلارنىڭ ئىچىدىغان سۈيى توغ-
رىسىدا غەم قىلىپ ئۆتىمەن. ئۇلارچۇ؟

www.uyghurkitap.com

ئۇلار سەن بىلەن مېنى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتكارى ھېسابلىشىدۇ. ئىككىمىزنىڭ تارتىۋاتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىمىزنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىزدىن رازى ئەمەس. ھە دېسىلا بىزگە مىننەت قىلىدۇ، ــ دەپتۇ.

ئىسھاق خوجا ئۇنىڭ توغرا باھاسىغا قايىل بولۇپ، خىزمەتكارنى ئازاد قىلىۋېتىپتۇ.

× ×

بىر قىزىقچى ئادەم: «ئانام بىلەن ئىككىمىز ئاسترونومىيە ئىلمىدا پىششىق يېتىلگەن، ماھارەتتە كامالەتكە يەتكەنلەرمىز. بىز ئۆز ئىلمىمىزنى ئىشقا سېلىپ ئاسترونومىيە قائىدىسى بويىچە ھۆكۈم قىلساق ھەرگىزمۇ چاتاق چىقمايدۇ»، ــ دەپتۇ. باشقىلار:

ــ نېمىگە ئاساسەن «خاتا چىقمايدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلىسەن؟ ــ دەپتۇ. قىزىقچى:

ــ ئەگەر ئاسماندا بۇلۇت پەيدا بولسا، بۈگۈن چوقۇم يامغۇر ياغىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلسام، ئانام «ياق، بۈگۈن يامغۇر ياغمايدۇ» دەيدۇ. بەزىدە ئانامنىڭ دېگىنىدەك يامغۇر ياغمايدۇ. بەزىدە مېنىڭ دېگىنىمدەك بولۇپ چىقىدۇ، ــ دەپتۇ.

× ×

خاجا مۇنەججىم دېگەن كىشى ئۆزى ئۈچۈن بىر قەبرىستانلىق ياساتىپتۇ. قورۇلۇش تويتوغرا بىر يىل توشقاندا پۈتۈپتۇ. خاجە مۇنەججىم قورۇلۇش ئۈستىسىدىن:

ــ ھازىر بۇ قورۇلۇشقا يەنە نېمە كەملىك قىلىدۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ئۇستا:

ــ باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى پۈتتى. ئەمدى جانابلىرى مۇشۇ قورۇلۇشنىڭ ئىچىگە كىرسىلە، ئاندىن ھەممىسى تولۇق پۈتكەن بولىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

× ×

بىر قارىغۇ قاراڭغۇ كېچىدە قولىغا چىراغنى ئېلىپ، لىق سۇ قاچىلانغان بىر كوزىنى بېشىدا كۆتۈرۈپ يولدا كېتىۋاتسا، بىر قىزىقچى ئۇنىڭغا:

ــ ئەي قارىغۇ، سەن چىراغنىڭ ئۆزىنى كۆرەلمىسەڭ، چىراغنىڭ يورۇقىدا نېمىنى كۆرەلەيتتىڭ؟ ــ دەپتۇ. قارىغۇ:

ــ چىراغنى ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ يولنى پەرق ئېتەلمەي كوزامنى سۇندۇرۇۋېتەمەسلىكى ۋە ماڭىسىمۇ ئازار يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن كۆتۈرۈۋالدىم، ــ دەپتۇ.

× ×

بىر ئوغرى دۆلەتمەن بىر كىشىنىڭ ئېتىنى ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ. سوراقچى:

ــ بۇ ئاتنى قانداق ئوغرىلىغانلىقىڭنى كۆز ئالدىمىزدا كۆرسىتەلىسەڭ گۇناھىڭنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىمىز، ــ دەپتۇ. ئوغرى ئاتنىڭ ئاغزىغا يۈگەننى سېلىپ، تۆشلۈك ۋە باشقا ئىگەر-جابدۇقلىرىنى راسا پۇختىلاپ، ئاتقا مىنىپتۇۋە:

ــ قاراڭلار، ئاتنى مەن مۇشۇنداق ئوغرىلىغانىدىم، ــ دەپتۇ-دە، ئاتنى دىۋىتىپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا سوراقچىنىڭ كۆزىدىن غايىب بوپتۇ.

پارسچىدىن ھەبىبۇللا ئېلى تەرجىمىسى

# لاپلار



## ئۇستا لاچىن لاپلىرى

### ھوسۇلنى ماختاش

ئۇستا لاچىن ئويىبازار ئالدىدا تۇرسۇن تورغاي بىلەن لاپ ئېيتىشىپ قالدى. گەپ بېشىنى تۇرسۇن تورغاي ئالدى:

— ھوۋدىدە يەرنىڭ بىر بۇرجىكىگە سەۋزە تېرىغانىدىم، سەۋزە شۇنداق ئوخشاپ كەتتىكى، ئەڭ كىچىك بىر باش سەۋزىنى چاسىلاپ تىلىپ، راسلاپ كېسىپ قاردىسام يەتتە تاش تۈگمەنگە نو چىقتى.

— بۇرادەر، سەۋزەڭ ھەقىقەتەنمۇ ئوخشىغان سەۋزە ئىكەن، — دېدى ئۇستا لاچىن تۇرسۇن تورغاينىڭ گېپىنى تەستىقلاپ، — مەن ھوۋدىدە يېرىمنىڭ بىر قىرىغا بىر تۇپ قاپاق تېرىغانىدىم، ئۇنىڭغا پەقەت بىرلا ناسۋال قاپىقى چوشۇپ قاپتۇ. ئۇ قاپاقنىڭ ئۇرۇق ۋە لېشىنى توققۇز ئۇستا بىلەن ئوتتۇز نەمكار ئۈچكە بۆلۈنۈپ، كېچە-كۈندۈز ئىشلەپ ئۈچ يىلدا ئاران تارتىپ بولدى. بۇ قاپاقنىڭ كاراماتتىنى ئاڭلىغان يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋاقىتلىق سۇ ئامبىرى قىلىپ تۇرۇشقا مەندىن يىللىقىنى يۈز مىڭ سومغا ئىجارىگە ئالدى.

تۇرسۇن تورغاي ئۈنسىز تىلىنى چىقىرىپ، چېكىسىگە «تاك» قىلىپ بىرنى سالدى.

### گىلەم سودىسى

تۇرسۇن تورغاي يەنە گەپ باشلىدى:

— ھېلىقى نولارنى تۈگمەنچىلەرگە سېتىۋېتىپ ئۇنىڭ پۇلىغا يىپ ئېلىپ، بىر ئۇستىنى تېپىپ گىلەم توقۇتسام، ئالتە ئايدىن بېرى شاگىرتلىرى بىلەن ئاران تۆتتىن بىرىنى توقۇپتۇ، ھېيت بازىرىغا كېچىكىپ قالماي دەپ، پۈتكەن قىسمىنىڭ بىر بۇرجىكىنى سۆرەپ دۇشەنبە كۈنى يولغا چىقىپ، يەكشەنبە كۈندە ئاران بازارغا كەلدىم. ئەگەر لازىم بولسا، ئۇلگۈجىلا ساتىمەن.

بۇرادەر، گىلىمىڭ ھەقىقەتەنمۇ يوغان گىلەم بولغۇدەك. مەن ھېلىقى قاپاق ئىجارىسىدىن كەلگەن كىرىملىرىمگە سېتىۋالسامىغۇ بولاتتى. بىراق سەن بىلمەيسەن، بىزنىڭ چوڭ ئوغۇل بەڭگى بول-

www.uyghurkitap.com

غاچ كارىۋات گىلىمىمىزنىڭ چۆجە كۆزىـ
دەك بىر يېرىنى تاماكىنىڭ چوغىدا كۆيـ
دۈرۈپ قويۇپتىكەن. قىياس بىلەن ئۆلچەپ
باقسام سىنىڭ گىلىمىڭ پۇتكۇچە سەۋر
قىلىپ ھەممىسىنى ئالسامۇ ئۇ يەرگە
ياماق بولمىغۇدەك. دېمەكچىمەنكى، لەۋـ
زىمنى يەردە قويىدى دېمەي كۈنىنىڭ
ئەتىگىنىدە باشقا بىر خېرىدارغا سېتىۋالـ
ساڭ، قانداق؟

تۇرسۇن تورغاي خىجىل بولغىنىدىن
گىلىمنى دەرھال يىغىشتۇرۇۋالدى.

گۈمپا كۆرسىتىش

شۇ قېتىمقى گىلەم سودىسىدىن كېـ
يىن، — دېدى ئۇستا لاچىن گەپ باشـ
لاپ، — تۇرسۇن تورغاي مەن بىلەن گەپـ
تە بەسلىشىشتىن يالتايدى. لېكىن شۇندىن
بېرى ماڭا ئېجىل بولۇپ قالدى. ئىككىـ
مىز ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئاتقا مىنىپ،
دەريا سەيلىسىگە ماڭدۇق. ئاتلىرىمىز ئۈچـ
قۇر بولغاچقا، بىر قازان قاينىغىچىلىك
ۋاقىتتا دەريا ساھىلىدىكى ئەڭ ئېگىز بىر
تاغ ئۇستىگە چىقىپ بولدۇق. شۇ ئەسنادا
تۇرسۇن تورغاي ماڭا تۇيغۇزماي تۇمىقىـ
دىن بىر تال يىڭنىنى ئېلىپ دەرياغا
تاشلىۋەتتى. مەن بۇنى كۆرۈپ قالغان
بولسامۇ، كۆرمەسكە سالدىم. شۇنىڭدىن
كېيىن تۇرسۇن تورغاي «ۋاي ئۇستا
لاچىن، مېنىڭ قولۇمغا تىككەن كىرىپ
كەتكەنتى. ئېلىۋېتەي دەپ يىڭنەمنى
ئالسام قولۇمدىن سىيرىلىپ دېڭىزغا چۈـ
شۈپ كەتتى، مەن تېپىۋالاي، تەخىر
قىلىپ تۇرغىن»-دېدى-دە، ئاتتىن چۈشـ
مەيلا قامچىسىنىڭ دەستىسىنى دېڭىزغا
تىقىپ قوچۇشقا باشلىدى. ئەپسۇسكى،
ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى. ئەكسىچە سىزنى
ليېتىۋېتىپ بىلىقلارنىڭ يوللىرىنىمۇ بۇـ
زىۋېتىپ، ئۇلارنى ئاداشتۇرۇپ قويدى.
بېلىقلارغا ئىچىم ئاغرىدى. دوستۇمغا يارـ
دەم قىلغۇم كەلدى. قامچامنى ئۇينىتىپ
بۇلۇتلارنى ئاللىقاياقلارغا ھەيدىۋەتتىم.
ئاندىن دەرھاللا قول ياغلىقىمنى ئالدىمـ
دە، قۇياشنىڭ يۈزىدىكى نەچچە يۈز مىلـ
يارد يىللىق چاڭ-توپىلارنى پاكىز سۈرـ
تۈۋېتىپ، «ئەمدى ئاختۇرغىن» دېدىم.
قۇياش دېڭىز تەكتىنى خۇددى كۈن نۇرلۇق
چىراغ ئۇستەلنى يورۇتقاندەك يورۇتۇـ
ۋەتتى. تووا! تۇرسۇن تورغاي يەنىلا ئات
تۆپىسىدىن ئېڭىشىپ ئۇ يەر-بۇ يەرگە قاـ
راپ يۈرىدۇ. مەن غەزەپتىن ئۆزۈمنى
زورغا بېسىۋېلىپ: «ئەنە، يىڭنە» دەپ
كۆرسىتىپ بەردىم. يىڭنە بىر بېلىقنىڭ
كۆزىگە قادىلىپ قالغانىدى. تۇرسۇن تورـ
غاي يىڭنىسىنى قامچىسىنىڭ دەستىسىگە
سانجىپ ئېلىۋالدى (ئۇنىڭمۇ گۈمپىسى
بار ئىكەن). گۈمپا كۆرسەتكىنىگە پەـ
خىرلەندى. بىراق مېنىڭ ياردىمىمگە تاـ
يانغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ۋىللىدە قىزىـ
رىپ كەتتى.

ئايرىلىش

ئىككىمىز دەريا سەيلىسىنى مەنىلىك
ئۆتكۈزۈپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ماڭـ
دۇق. يولىمىزنى چوڭ بىر ھاڭ توستى.
ھاڭ شۇنداق چوڭقۇر ئىدىكى تېگىنى
ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايتتى.
شۇنداق كەڭ ئىدىكى، ئۇ تەرەپتىكى ئەر
بىلەن ئايالنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.
تۇرسۇن تورغاي ماڭا مەنىلىك بىر قاراپ



قويدى-دە، ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى ۋە ئېتىنى بويىنىغا ئارتىپ ئارقىسىغا يۈز قەدەم يېنىپ شامالدەك يۈگۈرۈپ بىر سەكرىدى. قانچىلىك يىراققا چۈشكىنىنى ماڭا نامەلۇم. مەنغۇ ئېرىقتىن ئۆتكەندەكلا ئۆتۈپ كېتىمەن. بۇ يەرگە كېلىپ قالغان پىيادە ساياھەتچىلەر قانداق قىلار؟ خۇدا يولدا بىر ساۋابلىق ئىش قىلغۇم كەلدى. دەرياغا قارىسام بىر ئارال تۇرامدۇ، ئاتتىن چۈشتۈم-دە، بىلىكىمنى تۈردۈم. ئىككى قولۇم بىلەن ئىككى تەرەپتىن قاماللاپ ئارالنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ ھاڭغا دۈم تاشلىدىم. قارىسام ئالدىمدا بىر كۆتۈرمە يول تۇرۇپتۇ. ئاتقا مىندىم، بەش-ئالتە نۆۋەت مېڭىپ ھەر ئېھتىمالغا قارشى يولنى چىڭدىۋەتتىم. ئات تاقىسىنىڭ ئىزى چىقمىغۇدەك بولدى. كۆڭلۈم تىندى. ئاتقا مىندىم-دە، ئالدىمغا ماڭدىم. بۇرادىرىمنىڭ ئۆزى ۋە ئېتى تۈگۈل، ئېتىنىڭ تېزىكىمۇ يوق. تەقدىرگە تەن بېرىپ مەغرىب تەرەپكە يول ئالدىم.

## يىرتىق ياماش

دوستۇم تۇرسۇن تورغاينىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىپ كېتىۋاتسام تۇساتتىنلا ئېتىم ئۈركۈپ كەتتى. مەن ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ئۈچ موللاق ئېتىپ ئاندىن يولغا تىك چۈشتۈم. قارىسام بىر موماي يەرگە ئېڭىشىۋېلىپ بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋېتىپتۇ. تەئەججۈپ بىلەن سورىدىم:

— ھوي موما، نېمە ئاۋارىچىلىك بۇ؟

— ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا بىر ساۋابلىق ئىش قىلاي دەپ قالدىم ئوغلۇم. يولنىڭ يىرتىقلىرىنى ياماۋاتىمەن.

قارىسام يول ئۇزۇنىسىغا چاك كېتىپتۇ. ئويلىسام ھېلى مەن ئارالنى كۆتۈرۈپ ھاڭغا ئاتقاندا يەر سىلكىنىپ كېتىپتۇ. ئۆزۈم بۇزغاننى ئۆزۈم ئوڭلىشىم كېرەك-تە. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىن تۇتۇپ ئىككى قولۇمنى بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى سىلجىتتىم. يېرىق-يىرتىقلار ھىملەشتى. يول ئۆز ئەسلىگە كەلدى. موماي بىلەن خوشلىشىپ يولۇمغا راۋان بولدۇم. بىر چاقىرىم يىراققا بېرىپ ئارقامغا بۇرۇلسام، موماي ماڭا قىلىۋاتقان دۇئاسىنى تېخى توگەتمەپتۇ. «ئەرزىمەيدۇ، موما» دەپ ۋارقىرىدىم-دە، سەپىرىمنى داۋاملاشتۇرۇۋەردىم.

## ئۈچرىشىش

قاراڭلار بۇ قىزىق ئىشنى. ھەر مىنۇتتا بىر ئورامدىن موخوركا چېكىدىغان بەڭگى تۇرۇقلۇق سەپەرگە چىققان يېرىم ئايدىن بېرى موخوركا چېكىش خىيالىمغىمۇ كەلمەپتۇ. ھازىر كەيپىمنى چاغلاپ كۆرسەم قايتا-قايتا ئوراپ چەكسەممۇ خۇمارىم بېسىقمىغۇدەك. كاللامغا بىر ئەقىل كەلدى. بىر تاختا گېزىتنى چاپرىسىغا يىرتىپ تۇمارچە قىلىپ يۆگىدىم. ئاندىن يانچۇقۇمدىكى بىر كىلوگرام چامىسىدىكى تاماكىنى ئېلىپ ھەممىسىنى سالدىم (ئادەتتە مېنىڭ يانچۇقۇمغا ئىككى كىلوگرام موخۇركا سىغىدۇ). ئاندىن ئاغزىمنى ھىم ئېتىپ ئاسماندا چېقىلىۋاتقان چاقماققا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى





تۇتۇپ تۇتاشتۇردۇم. بارلىق كۈچۈمنى يىغىپ بىرلا شورىدىم-دە، تۇتقۇچىلىكى قالمىغان قۇيرۇقىنى تاشلىۋېتىپ چارەك سائەتتىن كېيىن ئىسلىرىنى پۇرقىرىتىپ بۇرنۇمدىن چىقىرىۋەتتىم. ئاندىن نېمە بولدى دېمەمسىلەر؟ پۈتۈن شەھەرنى ئىس-تۈتەك قاپلاپ كەتتى. چىڭقى چۈش ۋاقتى بولسىمۇ كۈن كۆرۈنمەي يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا باشلىدى. ئېتىمغا مىنىپ ئويبازارنىڭ ئالدىغا كەلسەم قولىقىمغا تونۇش بىر يۆتەل ئاڭلاندى. ئاتتىن چۈشۈپ قارىسام ئۇ باشقا بىرى ئەمەس، دوستۇم تۇرسۇن تورغاي ئىكەن. سالامدىن كېيىن سالامەتلىكىنى سورىسام:

— ئۇشتۇمتۇتلا، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ، — ئاسماننى تۈتەك بېسىپ كەتتى. شەھەر خەلقى قاراڭغۇدا پاتىپاراق بولۇپ خىزمەت ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يەتمىسۇن دەپ ھەممە ئىسنى ئىچىمگە سۈمۈرۈشنى ئويلاپ ئەددىلا ئىچىمگە تارتىۋېدىم، كېلىمگە بىر نەرسە قادىلىۋالغاندەك مەلۇم بولدى. بايىقسام نەپسىمنىڭ كۆچلۈكلۈكىدىن كوچا چىراغلىرىنىڭ بىرنەچچە ستولبىسى يۇلۇنغان پېتى ئاغزىمدىن يۇقۇشماي ئۆتۈپ كېلىمگە قادىلىپ قاپتۇ، شۇ سەۋەبلىك ئازراق يۆتىلىپ قويدۇم.

— سېنى نەس بېسىپتۇ، — دېدىمەن ئۇنىڭغا، — بۇ ئىشقا سەل قاراشقا بولمايدۇ. مەن ھادىسە يۈز بېرىشىنىڭ ئېھتىماللىقىنى بايقاپ دەرھال يانچۇقۇمدىن تىرناق ئالغۇچۇمنى ئالدىم-دە، ئۇنىڭ كېلىدىن ستولبىلارنى بىر-بىرلەپ قىسىپ ئېلىۋەتتىم. تۇرسۇن تورغاينىڭ يۆتىلى بېسىقتى. ئىككىمىز ھەدىكارلىشىپ ستولبىلارنى ئۆز ئورنىغا قاداپ ئۈزۈلگەن سىملىرىنى ئەپچىللىك بىلەن ئۇلاپ قويدۇق. بۇ ئىش شۇنداق تېز بېجىرىلدىكى مانتىيورلارمۇ نېمە ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكنى بايقاشمىدى.

تۇرسۇن تورغاي يەنە ئىسنى سۈمۈرۈشكە باشلىدى.

— ئاۋارە بولما، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ۋە شۇئان مەيدە يانچۇقۇمدىن يەلپۈگۈچۈمنى ئېلىپ بىر شامال چىقىرىۋىدىم، بىر مىنۇتنىڭ ئىچىدە پۈتۈن ئىس-تۈتەكلەر تاراپ، شەھەرنىڭ مۇھىتى ئۆز ئەسلىگە كېلىپ قالدى. تۇرسۇن تورغاي ھەيرانلىق نەزەرى بىلەن ماڭا بىر قاردى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن مېنىڭ گۈمپامغا قايىللىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ماڭا قايتا قولىنى ئۇزىتىپ:

— يۇر دوستۇم، ئويبازار ئىچىدىكى بىر ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېگەچ كۆرگەن-بىلگەنلىرىمىزنى دېيىشەيلى، — دېدى. مەن قوشۇلدۇم. لېكىن ئېتىم ئۆيگە ئالدىرايتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ كاللامغا يەنە بىر ئەقىل كەلدى. ئېتىمنى يالغۇز ئۆيگە يولغا سېلىۋەتتىم. ئۆزۈم دوستۇم بىلەن ئويبازارغا قاراپ ماڭدىم. «ئېشەكى يوق مولامنىڭ قۇلىقى تىنچ» ئەمەسمۇ؟

ئەجادىي رەتلىگۈچى: ئىبراھىم ئىزاقى




# ئىبلاخۇن تىلىۋالدى قوشاقلىرى

تويلاپ رەتلىگۈچىدىن:



ئۆز ئۆمرىدە ۋەتىنى خەلقى ئۇچۇن ئاز - تولا پايدىلىق ئىش قىلغانلىقى ئادەم-لەرنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن ياد ئېتى-لىپ، ئەسلىنىپ كەل-مەكتە. بىزدە بۇنداق ئادەملەر ئاز ئەمەس.

ئەنە شۇنداق كىشىلىرىمىزنىڭ بىرى — ئىبلاخۇن تىلىۋالدى ئاكىدۇر.

ئىبلاخۇن ئاكا ئالەمدىن ئۆتكىلى تا-لاي يىللار بولدى. لېكىن، «ئىبلاخۇن-نىكام ناخشىسى»، «ئىبلاخۇننىكام قوشىقى»، «ئىب-لاخۇننىكام بېغى» دېگەنناملاردا ئۇنىڭ ئىسمى ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىلىپ كەل-مەكتە. ئىبلاخۇن ئاكىدىن بىزگە ئىلىم-مەرىپەت بالقىپ تۇرغان بىرەر كىتاب يا-كى مال - دۇنيا قالمىغان. پەقەت ئۇنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى، ئۆز سەرگۈزەشتىسى پۈ-تۈلگەن قوشاقلىرى قالغان.

ئىلىدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن يېتى-شىپ چىققان ناخشىچى، سازەندە، داڭلىق قوشاقچى ئىبلاخۇن 1866 - يىلى غۇلجا شە-ھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە بىر كەم-بەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئىبلا-خۇن بىر ياشقا كىرگەندە، ئاتىسى تىلى-ۋالدى ۋاپات بولۇپ، ئانىسىنىڭ تەربىيە-سىدە قالغان.

ئىبلاخۇن كىچىككىدىلا زېرەك، سۆز-مەن ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقلى - ھوشى، خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتىگە بولغان ھې-رىسمەنلىكى بىلەن ئەل ئەدەبىياتچىلىرى، سازەندىلىرىگە قويۇق ئارىلىشىپ، ساز چې-لىش، ناخشا ئېيتىش، قوشاق توقۇشنى ئۆگەن-گەن. كېيىن «ئىبلاخۇن كۆككۆز» (كۆككۆز — لەقىمى) نامى بىلەن، ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق ناخشا - سازى، مەزمۇنغا باي قوشاقلىرى ئارقىلىق خەلققە تونۇلغان. ئىبلاخۇن 1970 - يىلى 104 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئىبلاخۇن ئاكا بىر ئەسىردىن ئارتۇق ياشىغان بولسىمۇ، ئۆمرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كونا جەمئىيەتتە ئازاب - ئو-قۇبەت ئىچىدە ئۆتكەن. ئېيتىلىشلارچە ئىبلاخۇننىڭ ياخشى بىر ئېتى بار ئىكەن. ئۇ ئاشۇ ئېتىنى سىلاپ - سىيپاپ بېقىپ، بەي-گىگە سېلىپ، بەيگە ئېلىپ، كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئەمەلدارنىڭ بۇ ئاتقا كۆزى چۈشۈپ، ئىب-لاخۇندىن ئاتنى سورۇتۇپتۇ. ئاتنى بېرىش-كە كۆزى قىيمىغان ئىبلاخۇن ئاتنى ئە-

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەلدارغا بەرمەپتۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن ئەمەلدار ئاتنى ئىبلاخۇندىن ئېلىشنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ. دەل شۇ كۈنلەردە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا چىققان كىشىلەرنى سەۋەبسىز تۇتۇپ، ئۇلارغا زۇلۇم سالغان ئىككى چېرىكنى ئىبلاخۇننىڭ ئۇرۇپ يىقىتىپ، ھېلىقى گۇناھسىز «تۇتقۇن»لارنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئەمەلدار «پەيت كەلدى» دەپ ئويلاپ، ئىبلاخۇننىڭ ئارقىسىغا پايلاقچى سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن پىتنە-پاسات توقۇپ، ئىبلاخۇندىن ئاتنى تارتىۋاپتۇ، ئىبلاخۇننىڭ ئەڭ يېقىن بۇرادىرى سۇلايماننى تۇتۇپ يامۇلغا قاماپتۇ. ئىلىدا تۇرۇشقا ئامالسىز قالغان ئىبلاخۇن ئىلى شەھىرىدىن ئىلى ناھىيىسىدىكى يېزىلارغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئەمەلدار ئىبلاخۇننىڭ ئارقىسىدىن ئادەم چىقىرىپ، ئىبلاخۇننى تۇتقۇزۇپ كېلىپ سۇلايمان ياتقان يامۇلغا سولاپتۇ. ئىبلاخۇن بىلەن سۇلايماننىڭ بىگۇناھ قامىلىشى ئىلى جەمئىيىتىدە جىددىي غۇلغۇلا پەيدا قىپتۇ. ئەمەلدارلار ئىبلاخۇن بىلەن سۇلايماننى كۆزدىن يوقىتىش، جەمئىيەتتىكى غۇلغۇلىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى «چوڭ جىنايەتچى» دەپ ئەيىبلەپ، 1929-يىل كۈزدە ئۈرۈمچىگە پالاپتۇ. بۇ بىگۇناھ مەھبۇسلارنىڭ قولىغا كويزا، پۇتىغا كىشەن سېلىنىپ، قەپەزگە سولاپ، ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە ھارۋا بىلەن ئېلىپ بېرىلىپ ئۈرۈمچى يامۇلغا قاماپتۇ.

ئىبلاخۇن بىلەن سۇلايمان 1933-يىل ئۈرۈمچى يامۇلدىن چىقىپ، ئىلىغا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى قىسمەتلەردىن قۇتۇلالمىغان. مۇرەككەپ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىت ئىبلاخۇننى ئىلىدىن چەترەك بىر جايغا كېتىشكە مەجبۇر قىلغان. ئىبلاخۇن 1933-يىل بالا-چاقىسىنى ئېلىپ، تېكەسكە كۆچۈپ چىقىپ، بىر مەزگىل باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئىبلاخۇن تېكەستە بىر باغ بىنا قىلغان بولۇپ، بۇ باغ ھازىرمۇ «ئىبلاخۇننىڭ بېغى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ئىبلاخۇننىڭ قوشاقلىرى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ھۆججەتلىك خاتىرىسى. بىز بۇ قوشاقلارنى ئوقۇساق ئىبلاخۇننىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسى، ئۇ ياشىغان كونا جەمئىيەتنىڭ قارا كۆلەڭگىسى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ.

ئىبلاخۇننىڭ قوشاقلىرى خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان. بىز دەسلەپكى قەدەمدە توپلاپ، رەتلىگەن بۇ قوشاقلارنى مەھەممەتخان كامالى، تېيىپجان ھادى، نۇردۇنبەگ ماخمۇد، نىياز نۇرى، يارئەلى، سەيدالىم تۇرسۇن قاتارلىق يولداشلار ئېيىتىپ بەرگەن. ئۇلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيىتىمىز.

× ×

ئۇچۇپ يۈرگەن قالىغاچلار،
بالىسىغا دان بەرگەن.
مېنىڭ ئاتام رەھمەتلىك،
بىر يېشىمدا جان بەرگەن.

ئانامنىڭ قۇچاقىدا،
بىر يېشىمدا قالغانمەن.
ئامان بولسا بۇ جېنىم،
ئانا ھەققى ئاقلارمەن.

تىلىۋالدى دەر دادامنى،
مەن كۆرمىگەن ئاتامنى.
كىچىك قىلىپ ئانامغا،
كىر قىلمىغان ياقامنى.

بىز بۇ ياقىقا كەلگەندە،
ئانامنىڭ مىنگىنى ئۆكۈز.
ئۆزۈمنىڭ ئېتىم يوقتەك،
ئەللەر دەيدىكەن كۆككۆز.

ئانامنىڭ كۆزى مونچاق،
مەن ئەردىم شوخ تايچاق،
دىلىمغا ئىمان سالغان،
مومام زورىخان سوپىچاق.

× ×

جىرغىلاڭدا باغ تولا،
ئىلىخودا بەگ تولا.
بەگنىڭ ئەسكىلىكىدىن،
پۇقرالاردا دەرد تولا.

بەگلەر سالار زۇلۇمنى،
ئەل كۆڭلىگە دەرد بولا.
ئىغىزىدا دېگەن بىلەن،
قورسىقىدا گەپ تولا.

ئىلىخودا ئاۋرال تاغ،
ئورتاسىدىن قاش① ئاقۇر.
زامانە شۇنداق بولسا،
بۇ بەگلەرگە كىم باقۇر.

قاش بويىدا بار ئىكەن،
بەگ تۆرەمنىڭ جاڭزىسى.
بەگ سۆزىگە ئىشەنمە،
باردۇر ھىيلە، ياڭزىسى.

ئۆستەڭ سۈيى لاي بولدى،
بىر ئاتسام يوغان تاشنى.
بۇ بەگلەرنىڭ دەستىدىن،
نەگە سىغدۇراي باشنى.

ئابلاشتىن چىقىپ كەلسەم،
ئۇچئۇن② بىلەن بەشئۇن③ بار.
يامۇلغا سولاپ قويسا،
بۇرگى بىلەن چۈچۈن بار.

شەردىمۇ ئېتىم يامان.
سەھرادا بەتتەر ئاندىن.
قولۇڭدىن كەلگەننى قىل،
قورقۇپ يۈرمىدىم خاندىن.

يامۇلۇڭغا چۈشكەن بىز،
تاملىرىنى تەشكەن بىز.
مەن مەن دېگەن بەگلەرنىڭ
ماخارىنى چۈككان بىز.

ھەجەپمۇ بېشىم قاتتى،
دەرد ئۈستىگە دەردتىن.
ئالدىمدا سالام قىلىپ،
ماراپ يۈرىدۇ چەتتىن.

مەن نەگە بارالايمەن،
بوينۇم قىلدا باغلاقلىق.
ھەر بىر باسقان قەدىمىم،
مىڭ كۆز بىلەن پايلاقلىق.

× ×

قەشقەردىن ئادەم چىقسا،
تۈتىدۇ چىقىپ چېرىك.

---

① قاش ــ دەريا ئىسمى.

②③ ئۇچئۇن، بەشئۇن ــ غۇلجا ناھىيىسىدىكى يېزىلارنىڭ نامى.

www.uyghurkitap.com

ئۇخماستىن يېنىپ قويسا،
كۆمىدۇ گۆرگە تىرىك.

بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەركىم،
ئېچىنار يېتىمچىغا.
ئىچىم قايىنىدى بىر كۈن،
مۇشت ئاتتىم چېقىمچىغا.

چېقىمچى مېنى چاقتى،
ئالدىمغۇ يامان ئاتاق.
تۆگمىدى شۇندىن بېرى،
ئېلاخۇنغا ئىستەك، سوراق.

يېتىمچىنى تۇتماققا،
چېرىك چىقتى يېپىلىپ.
ئاتقا سوقتۇرۇپ ئۆتتۇم،
چېرىكلەرنى يىقىتىپ.

ياخشى ئاتتىن ئايرىدى،
قالدىمغۇ بولۇپ ياياق.
ئىچىمگە گۇمان چۈشتى،
ئەپ يۈردۈم چوماق-تاياق.

ئاقچى دېگەن گۇيتوزا،
مېنى تۇتماق بوپتۇدەك.
بېرىپ قويسا پارچە پۇل،
قاتىراپتۇ لۇپىسىدەك.

چەككىم كەلدى ئەجەپمۇ.
ئۆيدە بارمۇكىن غاگزا.
ئەمدى مېنى تۇتقۇدەك،
شەھەرگە چىقىرىپ داگزا.

يالغۇز كەلدى بۇ باشىم،
يوق ئىكەن قېرىنداشىم.
دادىم خۇداغا يەتمەمدۇ،
ئامان بولسا ئەزىز باشىم.

جاھاندا بىر نېمە ياخشى:
جاپادىن ۋاپا ياخشى.
جېنىمنى قىينىغان دوستتىن،
جازانىڭ ئوقى ياخشى.

سېپىلىگىدىن ئاي چىقتى،
كۆرەلمەستىن گەپ چىقتى.
ئەمدى كەتمىسەم بولماس،
كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى.

زامانەڭنىڭ ھالى شۇ،
كىم بىلەن كىمنىڭ ئىشى.
ياخشىنى يامان دېسە،
تىرىك ئۆلمەمدۇ كىشى.

ئېتىم تورۇق چايان قۇيرۇق،
كەتمەيدۇ مەندىن بۇيرۇق.
بېشىمغا بالا بولغان،
شەللەڭ قاشقىسى يورۇق.

مېنىڭەن تورۇقۇم قاشقا،
تۆۋقى تەگمەس تاشقا.
سەن مېنى يامان دەيسەن،
سېنىڭ قورسىقىڭ باشقا.

ئېلاخۇن دەپ ئېتىم بار،
شەگگەنلەردە ئۆچۈم بار.
نېمە قىلساڭ قىل شەگگەن،
ساڭا تېتار ئوغلۇم بار.

مېنى تۇتقان بەگلەرگە،
ياڭتۇڭ بەرگۈدەك ماتا.

ياخشىغا ئۇبال قىلغان،
دوزاخ تېگىدە ياتا.

مېنى تۇتقان بەگلەرنىڭ،
قەستى، ئېتىمدا قالغان.
جاننى ئالماق ئال زالىم،
قىلغان تۆھمىتىڭ يالغان.

غۇلام، ئەختەم ئەمەسمۇ،
مېنى باقلان توقايلىق.
يامان ئىشىم بولمىسا،
كىمدىن شۇنچە قورقايلىق.

ئوڭ قولۇمدا مالخىيىم،
چەپ قولۇمدا چاقمىقىم.
باللىرىمنى دېمىسەم،
يوقتۇر شەرگە بارمىقىم.

بايتوقايدىن① چىققاندا،
كۆزلەكتىن② خەۋەر كەلدى.
سۇلايمان تۇتۇلۇپ شەدە،
كۆككۆزگە بالا تەردى.

بەگلەر مېنى تۇتۇپ بەردى،
ئوما ۋاقتىدا.
كۆزلەكتىكى سېسىق يايى
شاڭيو ۋاقتىدا.

ئېلىپ كەلدى قولۇم باغلاپ،
ئاتىنىڭ ئالدىدا.
ئامان بولسام چېقىمچىلار،
قالماس دالدىدا.

زىندان تېمى ئېگىز ئىكەن،
چىققىلى بولماس.

كۆككۆز جېنىم ئامان بولسا،
بەگلەر قۇتۇلماس.

تاغدا كەكلىك غەلەت بولماي
قەپەزگە چۈشمەس.
قىلغان ئىشىم يامان ئەمەس،
ئەبەدىي ئۆچمەس.

سەكسەن بەگلەر بىر بولۇشۇپ،
ھەددىدىن ئاشتى.
ئەلنىڭ ئاققان كۆز ياشلىرى،
سۇ بولۇپ تاشتى.

بۆگۈنمىكىن، ئەتەمىكىن،
سوراقنىڭ ۋاقتى.
چېقىمچىلار يالغان توقۇپ،
چوڭ يەرگە چاقتى.

× ×

ھاۋا تۇتۇلدى،
بېشىم ئايلاندى.
تاڭمۇ سۆزۈلمەي،
قولۇم باغلاندى.

تۇتۇپ ئالدىلەر،
ئېلىپ ماڭدىلەر.
يولدا كۆپ جەبرى،
زۇلۇم سالدىلەر.

يوقتۇر گۇناھىم،
بەگكە ئۇبالىم.
قۇدرىتىڭ بىلە،
ساقلا خۇدايىم.

①② بايتوقاي، كۆزلەك — غۇلجا ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالدى ئارمىنىم،
كەتتى دەرمانىم.
بولدۇم بىر تۇتقۇن،
زىندان ماكانىم.

ئاۋارىدا ئىتىم،
مەن بولدۇم يېتىم.
ئەمدى يوق چارە،
داگزىدا خىتىم.

تۇماندۇر تاغلار،
ھەجەپ بىر چاغلار.
بەگنىڭ دەستىدىن،
خارلاندى جانلار.

زۇلۇم دەستىدىن،
بەگنىڭ قەستىدىن.
بىر كۆرگەن كۆنلەر،
چىقمايدۇ ئەستىن.

قاشنىڭ شامىلى،
بەگنىڭ ئامبىلى.
كۆككۆزنى تۇتقان،
بەگنىڭ ھايۋىنى.

ئاي بېشى يېقىن،
بولار چوك يېغىن.
بەگلىرىنىڭ قالماس،
كەلسە سەل ئېقىن.

چۈشتۇم قەپەزگە،
تۆمۈر مەيدىگە.
ئەمدى كىرمەگلار،
بەگنىڭ گىپىگە.

× ×

قەپەزگە سولاپ قويدى،
نەگە بېقىپ سايرايمەن.
ئۇرۇمچىگە پالىدى،
كىمگە بېرىپ يىغلايمەن.

ئىلىدىن ئېلىپ چىقتى،
تار قەپەزگە سېلىپ.
دوستلىرىم يىغلاپ قالدى،
قارا كۆزگە ياش ئېلىپ.

بىر ئىلىدىن چىققاندا،
دەريا① ياقىلاپ ماڭدۇق.
ئامان بولغىن دوستلار دەپ،
قارا كۆزگە ياش ئالدۇق.

بىر ئىلىدىن چىققاندا،
يانبۇلاقتا ئۇلاشتۇق.
«ئامان بولغىن» دوستلار دەپ،
قۇچاقلىشىپ يىغلاشتۇق.

بىر قەپەزدە ئىلاخۇن،
ئار قەپەزدە سۇلايمان.
يىغلىماڭلار يارانلار،
كېلەرمىز ئېسەن ـ ئامان.

قەپەزگە سولاپ قويۇپ،
بىزنى قورقىتاي دەمسەن.
زۇلۇمنى تولا قىلىپ،
ئۆزۈڭ يوق بولاي دەمسەن؟!

ئۇرۇمچىدىن خەت كەلسە،
يالغان چىغى دەپتىمەن.

① شۇ چاغدىكى غۇلجا ـ ئۇرۇمچى يولى ئىلى دەرياسىنى ياقىلاپ غەربكە سوزۇلۇپ، ئاندىن شىمالغا بۇرۇلاتتى.

قەپەزگە سولاپ قويسا،
يامۇل چېغى دەپتمەن،

**ئالاردا ئۆزۈك ئالماڭ،**
بافماي ئۆز قارارىڭغا.
بىز ئادەم، كەكلىك ئەمەس،
قەپەزگە سولارىڭغا.

يېڭى چىققان تور ياغلىق،
ئاق قەغەزگە بولاقـلىق.
سۈلايمان بىلەن كۆككۆز،
تار قەپەزگە سولاقلىق.

تار قەپەزدە مەن ياتقان،
ئار قەپەزدە سۇلايمان.
بىزنى بۇ كۈنگە قويغان،
ياڭتۇك ۋاقتى، شۇم زامان.

ئاياغ - قول قېلىپ كەتتى،
نە ئىلاجىم، يوق دەرمان.
بىر ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى،
بىزلەردە تولا ئارمان.

قانداق قىلىمەن ئەمدى،
غەم كەتمەيدۇ بۇ باشتىن.
بۇ تەقدىرگە نە چارە،
ئايرىلدۇق قېرىنداشتىن.

قەپەزگە سولاپ قويدى،
ھەر تەرەپكە قارايمەن.
«ئامان بولغىن» دوستلار دەپ،
بىر خۇدادىن تىلەيمەن.

خوش - خوش ئىلى باغلىرىم،
مەن يايلىغان تاغلىرىم.
مەندىن رازى بولۇڭلار،
يىغلاپ قالغان دوستلىرىم.

پۇتلارغا كىشەن سالدى،
قولىمىزدا تىلك گەيزە.
ئىگىلگەنگە سۇنمايدۇ،
ھەقنى بىلگەن خوخەنزە.

قول، پۇتتا كىشەن، كويزا،
سۆڭەككە يېتىپ كەتتى.
يامانلارنىڭ قىلمىشى،
جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

× ×

ئاردا تونەپ ئىككى،
تەلكىگە يېتىپ كەلدۇق.
چېرىك تىللىسا مەيلى،
ناخشىنى ئېيتىپ كەلدۇق.

ياڭتۇك پونى تىكلەپتۇ،
تەلكىنىڭ داۋانىغا.
ئاخونۇم، دۇئا قىلسۇن،
ئېلاخۇن ئامانىغا.

تەلكىنىڭ داۋانىدىن،
كارۋان توختىماي ئۆتتى.
سۇلايمان يىغلىغان بىلەن،
ئېلاخۇن يىغلىماي ئۆتتى.

تەلكى دېگەن داۋانىڭ،
مەنزىلى خويما يىراق.
چېرىكلەرگە «سۇ» دېسەك،
بىردىن قاچىدۇ نېراق.

تەلكىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق،
ئىلىدىن چىقىپ كەتتۇق.
باشقا چۈشكەن كۈنلەرنى،
قوشاققا قېتىپ كەتتۇق.

تەلكىدىن چىقىپ كەلسەك،
سايرام كۆلى كۆرۈندى.
ئايرىلىش يامان ئىكەن،
يۈرەك ئىككى بۆلۈندى.

سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ،
قىش كىرگەندە توڭلايدۇ.
غەم قىلما ئاغىنىلەر،
خۇدايىم باشنى ئوڭلايدۇ.

ماناپقا① قورال بېرىپ،
باتۇر چېرىكىم، دېدى.
تەلكىدىن ئۆتكەن چاغدا،
ياخشى شېرىكىم، دېدى.

ئوك يېنىمدىمۇ چېرىك،
سول يېنىمدىمۇ چېرىك.
بىزنى يالاپ ئەپ ماڭغان،
ماناپ توڭ بىلەن شېرىك.

چۆل ئىچىدىن ئۆتكەندە،
ماناپ ئىلىغا ياندى.
ئالتە قارغا بىر بولۇپ،
بىزنى ئارىغا ئالدى.

ئۈرۈمچىگە پالاندۇق،
قوغۇن پىششىقى كۈزدە،
جانغا پاتتى غېرىبلىق،
ئۈرۈمچى يولى تۈزدە.

ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق،
يامۇلغا ئېلىپ كىردى.
سۈرى يامان ئەبلەخلەر،
قاقشىتىپ ئۇرۇپ كىردى.

يامۇلغا سولاپ قويدى،
ئەتراپنى كۆرەلمەيمەن.
بۇرگە، چۈچۈن دەستىدىن،
تولغىنىپ ياتالمايمەن.

ئاستىمغا سېلىپ ياتقان،
كالا يۇڭى تىكمەت.
تۆھمەت بىلەن سولىدى،
بۇ قارا يۈز ھۆكۈمەت.

دېھقان بولمىغان بەگلەر،
تارتمايدۇ مۇشەققەتنى.
سوراق سوردى قانچە،
سۆزلىدۇق ھەقىقەتنى.

يامۇلدىكى كۈنلەرنى،
خۇدا سالمىسۇن خەققە.
ئۇرۇپ، چېپىپ قىستايدۇ،
نېمە قىلدۇق بىز بەككە؟!

نۇرمەھەممەت بالام كەلسۇن،
تۇرسۇنمەھەممەت بالام قالسۇن.
مەن ئۆلسەم ئۆلۈپ كېتەي،
ئەل-يۇرتۇم ئامان قالسۇن.

① ماناپ — ياكتۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىنىڭ بىرى. ياك ئۇنىڭغا قورال بېرىپ، ئېلاخۇننى تۇتقۇزغان. تەلكىدىن ئۆتكىچە ئېلاخۇننى يالاپ ماڭغان.

يامۇلدا بولار سوراق،
بىرى بىرسىدىن يامان.
تارتماسقا نىمە چارە،
باقمىسا بىزگە زامان.

نەچچىنى چىپىشۇەتتى،
يەرلىككە قويۇپ كەلدۇق.
يامانىنىڭ ھىيلىسى تولا،
يامۇلدىن بىلىپ كەلدۇق.

قارىسام يىراقلارغا،
كۆرمەيدۇ مىنىڭ كۆزۈم.
سوراق سورىغان ئىتقا،
ئۆتمەيدۇ مىنىڭ سۆزۈم.

× ×

ئۆرۈمچىدىن يانغاندا،
ئىلىغا قاراپ ماڭدۇق.
يامۇلدىكى زۇلۇمنى،
بىر - بىرلەپ ساناپ ماڭدۇق.

قانچە يىل ئۆتۈپ كەتتى،
تالا - تۈزنى كۆرمەستىن.
جەبرىنى تولا تارتتۇق،
ئاخىر ياندۇق ئۆلمەستىن.

× ×

تاغنىڭ ئارقىسى تېكەس،
يېرى زەپ بۇلۇق ئىكەن.
دەرياسى ئېقىپ ئۆتەر،
قۇرۇماس سۇلۇق ئىكەن.

چىغدىن باشقىسى يوقكەن،
تېكەسكە شەھر سالغاندا.
كۆچەت ئاپىرىپ تىكتىم،
باھار ۋاقتى شۇرغاندا.

گەپ قىلسا زېرىككەندە،
كىشىلەر «پاراڭ» دەيدۇ.
چىۋىقنى تىكىپ قويسام،
«ئېلاخۇن ساراڭ» دەيدۇ.

كۆچەتلەر تۇتۇپ كەتتى،
باقتىممەن بالام ئوخشاش.
كۆچەتنىڭ تىلى بولسا،
دەر مىنى «ئانام» ئوخشاش.

ئېلاخۇن ساراڭ ئەمەس،
چۈجىنى سانار كۈزدە.
باغلارنى بىنا قىلدىم،
دەرەخسىز مۇشۇ تۈزدە.

بېغىم ئالمىسى تاتلىق،
ھەر كىم كېلىپ ئاشايدۇ.
ئۇلار ئېيتقاندا رەھمەتنى،
ئېلاخۇن كۆڭلى ياشنايدۇ.

تويلاپ رەتلىگۈچى: تۇرسۇن زېرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ماقال-تەمسىللەر

△ ئائىلىنىڭ يىلتىزى — بالا.

△ ئاتائىنىڭ قېشىدا بولغۇچە، ئىشىدا بول.

△ ئاتانمىغان بايدىن، ئاتانغان دۇۋە ياخشى.

△ ئاتىسى تىككەن دەرەخ، نەسلىگە سايە بېرەر

△ ئاتنىڭ گۈزەللىكى — يۈگۈرۈشتە.
سۆزنىڭ گۈزەللىكى — ھەقىقەتتە.
ئادەمنىڭ گۈزەللىكى — مېھنەتتە.

△ ئات ئالساڭلار تاي ئالماڭلار، يولغا يۈرمەيدۇ.
چېچى ئۇزۇن قاۋۇل جوگان، قولغا كىرمەيدۇ.

△ ئاتنىڭ تۆت پۇتى بولسىمۇ پۇتلىشىدۇ.

△ ئات ئايلىنىپ قوزۇقىنى تاپار.
ئەر ئايلىنىپ ئۆز يۇرتىنى.

△ ئات ئۆلسە ئەر قالار،
ئەر ئۆلسە ئەل.

△ ئات توققۇز يېشىدا تولا،
يىگىت ئوتتۇز يېشىدا.

△ ئات ئورۇقچىلىقتا يامان،
خوتۇن يوقچىلىقتا.

△ ئاتتىن يىقىلغان ئاستا چۈشەر،
ئېشەكتىن يىقىلغان تاشقا چۈشەر.

△ ئات ئۆلسە ئىتنىڭ تويى بولىدۇ.

△ ئاچچىقى يامانىنىڭ پۇشايمىنى كېيىن كېلەر.

△ ئات قەدرىنى مىنگەن بىلۇر،
مىلتىق قەدرىنى ئاتقان.

△ ئاچارچىلىقنى كۆپ كۆرگەن،
ئۆزى تويماي «مە» دېمەس.
يېتىملىكنى كۆپ كۆرگەن،
ئۈچ قىچقارماي «ھە» دېمەس.

△ ئاچچىق ئويۇن شېرىن تۇرمۇشنى بۇزار.

△ ئاچكۆز ئېھساندىن قاچار، بېخىل مېھماندىن.

△ ئەخمەق ئاداشقىنىنى بىلمەس.

△ ئەخمەق بۇزۇشقا بار، تۈزەشكە يوق.

△ ئەخمەق ھۆكۈم قىلىدۇ،
ئاقىل مۇھاكىمە قىلىدۇ.

△ ئەخمەقنى ئۆلدى دېسە ئىشەنەر،
ئەخمەقلىقى قالدى دېسە ئىشەنمەس.

△ ئاختاملىقتىن چاما تېپىلماس،
غىلاپ سايىدىن تاش.
ھەر كىشىنىڭ دورى يانسا،
پەيلى بولۇر شاش.

△ ئادالەتسىز كىشى قىلسا شاھلىق،
تولا ياخشى بۇ شاھلىقتىن گادالىق.

△ ئادەم بىلگەننى ئوقۇيدۇ،
توخۇ كۆرگەننى چوقۇيدۇ.

△ ئادەمنىڭ تىزگىنى — ئەقىل.

△ ئادەم غەمنى يېمەيدۇ،
غەم ئادەمنى يەيدۇ.

△ ئادەم ئىززىتى — تۆھپە،
مېھمان ئىززىتى — كۆرپە.

△ ئادەمنىڭ ئىنچىقى يامان، ئىتنىڭ قال-

چىقى.
△ ئادەم ئادەمگە مېھمان،
جان تەنگە مېھمان.
△ ئارپا ناندىن گىردە ياخشى.
بىكار گەپتىن چىگدە ياخشى.
△ ئارتۇق ئولجا ــ باشقا يۈك
△ ئازنى ئايىغان كۆپتىن قۇرۇق قاپتۇ
△ ئاشكارا دۈشمەن ئالدىڭنى توزايدۇ،
يوشۇرۇن دۈشمەن ئارقاڭنى ئورايدۇ،
△ ئاشنىڭ ئىسسىقى ياخشى،
سۆزنىڭ پىششىقى.
△ ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن،
ئادەمنىڭ تەمى سۆز بىلەن.
△ ئاشتىن يامانلىغان قورساقنىڭ توقى،
ئاتىدىن يامانلىغان ئەقلىنىڭ يوقى.
△ ئاش كەلسە ئىچىپتۇ،
ئىش كەلسە قېچىپتۇ.
△ ئاغرىمىغۇچە ئاغرىق ھالىنى بىلمەس.
△ ئاغرىق كىشى كۆلكە خالىماس.
△ ئاغچا خېنىم زەللىسگە ئىشىنىپتۇ،
قازاخۇنۇم سەللىسگە.
△ ئاغزى يوغاننىڭ ئۆزى يوق،
كۆزى يوغاننىڭ سەتى يوق.
△ ئاغزىمنىڭ بوشلۇقىدىن بېشىم كەتتى،
قورسىقىمنىڭ ئاچلىقىدىن يۈزۈم.
△ ئاكام يامانلىسا يەڭگەمگە زىيان.
ئابدال يامانلىسا خۇرجىنىغا زىيان.
△ ئاڭلىغان قۇلاقتا گۇناھ يوق.
ئارزۇ قىلغان كۆڭۈلدە ئەيىب يوق.
△ ئايرىلغان ئازار، قوشۇلغان ئۇزار.
△ ئايىغى يامان تۆرنى بۇلغايدۇ.
ئاغزى يامان ئەلنى.
△ ئالەمنىڭنى كەڭ ياراتتىڭ زامانەڭنى تار،
ئادىمىڭنى كۆپ ياراتتىڭ، ئۇچىيىنى تار،
مۈشۈكۈڭنى بەگ ياراتتىڭ، ئىتلىرىڭنى
خار.
△ ئالدىرىغاننىڭ ئېتىكى پۇتىغا ئورۇلار.
△ ئالدىرىساڭ ئالدىنىسەن،
سەرۋى قىلساڭ شادلىنىسەن.
△ ئالدىرىغاننى تۇتما، توقنى زورلىما.
△ ئالتۇن چىرىماس دەۋا قېرىماس.
△ ئالسام-يېسەم، بەرمىسەم،
يىراققا كەتسەم كەلمىسەم.
زەردار مېنىڭ تۇغقىنىم،
نامراتنى مەن كۆرمىسەم.
△ ئالدانساڭ ئەقىل تاپىسەن.
△ ئالتۇنغا توپا قونماس، ياخشىلىق ئۇنـ
تۇلماس.
△ ئاللا ئىگەم دوست،
كەلگەن بالانى توس.
△ ئامالىم يوق دېگۈچە،
بىلىم ئالغىن تۈگىمچە.
△ ئامىتى كەلگەن كىشىنىڭ شىشىسى تاشـ
نى چاقار.
ئامىتى قاچقان كىشىنىڭ ھالۋىسى چىـ
شىنى چاقار.
△ ئەتىگەندە ناخشا ئېيتقان كۆڭلى خۇش
كىشى.
چۈشتە ناخشا ئېيتقان دەردى بار كىشى،
كەچتە ناخشا ئېيتقان يارى بار كىشى.
△ ئەتىيازلىق ھەرىكەت،
كۈز ئۈچۈن بەرىكەت.
△ ئەجلى يەتكەن كىيىك ئېدىرغا قاچار،
△ ئەدەبلىك ئويۇننى ئويۇن قىلىدۇ،
ئەدەبسىز ئويۇننى قۇيۇن قىلىدۇ.
△ ئەرنىڭ ئۆزىگە باقما، سۆزىگە باق.
△ ئەر يىگىتنىڭ ۋەدىسى تۈز،
تۈز بولمىسا ئۆمىدنى ئۈز.
△ ئەرزان گۆشنىڭ شورپىسى يوق،
نامرات بەگنىڭ دوغىسى يوق.

www.uyghurkitap.com

△ ئەقىللىق خوتۇن باشقا قارايدۇ،
ئەقىلسىز خوتۇن ياشقا.
△ ئەقىللىق ئىش ــ قاناتلىق قۇش.
△ ئەقىللىق ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ،
نادان دوستىنى.
△ ئەقىل بىلىم بۇلىقى،
بىلىم ھۈنەر چىرىغى.
△ ئەقىلسىز يىگىت ــ يۈگەنسىز ئات.
△ ئەگەر تۇرمىساڭ سۆزۈڭدە،
ھۆرمەت بولماس ئۆزۈڭدە.
△ ئەگرى ئۆسكەن دەرەخ كەسمەي تـۈ-
زەلمەس.
△ ئەل بار يەردە ئەر خار بولماس،
ئەر بار يەردە ئەل خار بولماس.
△ ئەل قـەدرىنى بىلمەيدۇ، ئەل ئىچىدە
يامانلار.
يەر قەدرىنى بىلمەيدۇ، يەر تەرمىگەن
ئادەملەر.
△ ئىغىز ساقلىغان جان ساقلار.
△ ئىت ئۆز ئۇۋىسىدا كۈچلۈك.
△ ئىتمۇ ئۆز يالىقىدىن قىزغىنار.
△ ئىت قورقۇنچاقنى چىشلەيدۇ.
△ ئىچى تارغا دۇنيامۇ تار
△ ئىخلاسمەن كۆپەيسە ئىشان قۇترايدۇ
△ ئېرىنچەك ئىككى ئىشلەر،
ئاخىرى بارمىقىنى چىشلەر.
△ ئېرىگىدىن يامانلىساڭ ئەرسىز قالارسەن،
يېرىگىدىن يامانلىساڭ يەرسىز قالارسەن.
△ ئىشانىنىڭ قارنى بەشتۇر،
بىرى ھەمىشە بوشتۇر.
△ ئېشەك مىنگەنىنىڭ پۇتى ئارام تاپماس،
بەدنىيەتنىڭ كۆڭلى.
△ ئىشقا چىقساڭ كۈنگە باق،
ئۆيگە كىرسەڭ يەرگە،
△ ئىش ــ ئۇستىدىن قورقىدۇ،
يامان ــ پۇشتىدىن.
△ ئىـش بۇزۇلسا ئىش گۇۋاھ ئەمەس،
چىراي بۇزۇلسا ئەينەك گۇۋاھ ئەمەس،

△ ئىككى شۇڭقار تالاشسا بىر قاغىغا يەم
چۈشەر.
△ ئىككى ياشنى ئايرىغاننىڭ ئۇۋالـى بار،
ئىككى ياشنى قوشقاننىڭ ساۋابى بار.
△ ئېگىز ھارۋىغا قومۇش يۈك بولدى،
چېچەن خوتۇنغا گۆمۈش جۈپ بولدى.
△ ئېگىزگە چىقساڭ كۆزۈڭ ئېچىلار،
ياخشى بىلەن سۆزلەشسەڭ كـۆڭلـ
ئېچىلار.
△ ئوت كەتكەن يەرنىڭ قىزىقى كەتـ
قىزىلى كەتمەس.
△ ئوتنىڭ ئانىسى گۈگۈت-
△ ئاشنىڭ ئانىسى ئوغۇت.
△ ئوغرى گۇمانخور كېلۇر،
زالىم توقماقچى.
△ ئوقۇغان يىگىت ئوقلانغان مىلتىق.
△ ئوقلۇق مىلتىق بىرنى قورقىتار،
ئوقسىز مىلتىق مىڭنى.
△ ئۆتكۈنچى بۇلۇتتىن يامغۇر كۈتمە.
△ ئۆردەك بىلەن غاز ئوينار،
چىۋىن بىلەن تاز ئوينار.
△ ئـۆزۈمنىڭ دەرمەن، يۈگـۈرۈپ قوپۇپ
يەرمەن.
يەڭگەمنىڭ دەرمەن، بەرگەندە يەرمەن.
△ ئۆستەڭنى يارئالدۇرمىغان بىر كەتمەن
لاي.
جېدەلنىڭ ئالدىنى ئالغان ئىككى ئېغىز
«ھاي».
△ ئۆمۈچۈك ئۆمىلەيدۇ،
ئۆمىلـىگەننى كۆرەلمەيدۇ.
△ ئۆم بولمىسا ئەل بولماس،
بىرلەشمىسە كۈچ.
△ ئۇخلىغان ئىتقا تاش ئاتما،
تونۇمىغان قىزغا قاش ئاتما.
△ ئۇرۇشقاق كۆلەڭگىسى بىلەنمۇ ئۇرۇشىدۇ.
△ ئۇستام ئىتىدۇ كالا گۆشىدە، قالمايدۇ،
مەن ئېتىمەن قوي گۆشىدە، ئالمايدۇ.
△ ئۈزۈم باغدا قىممەت،

قوي تاغدا قىممەت.
∆ ئۆجمە يېگەن سەھەر يېسۇن،
چۆشتە يېگەن زەھەر يېسۇن.
∆ باتۇر يوقلۇقنى بىلدۇرمەس،
تۇلپار ئاچلىقنى.
∆ باجگىرغا قاۋىغان ئىت جەننەتكە كىرەر.
∆ بار بېشىنى سىيلايدۇ،
يوق يېشىنى.
∆ بار ماختانسا تېپىلۇر،
يوق ماختانسا چېچىلۇر.
∆ بار بولسا كۆرەلمەيدۇ،
يوق بولسا چىدالمايدۇ.
∆ باش يارىسى كېتەر،
تىل يارىسى كەتمەس.
∆ باغ مېۋىسى بىلەن داڭلىق،
ئادەم مېھنىتى بىلەن.
∆ باغدا ياتقان گىردە يەپتۇ،
كەتمەن چاپقان زاغرا.
∆ باقمىساڭ مېلىڭ كېتەر،
خارلىساڭ خوتۇنۇڭ كېتەر.
∆ بايتالنى بەيگىگە سالماس،
سالسا ئالدىنى بەرمەس.
∆ باينى تەكەببۇرلۇق ئۆلتۈرىدۇ.
∆ بايغا ئامەت كەلسە بۇقىسىمۇ تۇغىدۇ.
∆ بايلىق نېمە دېدۇرمەس،
يوقلۇق نېمە يېدۇرمەس.
∆ باينىڭ كۆنى پەرمان بىلەن،
نامراتنىڭ كۆنى ئارمان بىلەن.
∆ باينىڭ قېشىغا بارساڭ مېلىڭ كېتىدۇ،
خاننىڭ قېشىغا بارساڭ بېشىڭ كېتىدۇ.
∆ باينىڭ خوتۇنى ئۆلسە ئورنى يېڭىلىنار،
نامراتنىڭ خوتۇنى ئۆلسە بېشى گاڭگىرار.
∆ بالا كۆرگەننى دورايدۇ،
قېرى كۆرگەننى سورايدۇ.
∆ بالىنى ياشتىن ئاسرا،
كۆچەتنى باشتىن.
∆ بالىنى ئەركە ئۆگەتسەڭ كۆرپىگە چىچار.
∆ بەرمىگەننى سورىما،
كەلمىگەننى چاقىرما.
∆ بېخىل تاشتىن ياغ چىقىرار.
∆ بېخىلنىڭ خىزمىتىنى قىلغۇچە، سېخىنىڭ ئېتىنى يېتىلە.
∆ بىھۇدە ھەرىكەت بەلنى سۇندۇرار.
∆ بېگىز تاغاردا توختىماس،
ئوت قەغەزدە.
∆ بېلىق كۆلدىن ئايرىلماس،
يىگىت ئەلدىن.
∆ بىلەك تالدۇرۇپ ئاش ئەتسەڭ،
يۈرەك قاندۇرۇپ ئىچەرسەن.
∆ بىلىكىڭ تالغىچە ئورغاق بىلىسەڭ
يۈرىكىڭ قانغۇچە ئورما ئورىسەن.
∆ بىنام يەرگە يامغۇر،
ئۆپكە كېسەلگە چامغۇر.
∆ بىر بىكار مىڭنى بىكار قىلار،
چالا موللا ئوننى نىكاھ قىلار.
∆ بىر پاتمان ئالتۇنۇڭ بولغۇچە،
بىر تاپان يېرىڭ بولسۇن.
∆ بىر تامچا سۇ چۆمۈلگە دەريا كۆرۈنەر.
∆ بىر ساپ ئۈزۈمنى دەپ بىر باغنى بۇزۇپتۇ.
بىر نانىنى دەپ يۈز نانىنى كۆيدۈرۈپتۇ،
بىر جانىنى دەپ مىڭ جانغا زامىن بوپتۇ.
∆ بىر ئېغىز سۆز ئەلنى كۆيدۈرەر،
بىر تال سەرەڭگە شەھەرنى.
∆ بىر كۆنلۈك يەرگە چىقساڭ بىر ھەپتىلىك ئوزۇق ئال.
∆ بىرلىك بولماي كۈچ بولماس.
∆ بىر ماڭغانغا يول بولماس،
بىر سۆيگەنگە دوست.
∆ بىر موللىنىڭ كەينىدە قىرىق شەيتان بار.
∆ بىغەمنىڭ مېلىنى بۆرە يەيدۇ،
بۆرە يېمىسە ئوغرى يەيدۇ.
∆ بىلىملىكنىڭ ئەتىۋاسى كۆپ،
بىلىمسىزنىڭ پەتىۋاسى.

توپلاپ رەتلىگۈچى: مەمتىلى سايىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# چاغاتايچە لۇغەت

## ب①

تۈزگۈچىلەر: غەيرەت غەيۇرانى
ئىسمائىل قادىرى

**بەرف** [برق] (پ) قار:
ئەجەب گىريە ئاغاز ئېتىپ مەن شىگەرف،
چېكىپ ئاھى سەردۇ تۆكۈپ ئەشك بەرف.
— ئا.نىزارى.

**بەرق** [برق] (ئە) 1) چاقماق، چېقىن، يېشىن:
غەم كۈنجىدە ھىجران تۈنى مەن يىغلاماقىم قان.
چۈن بەرق يانىپ ۋەئدەئى يالغانىڭ ئۈچۈندۇر.
— گۇمنام.

2) ئوت:
سېنىڭ يادىڭ دىلىم ئارامىدۇر، زىكرىڭ ئېرۇر قەندىم.
كۆڭۈل يورۇتقۇچى شەمئىمۇ جان كۆيدۇرگۈچى بەرقىم.
— موللا بىلال.

3) شولا، نۇر:
ئىشىق ئوتىدىن ئاشقى پاك ئۆرتەنۈر،
بەرقىدىن مەدھى نۇبۇۋۋەت مۇنبەرى.
— سەبۇرى.

**بەرق ئەيلەمەك** — «بەرق ئۇرماق»غا قاراڭ.

**بەرق ئۇرماق** — 1) چاقنىماق، پارقىرىماق؛ 2) نامايان بولماق، كۆرۈنمەك:
دۇدى ئاھىم بەرق ئۇرۇپ ھەردەم فەلەكنىڭ ئۈستىدە،
بۇ ئەزىز جىسمىم كۆيۈپ كۈل بولدى كەلمەيدۇ ھەنۇز.
— سەدائى.

3) كۆچمە: گۈللەپ ياشنىماق، روناق تاپماق.

**بەرقۇ شەرار** — چاقماق ۋە ئۇچقۇن:

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

گۈمنامغه جەننەت گۈلى، دەۋزەخ ئوتى تەڭدۇر،
ئىشق ئوتى فەنا قىلدى نە بەرقۇ نە شەرارمەن.
— گۈمنام.

**بەرقى** شەرەر نەما — چاقچاق چاقتۇرۇپ، ئوچقۇنلار كۆرسەتكۈچى:
چىقسە باشغە تاج تاقىپ كۆيدۈرۈر ئەلنى ئوت ياقىپ،
ھەر سارىغە قاراپ باقىپ بەرقى شەرەر نەما كۆرۈك.
— گۈمنام.

**بەرقى** ئاپەت — ئاپەت چاقمىقى، جان ئاپىتى، تېز كەلگەن ئاپەت:
تىيرى بارانى غەمىنىڭ كۆڭلۈمگەكىم ياغدى، ئېرۇر،
ھەر تەرەفدىن بەرقى ئافەت لەمئەئى پەيكان ئاڭا.
— نەۋائى.

**بەرقى** ئەجەل — ئۆلۈم چاقمىقى:
بەرقى ئەجەل چابۇكىگە مەركەبى تېز،
سالىبان رۇھ خەيلى ئىچرە گۈرىز.
— نەۋائى.

**بەرقى** خاتىف — كۆز قاماشتۇرغۇچى چېقىن.
**بەرقى** خۇ — چاقماقتەك تېز ماڭغۇچى، چاپقۇر.
**بەرقى** خىز — «بەرقى خۇ»غا قاراڭ.
**بەرقى** رەخشان — پارلىغان چاقماق، چېقىن؛ كۆچمە: سۆزۈك مەي.
**بەرقى** ھەۋا — چاقناق، پارلاق ھاۋا؛
**بەرقى** ۋىسال — ۋىسال نۇرى، ۋىسال ئوتى؛
**بەرقى** ئىشق — ئىشق چاقمىقى، ئىشق ئوتى:
دەردۇ ئەلەم بەھرىدە مەن غەرقى ئىشق،
شۇئلە ۋۇجودۇمدىن ئۇرار بەرقى ئىشق.
— ئەھمەدى.

**بەرقەرار** [برقرار] (پ + ئە) قەتئىي، تۇرغۇن، دائىمى، قارار تاپقان.
**بەرقرەۋ** [برق رو] (ئە + پ) چېقىندەك تېز يۈرگۈچى.
**بەرقۋەش** [برق وش] (ئە + پ) چاقماقتا چېقىنغا ئوخشاش، چېقىنسىمان:
... بۇراقى بەرقۋەش ئۆزرە چىققانى.
— نەۋائى.

**بەرقئاسا** [برق آسا] (ئە + پ) چاقماقتەك، چاقماقتا ئوخشاش.
**بەرقئاسار** [برق آرسا] (ئە + پ) «بەرقئاسا»غا قاراڭ.
**بەرق رەفتار** [برق رفتار] (ئە + پ) چاقماقتەك، چاقماقتەك تېز يۈرىدىغان.
**بەرق مىسال** [برق مثال] (ئە) 1 › چاقماقتەك، چاقماقتا ئوخشاش.
2 › شاد، شاد — خۇرام، كۆركەم:

www.uyghurkitap.com



روُتبەسى ئانداكى يۈز پەيكى خەيال،
ئۇرسا يۈز مىڭ قەدەمى بەرق مىسال.
— نەۋائى.

**بەرقۋار** [برقوار] (ئە + پ) چاقماقتەك، چاقماقتا ئوخشاش:
چاپار ئىردى ھامۇن ئارا بەرقۋار،
قىلىپ ھەۋزگە يەتكەلى ئىختىيار.
— ئا. نىزارى.

**بەرقىن** [برقين] (ئە + پ) قەتئى، قايتمايدىغان، ئىرادىلىك.

**بەركە** [بركه] (ئە) كۆل.

**بەركەئى** ماھىيان — بېلىقلىق كۆل.

**بەركەمال** [بركمال] (پ + ئە) كامالەتكە يەتكەن، كەم - كۈتىسىز، مۇكەممەل، يېتىلگەن:
ئانى سۆيگىل ھۆسنى بولغاي بەركەمال،
بولماغاي مۇمكىن قۇياشقا زەۋال.
— سەبۇرى.

**بەركىتمەك** [بركيتماك] تەييارلىماق، تەخ قىلماق.
غەزەلچىغە جەرمەندە تەييار ئېتىپ،
داغى باخشىلار داپلىرىن بەركىتىپ.
— غەرىبى

**بەرگ I** [برگ] (پ) 1) يوپۇرماق؛ مېۋە، ھوسۇل، نەتىجە؛ 2) ياخشىلىق:
بەرگىم قانى يەر يۈزىنى لالە رەڭ قىلۇر،
كۆرسە كىشى دېگەي ئەجەب لالە زاردۇر.
— موللا بىلال.

**بەرگى** ئەسفەر — سېرىق يوپۇرماق:
خەزان ئىچرە چۇن بەرگى ئەسفەر ساچىپ،
فەلەك ھەر سارى يۈزمىڭ ئەختەر ساچىپ.
— نەۋائى.

**بەرگى** سەمەن — ياسمەن يوپۇرمىقى، ياسمەن مېۋىسى:
ئىشق ئەسرارىنى ھەر چېھرەسى زېبىا بىلمەس،
بۇلبۇل ئەفغانىنى ھەر بەرگى سەمەنسا بىلمەس.
— ناقىس.

**بەرگى** شەجەر — دەرەخ يوپۇرمىقى؛
**بەرگى** كاھ — سامان پارچىسى؛
**بەرگى** گۇل — گۈل يوپۇرماقلىرى؛
**بەرگى** لالە — لالە يوپۇرمىقى؛

مەرگى ئۈمىد ـ ئۈمىد يوپۇرمىقى، ئۈمىد مېۋىسى؛
بەرگى نەي ـ قوغۇننىڭ بىر تۈرى، ناشپكەر:

قوغۇن كەلدى بۇ يەردە بەرگى نەي دەپ،
سۆزۈمنى ئەيتىبان تۇرماي كېتەي دەپ.

— مەھزۇن.

بەرگ I [برگ] (پ) 1) ئەسۋاب، جاھاز، بېزەك؛ 2) زۆرۈر نەرسلەر؛ مەجلىس، سەپەر ئەنجاملىرى.

بەرگەسەن [برگاسن] بەرگەيسەن:

كۆزگۈ ئول بولغايكى تارتىپ يۈز بەلا،
بەرگەسەن لەۋھى زەمىرنگگە جۇلا.

— نەۋائى.

بەرگەران [برگران] (پ) ساقىت.
بەرگەران بولماق ـ ساقىت بولماق، قۇتۇلماق:

كى ئەي فەرزەند، غەمدىن بەرگەران بول،
بۇئىشكىم كامىڭ ئولمىش كامران بول.

— نەۋائى.

بەرگەشتە [برگشته] (پ) 1) ئارقىغا قايتقان، ئايلانغان، 2) ئامىتى قايتقان.
بەرگەشتە بەخت ـ بەختى قارا، بەختسىز، تەلەيسىز.

بەرگەشتەلىك [برگشته‌لیك] قايتقانلىق، كەينىگە كەتكەنلىك، يۈز ئۆرىگەنلىك:

فەلەكدىن زىھى يەتتى سەرگەشتەلىك،
بولۇرمۇ بۇ رەڭ بەخت بەرگەشتەلىك.

— ئانىزارى.

بەرگرىز [برگ ريز] 1) يوپۇرماق تۆككۈچى؛ خازان، خازان بولۇش؛

بەس يوق ئىدى باغ ئارا بۇ رۇستەخىز،
كىم ئېتىبان سەرسەرىدەي بەرگرىز.

— نەۋائى

2) قېرىلىق؛ ئامەتسىزلىك، بەختەلەيلىك.
بەرگرىز بولماق — خازان بولماق.

بەرگرىزان [برگ ريزان] (پ) يوپۇرماق تۆكۈلۈش؛ كۈز.

بەرگۇ [برگ] سىلىق، تارتۇق، سوۋغا.

بەرگۈزىدە [برگزنده] (پ) تاللانغان، تاللاپ ئېلىنغان؛ ئالاھىدە:

بەرگۈزىدە قىلدى ھەق بارچە نەبىلەردىن سېنى،
مۆئجىزاتىڭدىن بىرى چۆللەر گۈلىستاندۇر ساڭا.

— نەۋبەتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com


بەرگۈزىن [برگزین] (پ) تاللاپ ئېلىنغان.
بەرگۈزىن ئەۋقات—ياخشى يېمەكلىكلەر.

بەرگۈم [برکوم] بېرىمەن:
دېدى شاھغە: شەيخ ئالىيجەناب،
بۇ مەئنى ھۇسۇلغە بەرگۈم جەۋاب.
— ئانىزارى.

بەرگۈەش [برکوش] (پ) يوپۇرماقسىمان.

بەرنا [برنا] (پ) 1) ياش، گۈزەل، چىرايلىق؛ 2) ياش يىگىت:
يۈزى شەمسى قەمەر يەڭلىغ قەدى شەمشاد ئول بەرنا،
ئەگەر بىلسەڭ مېنىڭ يارىم ھەمەئەلدىنكى سەردەۋر.
— سەدائى.

بەرنامە [برنامه] (پ) پىلان، پروگرامما.

بەرھەم [برهم] (پ) يوقىلىش؛ يوقىتىش، نابۇت قىلىش:
رەقىبلەردىن غەمىم يوق بەرسە راھەت غەمزەئى چەشمىڭ،
ئانى بەرھەم ئۇرارغا كىرپىكىڭ خەيلى سىپاھىدۇر.
— گۇمنام

بەرھەم بەربەك — توختاتماق، خاتىمە بەرمەك؛ يوق قىلماق:
ئەگەر يەلدا تۈنىدە ئاي يۈزۈڭدىن پەردەنى ئالساڭ،
بۇ يەلداغا بېرىپ بەرھەم ئۇشۇل شەبنى زىيا ئەيلەر.
— موللا بىلال.

بەرھەم قىلماق — پاراكەندە، پەرىشان قىلماق، يوقاتماق.

بەرھەم زەدە [برهمزده] (پ) يوقالغان، ئۆچكەن:
تولا قەھر ئىلە رەڭگى بەرھەم زەدە،
سەلافەت بىلە قىلغۇسى ئەربەدە.
— ئانىزارى

بەرھەق [برحق] (پ + ئە) ھەق، ھەققانى، چىن، راست، توغرا.

بەرئۇفتاد [برافتاد] (پ) يىقىلغان، يىقىلىپ چۈشكەن:
تا ھىرسۇ ھەۋەس خىرمەنى بەرباد ئولماس،
تا نەفسۇ ھەۋا قەسرى بەرئۇفتاد ئولماس.
— سەبۇرى.

بەرى I [بری] ھەممە، ھەممىسى، بارى، بارچىسى:
قىز مەئنىسىگە چەندان ئەسرارى ھەمە مەئنا،
شەرھ ئەيلەسە ئاشىقلار ئالەم بەردى ھەيران قىز.
— سەدائى.

بەرى I [بری] (ئە) خالى، خالىس، پاك، تازا.

**بەزە** [بزه] (پ) گۇناھ، جىنايەت، ئەيىب:
يوقسە يالغان دىمەكدەكىم بەزەدۇر،
چۇن ئۇزاق چەكتى ئەسرۇ بىمەزەدۇر.
— نەۋائى.

**بەزەك** [بزك] بېزەك، زىننەت بەرگۈچى بۇيۇم ياكى نەقىش.

**بەزەكدار** [بزكدار] ياسانغۇچى، زىننەتلەنگۈچى، بېزەكلىك؛ بېزەك ئىگىسى:
بەزەكدارلارغە ياساپ سىخلار،
كى زەنجىر ئىشكەل بىلەن مىخلار.
— غەرىبى.

**بەززاز** [بزاز] (ئە) رەخ گەزلىمە سودىگىرى.

**بەزل** [بذل] (ئە) ئىنئام، ھەدىيە، سوۋغا:
چىقىپ تەختكە ئەيلەگىل دادى ئەدل،
ئۇلۇغلار بىلەن ئەيلە ئىجلاس بەزل.
— ئا. نىزارى

**بەزل ئەتمەك** — بەخش قىلماق.

**بەزل ئەيلەمەك** — ھەدىيە، ئىنئام قىلماق:
كۆڭلىدە ئۇمىد ئېردى بۇ شاھغە،
كى بەزل ئەيلەسەم تەختىم ئول ماھغە.
— ئا. نىزارى.

**بەزلە** [بذله] (ئە) لەتىپە، چىرايلىق ھۆە يېقىملىق سۆز؛ شېئىرنى بەدىئى ئوقۇش.

**بەزلەگۇ** [بذله‌كو] (ئە + پ) لەتىپە ئېيتقۇچى، كۇلدۇرگۈچى، ھېكايىچى.

**بەزلەگۇي** [بذله‌كوى] (ئە + پ) «بەزلەگۇ»غا قاراڭ.

**بەزلەسەنج** [بذله سنج] (ئە + پ) بەدىئى سۆز ئۇستىسى، ماھارەتلىك شائىر.

**بەزلۇجۇد** [بذل‌وجود] (ئە) سېخىلىق، مەردلىك.

**بەزم** [بزم] (پ) ئويۇن - كۇلكىلىك سۆھبەت، ئولتۇرۇش:
باردۇرۇر كۆڭلى ئانىڭ دەردۇ ئەلەمنىڭ مەسكەنى،
كىمنىكىم ناقابىلۇ بەزمى ھۇنەر پەرزەندى بار.
— ئۇبەيدى.

**بەزمئارا** [بزم آرا] (پ) بەزمنى قىزدۇتقۇچى، قىزدىقچى:
مېزبان يەنە بولدى بەزم ئاراي،
دېدى ئوت ھۇر ئولۇپ نىشاتئەفزاي.
— نەۋائى.

**بەزم ئەفروز** — بەزمنى قىزدۇتقۇچى:

**بەزم ئەھلى** — ئۇلپەتلەر، ئەيش - ئىشرەت قاتناشچىلىرى؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەزمى دىلفەرىز ـ كۆڭۈلگە ياقىدىغان، كۆڭۈلنى ئاچىدىغان بەزمە.
بەزمى شەۋق ـ ئەيش ـ ئىشرەت ئارزۇسى؛
بەزمى ئىشرەت ـ ئويۇن ـ كۈلكە، كەيپ ـ ساپا؛
بەزمى ۋىسال ـ يارغا يېتىش، يار بىلەن ئۇچرىشىش بەزمىسى.

بەزمگاھ [ بزمگاه ] (پ) بەزمە جايى.

بەس [ بس ] (پ) 1) كۆپايە، يېتەرلىك، 2) كۆپ، غايەت؛ دېمەك، بولدى؛ چۈنكى:

يېتىلۇر بەس لەتىف ئەنۋائى نېئمەت،
كېلىپ قىلسا بولۇر تۈرلۈك مەئىشەت.
ـــ لۇتفى.

بەس بولدى ـ يېتەرلىك بولدى، كۆپايە قىلدى؛
بەس ئەيلەمەك ـ تەرك قىلماق، توختاتماق؛
بەس قىلماق ـ تۈگەتمەك؛

بەسا [ بسا ] (پ) كۆپىنچە؛ دائىم.

بەسارەت [ بصارت ] (ئە) 1) ئۆتكۈر كۆزلۈك، ئالدىن كۆرەرلىك، 2) ئەقىللىق، دانا، ھوشيار:

يەمەن سۇلتانى چۈن كۆردى جەمالىن،
• بەسارەت بىرلە بىلدى بارچە ھالىن.
ـــ لۇتفى.

بەسارەت ئەھلى ـ ئۆتكۈر كۆزلۈكلەر:

بەسارەت ئەھلى ئەيلەدى ئىشتىياق،
ھەرەم جانىبىغە چۇ قويغىل ئاياق.
ـــ ئا. نىزارى.

بەساغا [ بساغا ] مازار، قەبرە، قەبرىستان.

بەسالەت [ بسالت ] (ئە) باتۇرلۇق، چوڭ يۈرەكلىك.

بەساتىن [ بساتين ] (ئە) «بوستان»نىڭ كۆپلۈكى، بوستانلار، گۈلباغلار.

بەسەر I [ بصر ] (ئە) 1) كۆز، كۆرۈش، كۆرۈش قۇۋۋىتى؛ 2) بىلىم، مەلۇمات:

يۈزۈڭدىن گەر يىراق سالسام نەزەرنى،
نېتەرمەن كۆزدە بۇ نۇرى بەسەرنى.
ـــ ئەتائى.

بەسەر I [ بسر ] (پ) سەرەنجام، تامام.

بەسەل I [ بسل ] (پ) 1) تېرىق؛ مەلۇم بىر نەرسىنىڭ كىچىك بىر پارچىسى.

بەسەل I [ بصل ] (ئە) پىياز.

بەست I [ بسط ] (ئە) 1) يېيىش، ئىچىش؛ 2) خۇرسەندلىك.

بەست ئەتمەك ـ شادلانماق؛ يايماق.

**بەست I** [بست] (پ) باغلىنىش، بىرىكىش؛ باغلىق، بەنت.

**بەستە** [بسته] (پ) باغلانغان، بەنت.

ئىشلەردىن گەر شىكەستە بەستە دېدىم،
يۈزىدىن بىرىنى جەستە ـ جەستە دېدىم.
ــ نەۋائى.

بەستەئى دام ئەيلەمەك ـ تۇزاققا ئىلىندۇرمەك.

بەستەئى دامى فىراق ـ ئايرىلىش تۇزىقىغا ئېلىنگەن، ھىجران تۇزىقى:

ئىش تەرىقىدىن يىراق ئەتمىش بەسى،
بەستەئى دامى فىراق ئەتمىش بەسى.
ــ نەۋائى.

پاي بەستە ـ ئايىغى باغلانغان، تۇتقۇن.

**بەست فىزاي** [بسط فزاى] (ئە + پ) شادلىقنى، خۇرسەندىلىكنى ئارتتۇرغۇچى.

**بەسى** [بسى] (پ) 1 › كۆپ، ناھايىتى كۆپ، بەك نۇرغۇن:

ئەدۇۋ خەيلىگە سالىپ شور غەۋغا،
بەسى جانلارنى ئايرىپ تەندىن ئاندا.
ــ مۇھەممەت سادىق قەشقەرى.

2 › ئىنتايىن، ناھايىتى، بەك، غايەت، تولىمۇ:

تاڭ ئاتقۇنچە مۇنگتەك باش تۇتتى،
بەسى غەم يىدى ـ يۇ خۇنابە يۇتتى.
ــ لۇتفى.

بەسى مۇشكىل ـ ئىنتايىن قىيىن، ناھايىتى مۇشەققەتلىك.

**بەسىت** [بسيط] (ئە) 1 › كەڭ، يېيىلغان؛ 2 › ئاددىي، مۇرەككەپ بولمىغان.

3 › ئارۇز ۋەزنىدە بىر بەھرىنىڭ نامى:

بارچەسىغە بار ئانىڭ ئىلمى مۇھىت،
گەر مۇرەككەب بولسۇن ئۇل شەي، گەر بەسىت.
ــ نەۋائى.

**بەسىر** [بصير] (ئە) كۆرگۈچى، ئۆتكۈر كۆزلۈك؛ سەزگۈر.

**بەسىرەت** [بصيرت] (ئە) كۆزى ئۆتكۈرلۈك، زېرەكلىك، سەزگۈرلۈك، زېھنى ئۆتكۈرلۈك:

بەسىرەت ئېلىدىن يىغدى خاقانى چىن،
ئۆزى تەخت ئۆزە بارچە مەسنەد نىشىن.
ــ ئا.نىزارى.

بەسىرەت كۆزى ـ ئۆتكۈر كۆز،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆھلى بەسرەت ــ كۆز سۈرمىسى.

**بەشاشەت** [بشاشت] (ئە) خۇش چىراي، خۇشال، تەبەسسۇم:

سۈمۈردۈم ئانى كۆپ بەشاشەت بىلە،
كى ئىلكىگە سۆيدۈم بەشارەت بىلە.
ــ ئا.نىزارى.

**بەشەر** [بشر] (ئە) ئىنسان، ئادەمزات؛ ئىنسانىيەت:

بەشەرنىڭ بارچەسى يارىم ئۇچۇن ۋابەستە ھەيراندۇر،
كى بەرداش قىلا ئالغايمۇ مەلائىك كۆرسەلەر، ئايا.
ــ موللا بىلال.

بەشەرى جىنس ــ ئادەم ئەۋلادى، ئادەمزات.

**بەشەرە** [بشره] (ئە) چىراي، ئەپت، تۇرق.

**بەشەرىيەت** [بشريت] (ئە) ئىنسانىيلىك، كىشىلىك.

**بەشەرىي** [بشرى] (ئە) ئىنسانىي، ئىنسانغا مەنسۇپ:

ھۇر، يوق-يوق، نە ھۇر، بەلكى پەرى،
نە پەرى، بەلكى ئافەتى بەشەرىي.
ــ نەۋائى.

**بەشەك** [بەشك] (پ + ئە) شۈبھىلىك، گۇمانلىق.

**بەشەگو** [بەشەكو] بەش، بەش دانە.

**بەشىر** [بشير] (ئە) خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى.

**بەشىك** [بشيك] بۆشۈك.

**بەغايەت** [بەغايت] (پ + ئە) ئادەتتىن تاشقىرى، ناھايىتى.

**بەغەير** [بەغير] (پ + ئە) باشقىچە، بۆلەك، ئۆزگە.

**بەغىر** [بغر] جىگەر؛ بېغىر؛ قەلب، كۆڭۈل؛ يۈرەك، كۆكس.

بەغىر پارىسى ــ جىگەر پارىسى.
بەغىر چاكى ــ قەلب يارىلىرى، كۆڭۈل دەردلىرى.
بەغرى سۇۋ ــ مەيۈس، غەمكىن، قايغۇلۇق.

**بەغىياز** [بغياز] (پ) ئىنئام، ئېھسان، مۇكاپات.

**بەقا** [بقا] (ئە) 1) باقىيلىك، ئەبەدىيلىك، مەڭگۈلۈك؛ بارلىق:

ئەدەمدە باغلاپ ئىدىم ئول ئەغىز خەيالىنى مەن،
كى مۇندا خىزردەك ئابى بەقا تىلەپ كەلدىم.
ــ لۇتفى.

2) ئۇ دۇنيا، ئاخىرەت:

تۇرۇپ نەچچە كۈندىن كېيىن مىيزبان،
قەزا يەتتى بولدى بەقاغە رەۋان.
ــ ئا.نىزارى.

بەقا ئالەمى ــ ئۇ دۇنيا، ئاخىرەت؛
بەقا دەشتى ــ مەڭگۈلۈك سەھرا، ئەبەدىيلىك باياۋىنى؛
بەقا گۈلشەنى ــ جەننەت گۈلزارى؛
بەقا مۈلكى ــ ئەبەدىيلىك، مەڭگۈلۈك ئالىمى، ئۇ دۇنيا؛
بەقا نەقدى ــ مەۋجۇتلۇق دەۋرى؛
بەقايى ئەبەد ــ ئەبەدىي بارلىق؛
بەقايى جاۋىد ــ ئەبەدىي، دائىمى؛
بەقايى سەرچەشم ــ ئەبەدىي تىرىكلىك مەنبەسى، ئەبەدىيلىك بۇلىقى؛
بەقايى كامىل ــ تۈگىمەس باقىيلىق.

**بەقاسىز** [بقاسيز] تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان، ئەبەدىي تۇرمايدىغان؛ ۋاقىتلىق، ئۆتكۈنچى.

بەقاسىز جەھاننىڭ ئىشىن فەھم قىل،
فەقىر بىنەۋا ھالىغە رەھم قىل.
— ئا. نىزارى.

**بەقەر** [بقر] (ئە) كالا، سىيىر:

بەقەر چەرمىنى تاسما قىلماق ئىشىڭ،
بۇ ھېرفە ئارا ئۆتتى يازۇ قىشىڭ.
— غەرىبى.

**بەقەم** [بقم] (ئە) قىزىل بوياق ئېلىنىدىغان دەرەخ؛ قىزىل بوياق؛ بەقەمنىڭ غولىغا ئوخشاش قىزىل:

كۆزى خۇن مەسەللىك بولۇر دەمبەدەم،
كى قايناپ تۇرار مىسلى ئابى بەقەم.
— ئا. نىزارى.

**بەگسىگ** [ بكسيك ] بەگكە ئوخشاش، بەگدەك، بەگ كەبى.

**بەڭ** [ بنك ] (پ) نەشە:

ئۆزىنى ئەرز قىلدى، كەلدى بەدرەڭ،
چىرايى سارغايىپ يىگەن كەبى بەڭ.
— مەھزۇن خوتەنى.

**بەڭا** [ بنكا ] ماڭا، مەن ئۈچۈن:

شەرھى ئەھۋالىم ساڭا يەتسە نەسىھەت كەبى تەلخ،
تەلخى گۇفتارىڭ بەڭا مەخمۇرە ساغەرتەك لەزىز.
— فۇزۇلى.

**بەل** [ بل ] (ئە) 1) بەلكى، ئېھتىمال:

ماڭا ھەم كەبابىنى قىلدى كەرەم،
ياڭى جان كىرىپ بەل كېتىپ ئەسكى غەم.
— ئا. نىزارى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2 > ئەكسىچە:
يوقسا يول بىر كۆن ئىككى كۆنلۈك ئەمەس،
بەل كىشى پايانىغە يەتتۈك دېمەس.
— نەۋائى.

بەلا [ بلا ] (ئە) قايغۇ، مۇسىبەت؛ ئاپەت، بالا، بالا - قازا؛
دەشت ئارا نەۋئى بەلالار چېكىپ،
جەۋرى سىتەم بىرلە بەلالار چېكىپ.
— زەلىلى.

بەلا ئەسىرى — ئاپەتكە، بالا - قازاغا ئۇچرىغۇچى.
بەلائەھلى — ئاپەتكە ئۇچرىغۇچى، مۇسىبەتكە دۇچار بولغۇچى.
بەلا بەرقى — ئاپەت چاقمىقى.
بەلاخاراسى — بالا - قازا، ئاپەت، كۆلپەت تېشى؛
بەلا دەشتى — ئاپەت، مۇسىبەت، بالا - قازا سەھراسى.
بەلا سەيلى — بالا - قازا، ئاپەت سېلى، مۇسىبەت ئېقىمى.
بەلا سىپېھرى — بالا ئاسمىنى، ئاپەت كۆكى.
بەلا غۇبارى — بالا - قازا، ئاپەت، مۇسىبەت، غەم - قايغۇ توزىڭى.
بەلا كۈلبەسى — بالا - قازا، ئاپەت، بەختسىزلىك ئۆيى؛
بەلا لىۋاسى — بالا - قازا، ئاپەت بايرىقى، مۇسىبەت تۇغى؛
بەلا مەزرەئى — بالا - قازا، ئاپەت مەيدانى، ئاپەت ئېكىنزارى.
بەلا مەسكەنى — غەمخانە؛ كۆلپەت، بەختسىزلىك ئۆيى.
بەلا مەكتۇبى — ئايرىلىش - ھىجران خەۋىرى، دەرد - ئەلەم دېرىكى.
بەلا مۇغەيلانى — بالا - قازا ئاپەت تىكىنى:
ئاياقىڭا كىرسە نې بوشقاي بەلا مۇغىيلانى،
گەر ئۇلسا بادىيەدىن كەئبەئى سەفا مەلھۇز.
— نەۋائى.

بەلاۋۇ دەردۇ مېھنەت كويى — بالا - قازا، دەرد - ئەلەم، جاپا -
مۇشەققەت كوچىسى، يولى:
تەنىمنى ئۆرتەگەن ئۇل دىلبەرىمنىڭ ئىشتىياقىدۇر،
بەلاۋۇ دەردۇ مېھنەت كويىدىگە سالغان فىراقىدۇر.
— قەلەندەر.

بەلاۋۇ ۋەھشەت — بالا - قازا ۋە قورقۇنچ، خەۋپ - خەتەر.
بەلا ياغدۇرماق — بالا - قازا، كۆلپەت، بەختسىزلىك كەلتۈرمەك.
بەلايى خۇمار — كەيپتىن كېيىنكى باش ئاغرىقى، خۇمارلىق دەردى.
بەلايى ئاسمان — تەقدىر، پېشانىگە پۈتۈلگەن مۇسىبەت؛
بەلايى ناگەھان — ئۇشتۇمتۇت، تاسادىپىي ئۇچرىغان بالا - قازا، كۆلپەت.

**بەلايى ئىشق** ــ سۆيگۈ، مۇھەببەت، ئىشق دەردى.

**بەلا ئەنگىز** [بلا انگیز] (ئە+پ) بالا كەلتۈرگۈچى، پالاكەتكە سالغۇچى، بالاغا قالدۇرغۇچى؛

**بەلابىل** [ بلابل ] (ئە) [بىرلىكى: بۇلبۇل] بۇلبۇللار.

**بەلاجو** [ بلاجو ] (ئە + پ) «بەلاجوي» گە قاراڭ.

**بەلاجوي** [بلا جوى] (ئە + پ) بالا تىلىگۈچى، پىتنە سېلىشنى ئىزدىگۈچى.

**بەلارەك** [ بلارك ] (پ) يالتىراق تىغ، ئۆتكۈر قىلىچ.
**بەلارەك زەربەتى** ــ ئۆتكۈر قىلىچ زەربىسى.

**بەلاشۇر** [ بلاشور ] (ئە + پ) بالا تاپقۇچى، بالاغا قويغۇچى.

**بەلاغەت** [بلاغت] (ئە) 1) ۋايىغا يېتىش، يېتىلىش، بالىغلىق؛
2) سۆزنى دەل جايىدا ئىشلىتىش، بەدىئىي ئىپادە.
**بەلاغەت ئەھلى** ــ يېتىلگەن كىشىلەر، سۆز سەنئىتىنى ئىگىلىگەن كىشىلەر؛
**بەلاغەت بابى** ــ بەدىئىي ئىپادىلەش، سۆزنىڭ يېتەرلىكلىكى.
**بەلاغات بۇرجى** ــ بالاغەت چوققىسى.
**بەلاغەت جەۋاھىرى** ــ سۆز ئۈنچىلىرى، چىرايلىق سۆزلەر.
**بەلاغەت تەزيىنى** ــ سۆز زىننىتى.

**بەلاكەش** [بلاكش] (ئە + پ) جەبرى - جاپا تارتقۇچى، ئازاپ چەككۈچى، بالاغا قالغان.

**بەلاگەردان** [بلاگردان] (ئە + پ) بالانى قايتۇرغۇچى؛ سەدىقە، قۇربانلىق.

**بەلاھەت** [بلاهت] (ئە) سادىلىق، مۇلاھىزىسىزلىك:

ئۇن جۇزۇ تۇرۇر ئېردى بارى ھۇسنۇڭ بەلاھەت،
قىسمەت كۆنى ھەق توققۇز ئۆلۈش سىزگە بېرىپدۇر.
— لۇتفى

**بەلەد I** [بلد] (ئە) (كۆپلۈكى: بىلاد): يۇرت، شەھەر مەملىكەت.

خەزايىن يىغىپ لەشكەرى بىئەدەد،
تەسەررۇف قىلىپ مەن دىيارى بەلەد.
— ئا. نىزارى.

**ئەھلى بەلەد** ــ شەھەر خەلقى، شەھەرلىكلەر:

بولار روھىدىن يەتكۈسى كۆپ مەدەد،
تاپار ئىستىئانەت ھەم ئەھلى بەلەد.
— ئا. نىزارى.

**بەلەد II** [بلد] (پ) 1 › يول باشلىغۇچى؛ ھەمراھ 2 › كەسىپ ئەھلى، بىلگۈچى.

**بەلەدىيە** [بلديه] (ئە) شەھەرلىك ھۆكۈمەت.

**بەلەند** [بلند] (پ) 1 › يۇقىرى، ئېگىز:

چۇ بەردىڭ ئاگا رۇتبە مۇنداغ بەلەند،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



قلبپ كۆڭلنى سېۋمەكنىڭ ئەرجۇمەند.
— نەۋائى.

2 › ئۇستۇن، ئەۋزەل:
كۆرۈندى جەزىرە ھەۋاسى بەلەند،
كى قۇشلارىنىڭكىم نەۋاسى بەلەند.
— ئا. نىزارى.

3 › مۆتىۋەر، ئالىيجاناب:
ئىلاھا، قىلغاسەن بۇ دەھر ئارا ئۇمرىنى جاۋىدان،
بەلەند ئەيلەپ تەقى ھەم شەۋكەتۇ شەئنىنى يۈزچەندان.
— مۇھەممەد سادىق قەشقەرى.

**بەلەند** ئەختەر — خۇشبەخت؛
**بەلەند** پەرۋاز— 1 › يۇقىرى، يۈكسەك پەرۋاز؛ 2 › ئالىي
دەرىجىلىك، ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك.
**بەلەندۇ** پەست — ئېگىز - پەس، ياخشى - يامان،
**بەلەند** چىقماق — داڭ چىقارماق،
**بەلەند** ئىدراك — ئاڭلىق، زېھىنلىك، زېھنى ئۆتكۈر؛

**بەلدە** [بلده] (ئە) شەھەر؛
بەلدەئى فاخىرە — پەخىرلىك، كۆركەم شەھەر.

**بەلكى** [بلكه] (ئە + پ) بەلكى، ئەمما، ياكى؛ ھەتتا؛ ئېھتىمال،
تېرىپ ئۇندۇرۇپ نەچچە ئەشجارنى،
كى پەيدا قىلىپ بەلكى ئەنھارنى.
— غەرىبى.

**بەلى** [بلی] (پ ‹ ئە) 1 › ھە، خوش، شۇنداق؛ بەلكى؛
داغى بىر كېلىپ كۆرگەنىم يارنى،
تاپىپ مەن بەلى بەختى بىدارنى.
— ئا. نىزارى.

(2) ئەلۋەتتە:
كەنت - بەكەنتىنى تەماشا قىلىپ.
تۇشەۋۇ تالقان بەلى پەيدا قىلىپ.
— زەلىلى.

**بەلىغ** [بليغ] (ئە) ياخشى سۆزلەيدىغان، سۆزمەن.

**بەلىيات** [بليات] (ئە) [بىرلىكى: بەلىيە] بالالار، قىيىنچىلىقلار، كۆلپەتلەر
خۇدا ساقلاسۇن بارچە ئافاتىدىن،
مۇبارەك تېنىڭنى بەلىياتىدىن.
ئا. نىزارى.

**بەلىيە** [بليه] (ئە) بالا، ئاپەت، بەختسىزلىك.

**بەلىيەت** [بليت] (ئە) «بەلىيە» گە قاراڭ.

ئەقلى - ھوشۇمدىن جۇدا ئەيلەپ، قىلىپ دىۋانەۋار،
تىمىرى - بارانى بەلىيەتكە نىشان قىلغان پەلەك.
— ئا. نىزارى.

**بەمەۋلا** [بەمولى] (پ + ئە) ياخشى دوست:
قوپتى قەلەندەرلەر تەماشا قىلىپ،
رۇيى تەۋەككۇلنى بەمەۋلا قىلىپ.
— زەلىلى.

**بەنات** [بنات] ئە) [بىرلىكى: بىنت] قىزلار.

**بەناگاھ** [بناكاه] (پ) تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت:
يۇرۇر ئېردى دەريا ئارا بارچە خەلق،
بەناگاھ مۇخالىپ بوران ئۇردى ھەلق.
— ئا. نىزارى.
بەناگاھ قىلىپ قوپتى زەرگەر جەدەل،
سىنىڭ سۆزلەرىڭ بىرنى قىلدى كەسەل.
— غەرىبى.

**بەناگۇش** [بناكوش] (پە) قۇلاقنىڭ يۇمشاق قىسمى، قۇلاق تۈۋى.
دەمىنى چىقارماي بولۇپ دەرغەزەب،
بەناگۇشىمە بەردى قاتىغ ئەدەب.
— ئا. نىزارى.

**بەند** [بند] (پ) 1 › تۇگۇن، بۇغۇنچە:
پەيكەردىم ئۇل يولدا بولۇپ بەندى بەند،
چاش مەھەلىدە يېتىپ تەختى بەند.
— زەلىلى.
2 › توسۇلۇش، توسۇق:
يەنە دىۋانەلىك باشلاپ خىرەدمەند،
بولۇپ دىۋانەلەرغە مەۋسۇمى بەند.
— لۇتفى.
3 › ئەسىرلىك، تۇتقۇنلۇق ھالەت:
بۇلبۇلى خامۇش بولۇپ تابۇكەي،
بەند ئەسىرى غەزەلۇ چەكۇ نەي.
— زەلىلى.
4) مەپتۇنلۇق، بېرىلگەنلىك،
بەند ئەتمەك - باغلىماق، تۇتقۇن قىلماق:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇيۇردىكى قاسدىنى بەند ئەتتىلەر،
سىياھ چال سارى ئالىپ كەتتىلەر.
— ئانىزارى.

بەند ئەيلەمەك — 1 › باغلىماق، ئەسىر قىلماق، ئىختىيارسىزلاندۇرماق.
2 › توختاتماق، 3 › قولغا كەلتۈرمەك، ئىختىيارىنى ئالماق:
دېسەم: زۇلفۇڭمۇ كۆڭلۈم ئەيلەدى بەند،
دەر: ئەي مىسكىن، ئانىڭ بىر تارىدۇر بۇ.
— نەۋائى.

4 › ئىلىندۇرماق، تۇزاققا چۈشۈرمەك.
بەند بولماق — ئىگىلەنمەك، ئىشغال قىلىنماق.
بەند ئولماق — باغلانماق، يېپىشماق.
بەندى ئەزىم — يىرىك كىشەن، چوڭ كىشەن.
بەندى جۇنۇن — ساراڭنى باغلايدىغان:
پەرىشان ھەرتەرەف زۇلفى سىياھىڭ ئەنبەر ئەفشاندۇر،
سەرى زۇلفۇڭ مەگەركىم ھەلقەئى بەندى جۇنۇن ئولغاي.
— گۇمنام.

بەندى زۇلف — چاچ ئۆرۈمى.
بەندى زىندان — زىندانغا ئىلىش.
تۆمۈردىن توزاق ئەتتىڭ ھەيۋان ئۈچۈن،
سەلاسىل ياساپ بەندى زىندان ئۈچۈن.
— غەرىبى.

بەندۇ كۇشاد — ئەسىرلىك ۋە ئازادلىق.
بەندە [بنده] (پ) 1 › قۇل، ئەركسىز كىشى:
سەن سۇلايمانى زەماندىن ماڭا يەتسە مەرتىبە،
بەندە بولۇپ ئىشىكىڭدە دەۋر سۈرمەك ياخشىراق.
— قەلەندەر.

2 › تۇتقۇن، ئەسىر:
ئۇلۇستا مۇستەھىقلەرنى قىلىپ شاد،
ھەم ئول دەم بەندىلەرنى قىلدى ئازاد.
— لۇتفى.

3 › مەھلىيا:
نۇش قىلىپ جامى مەيى لالە گۇن،
بەندە قىلاي پارەئى بىرور جۇنۇن.
— زەلىلى.

4 › كەمىنە، پېقىر:

بەندەئى ئەمر ـ بۇيرۇقا بويسۇنغان، ئۆز ئىختىيارىدىن چىققان:
بەشىنچىگە چۈن يەتكۈرۈپ گامنى،
قىلىپ بەندەئى ئەمرى بەھرامنى.
— نەۋائى.
بەندەئى بىئار ـ نومۇسسىز، ئۇياتسىز قۇل:
كۈندە مىڭ سەۋت ئەيلەسەڭ كەتمەس قاشىڭدىن سۇبھى شام،
ئىشكىڭدە بۇ سەدائى بەندەئى بىئار كەچ.
— سەدائى.
بەندە پەرۋەر ـ ئىنسانپەرۋەر، ساخاۋەتلىك؛
بەندەئى چاكار ـ خىزمەتكار قۇل؛
بەندەئى چاۋۇش ـ خىزمەتكار ئىشلىك ئاغىسى؛
بەندەئى خاكسار ـ بىچارە، پەقىر قۇل؛
بەندە خانە ـ قۇلنىڭ ئۆيى.
بەندەئى خاس ـ مەخسۇس قۇل، ئالاھىدە قۇل:
مەنسۇر ئىرۇر ھەق پەرەست،
ئەللاھ بىرلە قەۋلى راست.
ئۆزىنى قىلىپ بەندە خاس،
ئەقىل ھەيران ئەردىيا.
— موللا مۇھەممەت نىيازى.
بەندە زادە ـ قۇلدىن تۇغۇلغان، قۇل بالىسى.
بەندەئى فەرمان ـ بۇيرۇققا بويسۇنغۇچى، ئىتائەتكار.
بەندەئى مۇخلىس ـ ئىخلاسمەن، ساداقەتلىك قۇل.
بەندەئى نەفس ـ نەپسى بەندىسى، نەپسى بۇزۇق، ئاچكۆز.
بەندە نەۋاز ـ رەھىمدىل، مېھرىبان.

**بەندەلىك** [بندەليك] قۇللۇق، خىزمەتكارلىق؛ ئەسىرلىك:
خۇداغا بەندەلىك قىلغان كىشىكىم دوست سادىقتۇر،
ئانىڭ قىلغان ئىشى كۆللى شەرىئەتكە مۇۋافىقدۇر.
— نەۋبەتى.

**بەندەۋار** [بندەوار] (پ) قۇللارچە، قۇل كەبى:
كېلىپ باشىدىن ئۆيرۈلۈپ بەندەۋار،
ياقامنى تۇتۇپ يىغلادىم زار ـ زار.
— ئا. نىزارى.

**بەندلىغ** [بندلغ] باغلاقلىق، باغلىنىغلىق:

**بەندى ـ بەند** [بند بند] (پ) پارچە ـ پارچە، ئۆگە ـ ئۆگە:
يانارىم يوقتۇرۇر مۇمكىن سىنىڭ ئىشقىڭدىن، ئەي دىلبەر،

www.uyghurkitap.com



ئەگەركىم سۆگەكىمنى بەندى ـ بەندىدىن جۇدا قىلساڭ.
— قەلەندەر.

**بەندىتار** [بندتار] (پ) تور، قىلتاق:
ئەي سەبا، يەتكۈز بۇگۈن، مەندىن نىگارىمغا دۇئا،
نەچچە ئايدىن ئايرۇ چۈشكەن بەندى تارىمغە دۇئا.
— ئا. نىزارى.

**بەنى** [بنى] (ئە ئەۋلاد، باللار.
بەنى ئادەم — ئادەم باللىرى، ئادەم ئەۋلادى:
ستەمگەر بمۇرۇۋۋەت چەرخى كەجرەفتار بۇ ئالەم،
ئانىڭدە زەررەئى مېھرۇ ۋەفا يوق، ئەي بەنى ئادەم.
— ئەرشى.
بەنى ئەسفەر — سېرىق جىنس، سېرىق تەنلىكلەر.
بەنى ئىسرائىل — يەھۇدىلار.

**بەھ** [به] (پ) 1) ياخشى، ياخشىراق:
قەزارا ۋەزىر زەخمىسى بولدى بەھ،
بولۇپ ئىشقىدىن باغرى قان تەھ ـ بەتەھ.
— ئا. نىزارى.
2) ئەڭ ياخشى.

**بەھا** [بها] (ئە) 1) قىممەت؛ 2) ھۆسن، گۈزەللىك؛ 3) روشەنلىك؛
4) ئەھمىيەت، قەدر ـ قىممەت.

**بەھادۇر** [بهادر] باتۇر، پالۋان، قۇدرەتلىك:
كېلىپ تۇشتى ئاندىن بەھادۇر جەۋان،
جەنازە باشىدە قىلىپ كۆپ فىغان.
— ئا. نىزارى.

**بەھار** [بهار] (پ) ئەتىياز، باھار، كۆكلەم:
تۇگەندى ئەشكى گۈلگۈن، ئەمدى قالمىش زەئفەرانى يۈز،
فەلەك زۇلمى بەدەل قىلدى خەزان بىرلە بەھارىمنى.
— نەۋائى.
بەھارى جەمال — گۈزەل چىراي.
بەھارى ھۆسن — مەھبۇبە، گۈزەل.
بەھارى ۋەسل — يېتىشىش باھارى، ۋىسال كۆكلىمى.
بەھارى ئىشق — سۆيگۈ باھارى، ئىشقى ـ مۇھەببەتنىڭ باشلىنىشى.

**بەھاران** [بهاران] (پ) باھار، باھار پەسلى.

**بەھارىستان** [بهارستان] (پ) يېشىللىققا پۈركەلگەن گۈلزارلىق، باغچە.

**بەھارگاھ** [بهارگاه] (پ) ئەتىياز، ئەتىياز كۈنلىرى.

**بەھاسىز** [بهاسز] باھاسى يوق، قىممەتلىك. بىباھا.

ئاغالار داغى مۇددەئا ئەيلەدى،
بەھاسىز دىرەمگە بەھا ئەيلەدى.
— ئا. نىزارى.

**بەھانە** [بهانه] (پ) ئۆزرە، ئاساسسىز سەۋەب، باھانە:
گەھى قىلدى فەلەك جەۋرىنى تەقرىر،
گەھى ئەتتى بەھانە دەستى تەقدىر.
— لۇتفى.

**بەھانە قىلماق** — ئاساسسىز سەۋەپ كۆرسەتمەك، ساختا دەلىل كۆرسەتمەك:
تەرزى نىگاھىدا بەھانە قىلىپ،
روىى زەمەن خانەئى خانە قىلىپ.
— زەلىلى

**بەھەم I** [بهم] (پ) 1› بىرلىكتە، بىرگە:
مېنىڭكى مۇرادىم ئېرۇر سۇبھى - شام،
بەھەم بولسا، خىزمەتتە تۇرسام مۇدام.
— موللا شاكىر.

2› بىللە، يانمۇ - يان:
جانىبى مەشرىقتە ئىكەن كىرە ھەم،
يۇرتى خىتا بىلەن ئىكەندۇر بەھەم.
— زەلىلى.

**بەھەم بولماق** 1› بىللە بولماق، ئېرىشمەك:
ھەركىمىكى بەھەم بولمادى بەندى خەم زۇلفۇڭ،
قەسدى ھەممەنىڭ ھەلقەئى چىرماشىڭ ئولۇپدۇر.
— گۇمنام.

2› ھاسىل بولماق، پەيدا بولماق:
ئەگەر بەرسە ھەق سىزگە قابىل خەلەف،
تاڭ ئېرمەس بەھەم بولسا ئۇشبۇ شەرەف
— ئا. نىزارى.

**بەھەم I** [بهم] (پ) يوقىلىش، نابۇت قىلىش:
سىزگە بەھەم يەتمەگەي ئول نازەنىن،
سۇرتەي ئاياغىغا بۇ ماھى جەبىن.
— زەلىلى.

**بەھەم يەتمەك** — يوقىلىش، خاراپ بولۇشقا يۈز تۇتماق، كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىماق.
بۇمۇ ھەم يەتمەي بەھەم ئەل دىبسە ئول ئاينىڭ ئىتى،
ھەرنەچە تاش تۇشسە باشىمدۇر بەلىيەت تاغىدىن.
— گۇمنام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**بەھەمدۇللاھ** [بحمدالله] (پ + ئە) ئاللاغا ھەمدۇ ئېيتىش بىلەن،
ئاللاغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ:
بەھامدۇللاھ، كۆردۈم جەمالىڭنى مەن،
قىلاي ئەمدى دەفئى مەلالىڭنى مەن.
ــ ئا. نىزارى

**بەھر I** [بحر] (ئە) [كۆپلۈكى: بىھار/ بۇھۇر] دەريا، چوڭ دەريا؛ دېڭىز.
بەھرئەخزەر ــ يېشىل دېڭىز.
بەھر نەۋەرد ــ دەريا كەزگۈچى.
بەھرۇبەر ــ 1 › ھۆل ـ قۇرۇق، دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق؛ 2 › پۈتۈن دۇنيا؛
بولغۇدەكسەن دەھر ئارادا پادىشاھى بەھرۇبەر،
دەۋلەتۇ بەختۇ سەئادەت بولسە گەر ياۋەر ساڭا.
ــ قەلەندەر.
بەھرى جەھەل ــ كۆز يېشى دەرياسى.
بەھرى ئەمىق ــ چوڭقۇر دېڭىز.
بەھرى ئەزىم ــ ئۇلۇغ دېڭىز، چوڭ دەريا.
بەھرى بىپايان ــ چەك ـ چېگرىسىز دېڭىز.
بەھرى بەقا ــ جەننەت دەرياسى، ئەبەدىيلىك دەرياسى.
بەھرى جۇد ــ «بەھرى كەرەم» گە قاراڭ.
بەھرى خاك ــ سۇ ـ تۇپراق:
ئېرمەس ئۇلار تۇپراغ ۋە سەن نۇرى پاك،
خىلقەت ئۇلارغە، ساڭا بەھرى خاك.
ــ سەبۇرى.
بەھرى رەھمەت ــ ئىلتىپات، مەرھەمەت دەرياسى.
بەھرى غەم ــ غەم دېڭىزى؛
بەھرى كەرەم ــ ھىممەت، مەرھەمەت دەرياسى.
بەھرى كەمال ــ كامالەت دېڭىزى، تولۇقلۇق. مۇكەممەللىك يەتكۈزىدىغان دەريا.
بەھرى گەردۇن ــ ئاسمان، پەلەك.
بەھرى گۈزەشت ــ ئاقار دەريا:
بۇ يار ئۇستىنى دامەنى كوھى رەشت،
ئۇ يار ئاستى دەريايى بەھرى گۈزەشت.
ــ موللا شاكىر.
بەھرى مەۋج ــ مەۋجلىك دەريا، دولقۇنلۇق دېڭىز.
بۇ ھەيندە يامانلار ئىشى تۇتتى ئەۋج،
كى ئۇردى جەھاندا رىيا بەھرى مەۋج.
ــ ئا. نىزارى.

بەھرى ۋاسپىنـ كەك دېگەنز.
بەھرى ئىرفان ــ ئىلىم ــ مەرىپەت دېگەنزى.
بەھرى ئىشق ــ ئىشـق دېگەنزى.

**بەھر I** [بحر] (ئە) (شېئىردا) ۋەزىن، ئۆلچەم مەنىسىدە.

**بەھرە** [بهره] (پ) قىسمەت، نەسىۋە؛ ئۈلۈش؛ پايدا:
تۇغۇلمىش ئىدى كاشغەر شەھرىدە،
جەھانغا كېلىبان ئاتا بەھرىدە.
ئا. نىزارى.

بەھرە يەتكۈزمەك ــ پايدا يەتكۈزمەك، پايدىلاندۇرماق.
بەھرە تاپماق ــ پايدىلانماق.

**بەھرەدار** [بهره‌دار] (پ) پايدىلانغۇچى، بەھرە ئالغۇچى.

**بەھرەمەند** [بهرمند] (پ) بەھرە ئالغۇچى، پايدا ئالغۇچى:
ھەمە جاندارلار بولۇپ بەھرەمەند،
كى ھەمدۇ سەنا بىرلەدۇر ئەرجۇمەند.
ــ غەرىبى.

**بەھرەۋەر** [بهرور] (پ) پايدىغا ئىگە بولغۇچى، مەنپەئەتلەنگۈچى:
ھەمانا چىقىپ مۈلك مەيدانىدىن،
مېنى بەھرەۋەر قىلدى چەۋگانىدىن.
ــ ئا. نىزارى.

بەھرەۋەر بولماق ــ بەھرە تاپماق:
جەھان ئىچرە بول ئىلىم ئىلە بەھرەۋەر،
ھەۋايۇ ھەۋەس يولىدىن قىل ھەزەر.
ئا. نىزارى.

**بەھرەياب** [بهره‌یاب] (پ) «بەھرەۋەر» گە قاراڭ.

**بەھرەين** [بحرين] (ئە) 1 › ئىككى دەريا (رۇم ۋە پارس دەرياسى):
ئەي نەۋائى، مەجمەئۇلبەھرەين بولغاي ئاشكار،
مەيلى قىلسە سىيلى ئەشكىم ناگەھان جەيھۇن سارى.
ــ نەۋائى.

2 › شەھەر نامى.

**بەھرۇلئەبرار** [بحرالابرار] (ئە) ياخشىلىق دەرياسى، ياخشىلىق، ساخاۋەت.

**بەھرۇننەجات** [بحرالنجات] (ئە) 1 › نىجاتلىق دەرياسى، قۇتقۇلۇش دەرياسى.
2 › پەرھاتنىڭ شېرىن ئۈچۈن قازغان كۆلىنىڭ نامى:
مۇجەررا بولۇپ نەھرى ئەينۇلھەيات،
قۇيۇلدى كېلىپ ھەۋزى بەھرۇننەجات.
ــ ئا. نىزارى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**بەھرىنە** [بحرنه] دېڭىزىغا:

يولۇڭدا قاش ئېرۇر كۆز بەھرىنە يول،
ساڭا ھەر نېچەكىم مۇنداق كۆزەر بار.
— لۇتفى.

**بەھس** [بحث] (ئە) سۆز تارتىشىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، ئىزدىنىش.
بەھس ئەتمەك — پىكىر يۈرگۈزمەك، مۇنازىرە قىلماق، تارتىشماق:

بەھس ئېتەر ئەردى مۇنەججىم سىفىر ئاغزىم نۇقتەسىن.
ھاسىلى مەبھەسىنى سوردۇم ئەرسە، ئايتۇر ھېچ - ھېچ.
— قەلەندەر.

**بەھمەن** [بهمن] (پ) 1 › شەمسىيە يىلى ھېسابىدىكى 11 - ئاي؛ 2 › قىش
ئېيى (يانۋار)؛ 3 › ئىران پادىشاھلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

**بەھىل** [بحل] (پ + ئە) رازىلىق، رازى:

كۆزۈم نۇرى كەتتى جەھان بولدى داج،
بەھىلدۇرمەن ئەگنۇن جان ئەتسە خىراج.
— ئا. نىزارى.

**بەئۇلۇ** [بعلو] (پ + ئە) يۈكسەك، يۇقىرى:
**بەۋادى** [بوادى] (ئە) [بىرلىكى: [بادىيە] چۆللەر، سەھرالار.
**بەۋارىق** [بوارق] (ئە) [بىرلىكى: بارىقە] چاقماقلار، يېشىنلەر.
**بەۋاسىر** [بواسير] (ئە) بۇۋاسىر كېسەللىكى، گېمورروي.
**بەۋەجھ** [بوجه] (پ + ئە) يۈز بىلەن.
بەۋەجھى ئەھسەن — چىرايلىق يۈز بىلەن.
**بەۋەقت** [بەوقت] (پ + ئە) ۋاقتىدا.
بەۋەقتى بەھار — باھار ۋاقتىدا.
**بەۋۋاب** [بواب] (ئە) دەرۋازىۋەن، ئىشىك قاراۋۇلى.
**بەئىد** [بعيد] (ئە) يىراق:

جەھان ئەھلى باردۇر شەقى يا سەئىد،
بىرى يارىغە قۇرب، بىرىدۇر بەئىد.
— غەرىبى

**بەئىدۇلفەھم** [بعيدالفهم] (ئە) چۈشەنچىدىن يىراق، چۈشىنىش قىيىن.
**بەيابان** [بيابان] (پ) سەھرا، چۆل:

تىكىسپىمىز بەيابان ئارا كۆپ شەجەر،
كى ئول نەخلەردىن بولۇپ كۆپ سەمەر.
— غەرىبى.

**بەيات** [بيات] 1 › قەدىمكى تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى؛ 2 › ئون ئىككى مۇ-
قامدىن بىرىنىڭ نامى:

زىلەيخائى جۇنۇن لەشكەر چېكىنىپ ئەيلەر سىياسەت كۆپ،
بەيات ئاھەڭگىدىن تاشلارمۇسەن كۆڭلۈمنى زىندانە.
— ناقىس.

**بەياد** [بەياد] (پ) ياد قىلىش بىلەن، سېغىنىش بىلەن؛ سېغىنىپ، ياد قىلىپ:
ئەدا ئەيلەدىم ھەر كۈنى بامداد،
قىلىپ ئولتۇرۇپ ئېردىم ھەقنى بەياد.
— ئا. نىزارى.

**بەياز** [بياض] (ئە) 1) ئاق، ئاقلىق:
ساچىلىڭ شاھى سەۋادى لەيلەتۇلقەدىر،
يۈزۈڭ سۇبھى بەيازى لەيلەتۇلبەدىر.
— سەبۇرى.

2) شېئىرلار توپلىمى.

**بەياز بولماق** — ئاقارماق، يورۇماق:
يەنە ئۇل سەنەم ئەيلەدى ئېھتىراز؛
چۇ يەتتى سەھەر بولدى سۇبھى بەياز.
— ئا. نىزارى.

**بەيازۇ سەۋاد** — ئاق - قارا، ئاق - قارىلىق:
بۇ ھىرفە ئارا ھەم سەلاھۇ - فەساد،
كى فېئلى ئېرۇر ھەم بەيازۇ - سەۋاد.
— غەرىبى.

**بەيازۇل بەيز** [بياض البيض] (ئە) تۇخۇمنىڭ ئېقى.

**بەيازۇل ئەين** [بياض العين] (ئە) كۆزنىڭ ئېقى.

**بەيان** [بيان] (ئە) سۆز، ئىپادىلەش، تەسۋىر؛ تەرىپ، ئىزھار قىلىش؛ مەلۇمات، دەلىل:
بىھىشت دەۋزەخ تالاشۇر، تالاشماقتا بەيان بار،
دەۋزەخ ئايتۇر:مەن ئارتۇق، مەندە فىرئەۋن، ھامان بار.
— ئەھمەد يەسەۋى.

**بەيان ئەيلەمەك** — تەرىپلىمەك، ئېيتماق، ئىپادىلىمەك:
بەيان ئەيلەسە مەسئەلە مەئرىفەت،
خەرىدار بولۇپ، قىلمادىڭ مەرھەمەت.
— غەرىبى.

**بەيانى فەسىھ** — گۈزەل، راۋان بايان.

**بەيئەت** [بيعت] (ئە) ۋەدە بېرىش؛ بويسۇنۇش:

كى بۇ دۇرجىنىڭ ئەيلەگىل بەيئەتىن،
رىزالىق بىلە مەن بېرەي قىيمەتىن.
— ئا. نىزارى.

**دەستى بەيئەت** — قول بېرىش، تەۋە بولۇش:
زىيارەت قىلىپ دەستى بەيئەت بېرىپ،
قىلىپ هالى پۇرسىش نەسىهەت قىلىپ.
— موللا شاكىر.

**بەيەك** [بياك] (پ) بىرلا، بىرغىنا:
كۆنىكىم بۇ يەگىلىغ شىكار ئەيلەبان،
بەيەك پۇشتى ئۆزرە گۇزار ئەيلەبان.
— ئا. نىزارى.

**بەيەكبار** [بيك بار] (پ) بىريۇلا؛ توساتتىن:
ئۇشۇل مەجلىسدەكى ئەل كۆن بەيەكبار،
كۆتەردىلەر بۇ سۆزدىن نالەئى زار.
— لۇتفى.

**بەيت I** [بيت] (ئە) [كۆپلۈكى: بۇيۇت] ئۆي، خانە، جاي:
بىلمەدىم مەن نە ئىش بولدى بۇ كۆن بۇ تۈندە
يوق ئۇل پەرى رەهنەمايىم بۇ بەيت ئىچىندە.
— سەككاكى.

**بەيت كاشانە** — ئۆي، خانە.
**بەيتى ۋەيرانە** — ۋەيرانە، خارابە ئۆي

**بەيت I** [بيت] (ئە) ئىككى مىسرا شېئىر.

**بەيتۇللاھ** [بيت الله] (ئە) مەككە شەھىرىدىكى كەئبىنىڭ نامى؛ ئاللانىڭ ئۆيى.

**بەيتۇلمال** [بيت المال] (ئە) 1 › دۆلەت ئىختىيارىغا ئالىدىغان مال ـ مۈلۈك؛ 2 › قۇياش، ئاپتاب، نۇر؛ 3 › دۆلەت خەزىنىسى.

**بەيتۇلھەزەن** [بيت الحزن] (ئە) غەم ئۆيى، غەمخانە.
سەككاكىنىڭ ئورنىنى ئۇشۇل يۇسۇفى سانىن
يەئقۇب بىكىن هەجرىدە بەيتۇلھەزەن ئەتتى.
— سەككاكى.

**بەيتۇلمەئمۇر** [بيت المعمور] (ئە) ئابات ئۆي، (دىنى رىۋايەتتە: تۆتىنچى ئاسماندىكى كەبىگە ئوخشاش مۇقەددەس ئۆي):
غەنىلىق بىلە ئانچە مەشهۇرئىدى،
دىرەملەر بىلە بەيتۇلمەئمۇر ئىدى.
— ئا. نىزارى.

**بەيتۇلمۇقەددەس** [بيت المقدس] (ئە) قۇددۇس شەھىرى؛ قۇددۇستىكى زىيارەتگاھ.

**بەيتۇننەشات** [بيت النشاط] (ئە) شادلىق ئۆيى.

**بەيتۇلھەرام** [بيت الحرم] (ئە) بەيتۇللا ۋە كەئبىنىڭ يەنە بىر نامى؛

كى تەختى سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلام،
ئەجەم مۇلكىدە ئىردى بەيتۇلھەرام.
— ئا. نىزارى.

**بەيتۇل ئىنتىزام** [بيت الانتظام] (ئە) ئىنتىزاملىق، تەرتىپلىك ئۆي؛ ئىنتىزامغا سالغۇچى ئۆي.

**بەيرەم** [بيرم] 1 › ھېيت، بايرام، شادلىق كۈنى؛ 2 › بىر خىل نازۇك، يۇپقا بۆز.

**بەيزا** [بيضا] (ئە) 1 › ئاق، ئاق رەڭلىك؛ نۇرلۇق:

مۇبەددەل بولۇر كۈنگە ھەم ئۇشبۇ تۈن،
شۇئائى يۇزۇڭدەكى بەيزا، ئىشىق.
— موللا بىلال.

يەدى بەيزا ـ ئاق قول، پارلاپ تۇرىدىغان قول:
ئۇلۇسقا توي بېرۇر بولساڭ قويۇپ ئالتۇن ـ كۆمۈش گىردە،
يەدى بەيزا بىكىن ئىلكىڭ جەھانغە زەرفىشان كەلدى.
— سەككاكى.

**بەيزە** [بيضه] (ئە) تۇخۇم:

بۇ تاۋۇسغە بەيزە خۇرشىدۇ ماھ،
قىلۇر رەڭ ـ بەرەڭ چۇجەسىن جىلۋەگاھ.
— ئا. نىزارى.

بەيزەئى زەر ـ ئالتۇن تۇخۇم.

**بەيزەدار** [بيضه‌دار] (ئە + پ) تۇخۇملۇق، تۇخۇمى بار، ئۇرۇقلۇق.

**بەيزەۋار** [بيضه‌وار] (پ + ئە) تۇخۇمدەك، تۇخۇم كەبى.

**بەين** [بين] (ئە) ئارىسى، ئارىلىقى.

قىلىپ ئىشىق تۇغيان، چېكىپ ئوتلۇغ ئاھ،
ئوقۇپ بەيننى دىلبەرى نىك خاھ.
— ئا. نەزارى.

**بەين بەين** [بين بين] (ئە) ئارا ـ ئارىسىدا؛ ياخشىمۇ ئەمەس يامانمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ھال؛ باراۋەر.

**بەينەلئەخبار** [بين الاخبار] (ئە) خەۋەرلەر ئارىسىدا، خەۋەرلەردە.

**بەينەلمەنزىلەين** [بين المنزلين] (ئە) ئىككى مەنزىل ئارىسى.

**بەينەلمىلەل** [بين الملل] (ئە) خەلقئارا، جاھان ئىچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

**بەينە هازەلفىراق** [بين هذاالفراق] (ئە) بۇ ئايرىلىشىدا، بۇ جۇدالىقدا:

ئىرادە قىلىپ خىزمەتىگەدىن يىراق،
كى ئىزهار ئېتىپ بەينە هازەلفىراق.
— ئا. نىزارى.

**بەيئ** [بيع] (ئە) سېتىش، سۇدىلىشىش:

كى بەيئ ئەتكەمەن ئانى بولدى زەرۇر،
كى نەقدىنەلەرگە يېتەدۇر فۇتۇر.
— ئا. نىزارى.

**بەيئ ئەتمەك** — ساتماق:

دېدى: ئۇشبۇ گەۋهەرنى بەيئ ئەتكەمەن،
ئەگەر ئالماساڭ سەن، يانىپ كەتكەمەن.
— ئا. نىزارى.

**بەيئ شەرا** [بيع شرا] (ئە) سېتىش - سېتىۋېلىش، سودا.

**بەيئ شەرا ئەيلەمەك** — سودا قىلماق:

بىردەمى خوشلۇق يۈزىنى بۇ جەھاندا كۆرمەدىم،
سەن پەرى پەيكەر بىلەن تائەيلەدىم بەيئۇ شەرا.
— قەلەندەر.

**بەيئى ۋەسل** — ۋەسلىگە يېتىش سودىسى، ۋەسلىنى سېتىۋېلىش:

بارماغىم كۆكسۈمنى يارماغلىققە دايىم بارماغى،
بەيئى ۋەسلىگىغە سانارغە ئاندا ئېردى يارماغىم.
— گۇمنام.

**بەيىنە** [بينه] (ئە) دەلىل، ئىسپات، ھۆججەت.

**بەئد** [بعد] (ئە) كېيىن، ... دىن كېيىن.

**بەئدە** [بعد] (ئە) «بەئد» گە قاراڭ:

بەئدە ھەمدى خالىقى نەئتى رەسۇلى مۇجتەبا،
جانىشىنى زارى پەيەمبەر چەھار يارىم كېلۇر.
— نەۋبەتى.

**بەئدەز** [بعداز] (ئە + پ) ... دىن كېيىن:

نە ئېردى ئانىڭ مەقسەدىنى تاپىلىك،
كى بەئدەز ئانى خاك بىرلە ياپىلىك.
— ئا. نىزارى.

**بەئدەزان** [بعداز آن] (ئە + پ) ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇنىڭدىن كېيىن:

بۇ كۆكلۈمدەكى ئىشنى قىلدىم تەمام،
بولۇپ بەئدەزان مۇندا قايىم مەقام.
— ئا. نىزارى.

**بەئدەزىن** [بعدازاين] (ئە + پ) ئاشۇنىڭدىن كېيىن:
ئەمدىكىم لەئلىك خەيالى بىرلە ئۇسرۇكمەن مۇدام،
بادەگەر ئابىھەيات ئولسە، كېرەكمەس بەئدەزىن.
— ئەتائى.

**بەئزەن** [بعضاً] (ئە) بەزى، بەزىدە، ئايرىم پەيتتە، گاھى ـ گاھىدا.

**بەئزى** [بعض] (ئە) ... نىڭ بەزىسى، ... نىڭ بىرقىسمى، بىرئاز.

**بەئس I** [بأس] (ئە) 1 › قورقۇش؛ 2 › ئازاب، 3 › قاتتىقلىق؛ 4 › باتۇرلۇق.

**بەئس II** [بعث] (ئە)؛ 1 › ئەۋەتمش، يەتكۈزۈش؛ 2 › ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش.

**بوتە** [بوته] ئالتۇنچىلارنىڭ ئالتۇن ئېرىتىدىغان قاچىسى:
ئەي كۆڭۈل، ئول سىيمەتەن ۋەسلىن قىلۇر بولساڭ ھەۋەس،
قىل يۈزۈڭ ئالتۇننى غەم بوتەسىندە ئىمتىھان.
— ئەتائى.

**بوتە II** [بوته] (1) بوتا، بوتىلاق، (2) كوچەم: پەرزەنت، ئوغۇل.

**بورچى** [بورجى] ئاشپەز:
مىراخور، بەكاۋۇل، بورجى، ئۆيچىسى،
يەنە ناغرا كارنايۇ سۇرنايچىسى.
— موللا شاكىر.

**بوريا** [بوريا] (پ) بورا:
بىراۋ ئىختىيار ئەيلەدى بوريا،
قومۇشىدىن بىسات ئەيلەدى خەلق ئارا.
— غەرىبى.

**بورياباف** [بورياباف] (پ) بورا توقۇغۇچى.

**بوساغە** [بوساغه] بوسۇغا، پەس يەر.

**بوستان** [بستان] (پ) باغ، گۈلزار، چىمەن:
ئانى جىلۋەگەر قىلدى ئىنسان ئارا،
شەمىمنى ئانداغكى بوستان ئارا.
— ئا. نىزارى.

**بوستان ئەفرۇز** ـ گۈلتاجى خوراز.
**بوستان سەرا** ـ بوستاندا سايرىغۇچى، بۇلبۇل.

**بوقۇرسا** [بوقورسا] بوقۇسا (يەرھەيدەيدىغان سايمان):
ئەگەر ئەتمەسەك بىز بوقۇرساغا تىش،
كى ھەيرەتتە يازنىڭ بولۇر ئېردى قىش.
— غەرىبى.

**بولجاب** [بلجاب] مۆلچەرلەپ، ئېنىقلاپ:
كۈندىن بولجاب ھەم ئول كۈن يولغە تۈشتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇزۇپ فەرخار مۈلكىنە ياۋۇشتى.
— لۇتفى.

**بولجار** [بلجار] مۆلچەر، نىشان:
تۆگىلەر جايى تاغ باشى،
بولجارىمىز يار باشى.
شۇ بولجارغا يەتكەندە،
توختىمايدۇ كۆز ياشى.
— موللا بىلال.

**بولغامەن** [بولغامن] بولغايمەن، بولىمەن:
گۈل يۈزۈڭ سەرۇ قەدىڭ قىلسام خەيال،
سەرۇ يەڭلىغ بولغامەن سەرگەشتە هال.
— گۇمنام.

**بولۇبان** [بولوبان] بولۇپ:
شام ئىدى ئاهستە قوپۇپ ناگەهان،
يۈردۇم ئۇشۇل يولغا بولۇبان رەۋان.
— زەلىلى.

**بۇ I** [بو] بۇ (كۆرسىتىش ئالماش):
چۇ مۇهرى ئاڭا بەردى پىر يادكار،
كى بۇ مۇهرىدە تۇرفە ئەسرار بار.
— ئا. نىزارى.

**بۇ دەم** — شۇ ۋاقىت، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە:
مىهىنبانۇ بىرلە قىلىپدۇر ياراش،
ئانىڭ بىرلە بۇ دەم تۇرۇپدۇر مەئاش.
— ئا. نىزارى.

**بۇدۇر** — مۇنداق، مۇنۇلار:
ۋەسىيەت بۇدۇر، شاهلار قەۋلىدىن،
فەنا ئىستە ئاخىردەكى هەۋلىدىن.
— ئا. نىزارى.

**بۇدۇركىم** — شۇنداقكى، ...بولسا مۇنداق:
تىرىكلىك كىرەكمەس سىنىڭسىز ماڭا،
مۇرادىم بۇدۇركىم يېتىشسەم ساڭا.
— ئا. نىزارى.

**بۇ يەڭلىغ** — شۇ كەبى، شۇنىڭغا ئوخشاش:
نەچە ئاي بۇ يەڭلىغ قىلىپ پەرۋەرىش،
كى سۈتدىن كېچىپ ئاغزىغە چىقتى تىش.
— ئا. نىزارى.

**بۇ باڭ** — بۇنداق سادا، بۇنىڭغا ئوخشاش سادا.

**بۇ I** [بو] (پ) «بۇي» غا قاراڭ.

**بۇبەك** [بوبک] (پ) 1 › كەپتەر؛ 2 › ئاچا - سىڭىل:

هەر تۈنكى قىلسام ئول بۇ بەكى فىتنە يادىنى،
يۇرمەن ياشىمدىن ئىككى كۆزۈمنىڭ سەۋادىنى.
— ئەتائى.

**بۇت I** [بت] (پ) 1 › بۇتپەرەسلەر چوقۇنۇپ ئىبادەت قىلىدىغان سۈرەت ياكى ھەيكەل، بۇت:

ناز ئىلە چىقساڭ ئۆيۈڭدىن بۇ قەدەر رۇخسار ئىلە،
سەجدە ئەيلەر قاشلارىڭغە بۇت بىلە ھەم بۇتتەراش.
— قەلەندەر.

2) سەنەم، گۈزەل:

ئالدى كۆڭلۈمنى مىنىڭ بىر بۇتى چەۋكان سىكەلەك،
غارەتى دىنىم ئۈچۈن قىلدى پەرىشان سىكەلەك.
— مەھزۇن خوتەنى.

**بۇت ئەيلەمەك** — بۇت ياسىماق،

شەھەر خەلقىنىڭ ئەسلى بازارى يوق،
كى بۇت ئەيلەمەكدىن بۆلەك كارى يوق.
— ئا. نىزارى.

**بۇتى نەبۇد** — ئالەمدە يوق بىر سەنەم:

بۇتى نەبۇد مەگەر ھۇرى پەرىزاد،
لەبى نازۇك، بۇيى چۇن سەرۋى ئازاد.
— لۇتفى.

**بۇت II** [بوت] پۇت، ئاياغ:

قەتل قىل نەفسىڭ ھەۋاسىن ئىستەسەڭ ئازادەلىغ،
بۇت ئۇشاتماي ئازەر ئوغلىغە قاچان تەگدى بەرات.
— ناقىس.

**بۇتا** [بتا] (پ) ئەي بۇت؛ ئەي گۈزەل.

**بۇتتەراش** [بت تراش] (پ) بۇت ياسىغۇچى:

چەراكىم بۇلار بارچەسى بۇتتەراش،
ياغاچدىن سەنەم قىلغۇچى قارى - ياش.
— ئا. نىزارى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇتپەرەست [بت پرست] (پ) بۇتقا سەجدە قىلغۇچى، بۇتپەرەس:
ۋىلايەت ھەممە كافىرۇ بۇت پەرەست،
بۇلار كۇفر تۇغيان مەيى بىرلە مەست.
— ئا. نىزارى.

بۇتخانە [بتخانه] (پ) بۇتپەرەسلەرنىڭ ئىبادەتخانىسى:
مەگەر ئىسلام ئېلىنىڭ نالەسى ئەۋجىگە يەتمەيدۇر،
بەرەھمەن باش كۆتەردى كۇفردىن بۇتخانەدۇر پەيدا.
— زەلىلى.

بۇتراتماق [بوتراتماق] توزۇتماق، تارقاتماق، پاراكەندە قىلماق:
جەھاندا بۇتراتىپ سەيياھلارنى،
تېگىزلارگە ئايىپ مەللاھلارنى.
— لۇتفى.

بۇتراماق [بوتراماق] توزۇماق، تارقىماق، پاراكەندە بولماق:
ئانىڭ ۋەھشەتىدىن ئەجەب تىترەدىم،
سەراسىمەۋار ھەر تەرەف بۇترادىم.
— ئا. نىزارى.

بۇتكەدە [بتکده] (پ) «بۇتخانە» گە قاراڭ.

بۇتگەر [بتگر] (پ) «بۇتتەراش» گە قاراڭ.

بۇتۇن [بطون] [بىرلىكى: بەتن] قۇرساقلار، قىرىنلار.

بۇ جەھل [بوجهل] (ئە) 1 › ئەبۇجەھل سۆزىنىڭ قىسقارغان. شەكلى بولۇپ،
مۇھەممەت پەيغەمبەرگە قارشى بولغان، بىر ئەرەبنىڭ نامى،
2 › كۆچمە م: ناھايىتى جاھىل.

بۇخار [بخار] (ئە) پار، تۇمان.

بۇخل [بخل] (ئە) بېخىللىق، پىششىقلىق، پىخسىقلىق:
مەنى گۇمنامغە بەرمەي زەكاتى ھۆسن قايتاردىڭ،
كۆرەرمۇ بۇخل ئارا بىر شەھرى يارى مەن كەبى ھەرگىز.
— گۇمنام.

بۇخۇر [بخور] (ئە) خۇش پۇراقلىق ئىسرىق.

بۇ خۇرات [بخورات] (ئە) [بىرلىكى: بۇخۇر] ئىسرىق.

بۇد [بود] (پ) بارلىق، مەۋجۇتلۇق:
ئول ئاي ئوتىدا بۇد بولدى نابۇد،
جان جانغە كىردى جانانە بولدۇم.
— گۇمنام.

بۇدۇ نابۇد — بار ۋە يوق، بار ئىدى، يوق ئىدى، بارلىق، ھەممە:
كۆكۆل باغرى ئارا ئەزم ئەتسە دەرمەن باغرى تاشمىدۇر.

يوق ئەتكەن بۇدۇ نابۇدۇمنى ئول پەيۋەستە قاشىمدۇر.
— گۇمنام.

زادۇ بۇد — تۇغۇلغان يەر، ۋەتەن:
سۇراردا ھەر بىرىنىڭ زادۇ بۇدىن،
كىنەتتە كۆزدى بىر ساھىب ۋۇجۇدىن.
— لۇتفى.

بۇدى يوق — بارلىقى، مەۋجۇتلۇقى يوق.
نابۇدىڭنى قىلدى بۇد — سېنى يوقدىن بار قىلدى.
بۇدۇم — بارلىقىم:
ئۆزۈمدىن كېتىپ مەن چۇ بىخۇد ئولۇپ،
كى بۇدۇم ئانىڭ بىرلە نابۇد بولۇپ.
— ئا. نىزارى.

**بۇراق** [براق] (ئە) ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە مۇھەممەت پەيغەمبەر راج كېچىسى ئاسمانغا چىققاندا مىنگەن ئات؛ چاپقۇرئات:

ياش فەرزەندىن يۇگۇرتۇپ يۈز سارى ھەردەم كۆزۈم،
چۈن سېنىڭ ئىزىڭنى تاپماي چاپتۇرۇپ گۈلگۈن بۇراق.
— لۇتفى.

**بۇرج** [برج] (ئە) 1 › قۇياشنىڭ يىللىق ھەرىكەت يولىنى بويلاپ جايلاشقان ئون ئىككى يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ يىغىندىسى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر بىرى:
تەۋسەنى دەۋلەت ئۆزە مىنسەڭ سەن، ئەي خۇرشىدى فەر،
قىلغۇدەكسەن سەير بەزمىدە بۇ ئون ئىككى بۇرج.
— قەلەندەر.

2 › سېپىلنىڭ چوقچىيىپ تۇرغان تۆت بۇرجىكى، مۇنار:
ئۆزۈك بىرلە تونىنى سالىپ دۇرج ئارا،
ھەمەل دۇرجىنى ھەم قويۇپ بۇرج ئارا.
— ئا. نىزارى.

بۇرجۇ بارۇ — قەلئەنىڭ مۇنارىسى ۋە تاملىرى.
بۇرجۇ ئاھ — مۇنار ۋە ساراي.
بۇرجى ئاب — جەدى، دەلۋ، ھۇت بۇرجلىرى (قىش ئايلىرى).
بۇرجى ئاتەش — سەرتان، ئەسەد، سۇنبول بۇرجلىرى (ياز ئايلىرى)

**بۇررا** [برا] (پ) ئۆتكۈر، كەسكىن:
خەنجەرى بۇررا — ئۆتكۈر قىلىچ:
ئۆلۈمنى خوش قىلىپ ھىجران ئېلىندىن،

سۇۋۇردى خەنجەرى بۇررا بىلىندىن.
— لۇتفى.

بۇرران [بران] (پ) «بۇررا» غا قاراڭ:
ئۇزۇپ باشىنى تىغى بۇرران بىلە،
سۆكۈپ جىسمىنى تىيرى پەرران بىلە.
— ئا. نىزارى.

بۇررانلىغ [برانليغ] ئۆتكۈرلۈك، كەسكىنلىك.

بۇرقەئ [برقع] (ئە) يۈزگە تارتىدىغان پەردە، چۈمبەل:
يۈزىدىن بۇرقەئىن ئالسا يارۇتۇر مىسلى كۈن شەبنى،
قاماشىپ كۆزلەرى ئۇلدەم ئۇچالماس مۇرغىكى شەبگەر.
— موللا بىلال.

بۇرقەئ ئالماق — نىقابنى، چۈمبەلنى ئاچماق:
ئال بىرلە سالدى ئالما ياڭاقىڭ كۆكۈلگە تار،
بىر بۇرقەئ ئال كۆرەيىن ئانىڭ نازۇك ئاللىنى.
— سەككاكى.

بۇرنا [برنا] بۇرۇن، ئىلگىرى:
شاقاۋۇل يوق ئىدى بۇرنا خوتەندە،
ئەجايىپ دىلجەم ئەردۈك ئۆز ۋەتەندە.
— مەھزۇن خوتەنى.

بۇرناغى [برناغى] بۇرۇنقى، ئىلگىرىكى:
يازىپ بۇرناغى كاتىپ ئانداغ رەقەم،
سۇئالى ئانىڭ ئانچە پۇر دەردۇ غەم.
— ئا. نىزارى.

بۇرھان [برهان] (ئە) دەلىل، ھۆججەت:
ئىبرۇرمەن خانەدانىڭنىڭ قورۇغىدۇر شەرىف زاتىڭ،
نەبىتەك شەرئى ئىشىڭدە زەمىرىڭ خۇردەدان كەلدى.
— سەككاكى.

بۇرھانى ساتىئ — روشەن، ئېنىق دەلىل.
بۇرھانى قاتىئ — كەسكىن دەلىل.

بۇرۇج [بروج] (ئە) [بىرلىكى: بۇرج] بۇرجلار.

بۇرۇدەت [برودت] (ئە) سوغۇقلۇق.

بۇردە [برده] (پ) كىيسىلگەن، كېسىك.

بۇزۇغ [بزوغ] 1) بۇزۇق، ۋەيرانە:
بۇ فەرخى بۇزۇغ كۆسەنى تاپىپ،
ياتىپ باشىغە ئەسكى شالىن ياپىپ.
— ئا. نىزارى.

2) غەمكىن، قايغۇلۇق (كۆڭۈل ھەققىدە)

**بۇس** [بوس] (پ) «بۇسە» نىڭ قىسقارتىلمىسى؛ «بۇسە» گە قاراڭ:
كېچە-كۈندۈز خەيالىم ئاستان بۇسىنى قىلماغلىق،
ۋىسالى دەۋلەتىن تاپماققە سەگلەر سانى راھىمدۇر.
— گۇمنام.

**بۇسە** [بوسە] (پ) سۆيۈش، ئۆپۈش:
قىلىپ بۇسەلەر چۈن كەفۇ پايىغە،
سۈرۈپمەن يۈزۈمنى يۈزى ئايىغە.
— ئا. نىزارى.

**بۇسە قىلماق** — سۆيمەك، ئۆپمەك:
كى مەھۋۇننى بۇسە قىلىپ دىلبەرى،
كى لەئلى لەبىدىن تاتىپ شەككەرى.
— ئا. نىزارى.

**بۇسۇ كەنار** — قۇچاقلاپ سۆيۈش:
ھەكىم ئەھلى ئەمر ئەتتى بۇسۇ كەنار،
ۋەلې ئۆزگە ئىشدىن قىلىڭىز قەرار.
— ئا. نىزارى.

**بۇش** [بوش] غەزەپ، ئاچچىق:
ھەجر ئوتى نېچە مەجرۇھ ئېتىپ بۇزدى جىگەرنى،
ۋەسلىڭ بۇشغە مەرھەمى نې خۇش ياقە كەلدى.
— سەككاكى.

**بۇشۇرغانماق** [بوشورغانماق] ئىچى پۇشماق، غەزەپلەنمەك، ئاچچىقى كەلمەك:
بۇشۇرغانىپ تۇرمەن مىڭ سۆز بىرلە،
كېڭەشتى ئولتۇرۇپ نەردۇز بىرلە.
— لۇتفى.

**بۇغز** [بغض] (ئە) دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك.
**بۇغزى ھەسەد** — ئىچى تارلىق، كۆرەلمەسلىكتىن بولغان دۈشمەنلىك.
بىرەۋ كىم ساڭا قىلسا بۇغزى ھەسەد،
سىپارىش قىل ئانى جەنابى ئەھەد.
— ئا. نىزارى.

**بۇغز ئېلىماق** — دۈشمەنلىكنى، ئۆچمەنلىكنى كەلتۈرمەك:
ھەرنە تاپسە ھەق يولىغە ئېھسان قىلۇر،
بېخىللارنىڭ ئەداۋەتى بۇغز بولغاي.
— يەسەۋى.

www.uyghurkitap.com



**بۇقئە** [بقعه] (ئە) جاي، ئورۇن، زېمىن؛ خانىقا:
قەدەم بىرلە جەھانبان بەنا ئەيلەگەن،
كى بۇ بۇقئەنى جا ـ بەجا ئەيلەگەن.
— ئا. نىزارى.

**بۇقەئ** [بقع] (ئە) [بىرلىكى: بۇقئە] جايلار، ئورۇنلار:
ئۇمىد ئىلە باردىم مەدەد ئىستەبان،
مۇبارەك بۇقەئدىن سەنەد ئىستەبان.
— ئا. نىزارى.

**بۇقرات** [بقراط] قەدىمكى گىرېك تىبابەت ئالىمى:
مەئانى ھەرىمدە سۇقرات ئولاي،
كى سوقرات يوق، بەلكى بۇقرات ئولاي.
— ئا. نىزارى.

**بۇك** [بونك] مۇك، غەم:
زەكاتى بىرلە بۇكدىن دېسەم، ئايتۇر:
قاۋۇك، كەتسۇن، بۇ سەككاكى گەدانى.
— سەككاكى.

**بۇلئەجەب** [بوالعجب] (ئە) ئەك قىزىق، تەئەججۇپلىنەرلىك، ئاجايىپ.

**بۇلەغا** [بلغاء] (ئە) [بىرلىكى: بەلىغ] سۆزمەنلەر

**بۇلبەشەر** [بوالبشر] (ئە) ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى، ئادەم ئاتا:
كېلىپ دەھر ئارا ھەزرەتى بۇلبەشەر،
سەمادىن تۈشۈپ مەنزىلى بولدى يەر.
— غەرىبى.

**بۇلبۇل** [بلبل] (ئە) 1) بۇلبۇل:
مەۋسۇمى بەھار ئولدى گۈل رەڭگىنى ئال ئەيلەر،
بۇلبۇلنى چەمەن ئىچرە شورىدە مەقال ئەيلەر
— زەلىلى.

2) ئاشىق:
سەھەر تەرفى چەمەندە گۈل بىلە تەنھا شەراب ئىچتى،
ئەجايىب باغبانى سىينەئى بۇلبۇل كەباب ئەيلەپ.
— زەلىلى

**بۇلبۇلى گۈيا** — سايرىغان بۇلبۇل.

**بۇلبۇلى شەيدا** — پىغان قىلغۇچى بۇلبۇل؛ بېرىلگەن ئاشىق.

**بۇللۇر** [بلور] (ئە) ئەينەكنىڭ بىر تۈرى:
كۆمۈشدىن قىيالە بۇللۇرى سۇراھ،
كى بۇتۇن سۇراھىدا گۈلرەڭ راھ.
— ئا. نىزارى.

**بۇلھەۋەس** [بوالهوس] (ئە) ھەۋەسكار، ھەۋەس قىلغۇچى:
كەتكۈك ئاخىر رىھلەت ئاھەڭگىن تۈزۈپ، ئەي بۇلھەۋەس،
بارچە قالغاي ئايرىلىپ، بارغاي نەدامەت بىرلە غەم.
— سەبۇرى.

**بۇلۇغ** [بلوغ] (ئە) يېتىلىش، بالاغەتكە يېتىش.

**بۇنياد** [بنياد] (پ) 1) ئاساس، ھۇل:
چۇ تىر ئايچە يەمەندە چىرغادى شاد،
كۆڭۈل باغلاپ ئۇل ئەلگە سالدى بۇنياد.
— لۇتفى

2) سەۋەب:
تۇغيان ئېتەر جۇنۇنۇم زەنجىرى ئىشق كەلتۈر،
ئەفسۇنگەران ئەزايىم بۇنياد ئەگەر قىلماسا.
— زەلىلى.

**بۇنياد ئەتمەك** — ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەك:
ئۇلار قاشىدا دەفمە بۇنياد ئېتىپ،
بۇزۇلغان بىقائىنى ئاباد ئېتىپ.
— ئا. نىزارى.

**بۇنياد قىلماق** — مەۋجۇت قىلماق، پەيدا قىلماق:
ياقاسىن چاك ئېتىپ فەرياد قىلدى،
كۆيۈكلۈك نەۋھەلەر بۇنياد قىلدى.
— لۇتفى.

**بۇي** [بوى] (ئە) پۇراق، ھىد:
دېدى: «ئەي بالام، مەن سۆزۈڭگە قۇلاق
سالىپمەن، كېلۇر بۇيى دەردۇفىراق.
— نىزارى.

**بۇي ئاماق** — ھىدى دىماغقا ئۇرۇلماق:
ۋەسلى باغىدىن دىماغىمغە ئانىڭ بۇيى تامار،
كىم سارىغ تا يۈزىنىيۇ كۆزنى تا قان ئەيلەمەس.
— قەلەندەر.

**بۇي كەلمەك** — پۇراق چېچىلماق:
كۆرۈپمەنكى گۈلشەن ئېرۇر بىنەزىر،
كېلۇر بۇيى ئاندىن مۇشكى ئەبىر.
— ئا. نىزارى.

**بۇيى خۇش** — خۇش پۇراق،
بۇيى خۇش مۇشكى خوتەندىن زىياد،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خارى، خەسى مۇشكى سەمەندىن زىياد.
— زەلىلى.

**بۇيى خۇن** — قان ھىدى، قان پۇرىقى:
سەبا سەھرايى غەمدىن لالەگۇن جامى جۇنۇن كەلتۇر.
كى دەۋران ساغەرىدىن مەي كېرەكمەز بۇيى خۇن كەلتۇر،
— زەلىلى.

**بۇيى ۋەفا** — ۋاپادارلىق ئالامىتى، ۋاپا قىلىش بەلگىسى:
جەھاندىن ھېچ ئادەم تاپمادى بۇيى ۋەفا، يىغماك،
ئانى جەمئ ئەيلەگەنلەر كۆرمەدى غەيرى جەفا ئاخىر.
— زەلىلى

**بۇيلە** [بويله] بۇنىڭ بىلەن، بۇنداق:
دېدىلەر ھۇد ھۇدغا كىم پىشۋا،
بۇيلە شاھا فۇرقەتى ئەرمەس رەۋا.
— سەبۇرى.

**بۆرك** [بورك] بۆك، باش كىيىم، قالپاق.

**بۆركە** [بوركه] كىچىك قۇل:
بۇ شەھزادەنىڭدۇر ئاتام كۆركەسى،
مۇخادىملارىدىن فەقىر بۆركەسى.
— ئا. نىزارى.

**بۆركلۆك** [بوركلوك] بۆكلۆك، قالپاقلىق؛ يۆگەكلىك، ئوراقلىق:
بۆركلۆك يۇرگەن قىز ئەردى،
ئۆزى خەلقتىن ئۇز ئەردى.
— موللا مۇھەممەت نىياز.

**بۆز** [بوز] توقۇلغان ماتا، خام:
كى بۆز توقۇماقنى ئالىپ باپكار،
جەھان مۇلكىدە بۆز بىلە قىلدى كار.
— غەرىبى.

**بۇررەندە** [برانده] (پ) بۇ رەندە (موزدۇزلۇق ئەسۋابى):
ئۆتۈكچىغە بۇررەندە بىردىن دۇرۇر،
كى نەججارغە رەندە بىردىن دۇرۇر.
— غەرىبى.

**بۇزۇرگ** [بزرگ] (پ) ئۇلۇغ، زور؛ ھۆرمەتلىك.
بۇزۇرگۇ كۇچەك — چوڭ - كىچىك، ئۇلۇغ - ئۇششاق:
گۇلى پەردە نېشىننى زار ئەتمە،
بۇزۇرگۇ كۇچەك ئىچرە خار ئەتمە.
— لۇتفى.

**بۇزۇرگانە** [بزرگانه] (پ) مەرتىدىلىك، ئابرويلۇق هالدا:
ساقىرلات ئەۋ، سەراپەردە بىلەن تەخت،
ئاڭا لايىق بۇزۇرگانە ئارىغ رەخت.
— لۇتفى.

**بۇزۇرگۋار** [بزرگوار] (پ) ئۇلۇغۋار، هۆرمەتلىك، ئاتاقلىق:
تەرەددۇد قىلىپ ئول زەمان بۇزۇرگۋار،
بىنايى شەهەرگە نېچۈك ئورنى بار.
— موللا شاكىر.

**بېھ** [به] (پ) ياخشى، خوپ، ماقۇل:
مۈشكىن ساچىڭغا ئەنبەرە ئۆزنى تۇتارسەن بېھ،
سەۋدايى خام فاسىل ئېتىپدۇر دىماغىنى.
— لۇتفى.

**بېھبۇد** [بهبود] (پ) 1 › ياخشىلىق، ساغلاملىق، ياخشى هالەت، خاتىرجەملىك:
چۇ بىهۇدە سۆزلەر، ئاڭا سۇد ئەمەس،
بۇ ئەفغانە ئاشىقغە بېھبۇد ئەمەس.
— ئا. نىزارى.
2 › پايدا، نىجات، ئاسايىشلىق:
خىجالەتكە سالماق مېنى سۇد ئەمەس،
شەهىنشاهلىق بىزگە بېھبۇد ئەمەس.
— ئا. نىزارى.

**بېھتەر** [بهتر] (پ) ياخشىراق:
لەتافەت گۇلشەنىنىڭ گۇللارىنىڭ بېھتەرىدۇرسەن،
يۈزۈڭ يۇلتۇزنى بەيزالىق، ساچىڭ شەبنى قارا ئەيلەر.
— موللا بىلال.

**بېھتەرىن** [بهترین] (پ) ناهايىتى ياخشى، ئەڭ ياخشى.
**بېھجەت** [بهجت] (پ) شادلىق، خۇشاللىق.
**بېھراغ** [بهراغ] ياخشىراق، ئەڭ ياخشى.
ساڭا قۇل بولغالى بەرھەم ئەمەس قويدۇڭ ئەدەدسىز داغ،
ئېرۇر هەرقايىسى داغىڭ مىڭ ئاچىلغان لالەدىن بېھراغ.
— گۇمنام.

**بېھزاد** [بهزاد] (پ) ئەسلى زاتى ياخشى.
**بىئاب** [بی آب] (پ) سۇسىز، قۇرۇق.
**بىئابرۇ** [بی آبرو] (پ) ئابرويى يوق، ئابرويسىز.
**بىئابۇتاب** [بی آب و تاب] (پ) نۇرسىز، پارلاپ، يالتىراپ تۇرمايدىغان، خىرە.
**بىئار** [بی عار] (پ + ئە) ئار - نومۇسسىز، ئۇياتسىز.
**بىئارام** [بی آرام] (پ) ئارامسىز، تىنچسىز؛ هالاۋەتسىز، بىقارار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى



**بىئازار** [بی آزار] (پ) كىشىگە ئازار بەرمەيدىغان، دىلنى ئاغرىتمايدىغان، مۇلايىم.

**بىئازەرم** [بی آزرم] (پ) هاياسىز، ئۇياتسىز.

**بىئاقىۋەت** [بی عاقبت] ئاقىۋىتى يامان،

**بىئەبا** [بی ابا] (پ + ئە) تارتىنماي:

سورارمەن سوئال ئەزبەرايى خۇدا،
جەۋابىنى ئايتىڭ ماڭا بىئەبا.
— ئا. نىزارى

**بىئەدەپ** [بی ادب] (پ + ئە) ئەدەبسىز، تەرتىپسىز هاياسىز، نادان:

كى تەفتىش ئېتىپ شاھ قىلدى غەزەب:
«نېدىن مۇنكىر ئولدۇڭ، ئايا بىئەدەپ.»
— ئا. نىزارى.

**بىئەدەد** [بی عدد] (پ + ئە) ھېسابسىز، نۇرغۇن:

شۇم رەقىبنى شاد ئېتىپ، غەمكىن ئېتەرمەن زارىنى،
باردۇرۇر دەردۇ غەمىم ئۇشبۇ سەبەبدىن بىئەدەد.
— قەلەندەر.

**بىئەدىل** [بی‌عدیل] (پ + ئە) تەڭدىشى يوق، ئوخشىشى يوق.

**بىئەمەل** [بی عمل] (پ + ئە) ئەمەل قىلمايدىغان، ئەمەلسىز.

**بىئەندازە** [بی اندازه] (پ) ئۆلچەمسىز، ئەندىزىسىز.

**بىئەۋن** [بی عون] (پ + ئە) ياردەمسىز، مەدەتسىز.

**بىباك** [بی باك] (پ) بىپەرۋا، ھېيىقمايدىغان، قورقماس؛
چەرخى بىباك — بىپەرۋا پەلەك.

**بىباكلىق** [بیباكلیق] بىپەرۋالىق، ھېيىقماسلىق:

كېرەكدۇر بۇ ۋەرتە ئارا پاكلىق،
داغى قىلماسۇن ئەسلە بىباكلىق.
— ئا. نىزارى.

**بىبەدىل** [بی بدیل] (پ + ئە) تەڭدىشى يوق، مىسلىسىز؛

كى شالگەر ئىشىنى ئالىپ بىبەدىل،
تىرەنى سۇنۇچ بىرلە ئەيلەپ ياشىل.
— غەربى.

**بىبەر** [بی بر] (پ) مېۋىسىز، ھوسۇلسىز.

**بىبەرلىك** [بی برلیك] مېۋىسىزلىك.

**بىبەرگ** [بی برگ] يوپۇرماقسىز، بەرگسىز؛ مېۋىسىز؛

ۋۇجۇدۇم گۈلىستانى بىبەرگدۇر،
بۇ ھەسرەت بىلە پەيكەرىم مەرگدۇر.
— ئا. نىزارى.

**بىبەسەر** [بی بصر] (پ + ئە) كۆزى يوق، كور؛ قارىغۇلارچە، نادان:

تولا يىغلادى بىبەسەر ئولدى كۆز،
فىراق ئىچرە دايىم نەھىنى ئولدى ئۆز.
— ئا. نىزارى.

**بىبەقا** [بی بقا] (پ + ئە) ئەبەدىي بولمىغان، ۋاقىتلىنچە، قىسقا، ئامانەت.

**بىباھا** [بی بها] (پ + ئە) باھاسى يوق، قىممەتلىك.

**بىباھانە** [بی بهانه] (پ) سەۋەبسىز، ئاساسسىز، باھانىسىز.

**بىبەھر** [بی بهر] (پ) بەھرىسىز، پايدىسى يوق.

**بىبۇنياد** [بی بنیاد] (پ) ئاساسسىز، تۈپسىز، ھۇلسىز:

دەمى مەھبۇبەسىز ئاشىق ھەياتىن،
ئەگەر خىزر ئېرسە بىبۇنياد ئولۇرلار.
— ئەتائى.

**بىبى** [بیبی، بی بی] (پ) خانىم، خوجايىن ئايال.

**بىبىزائەت** [بی بضاعت] (پ + ئە) مال - مۈلۈكسىز، بىساتسىز، كەمبەغەل.

**بىبىم** [بی بیم] (پ) قورقۇنچسىز، خەۋپسىز.

بىبىمۇ ۋەھىم — خەۋپ - خەتەرسىز.

**بىپايان** [بی پایان] (پ) چەكسىز، پايانسىز، ئاخىرى يوق.

**بىپەدەر** [بی پدر] (پ) ئاتىسىز:

گەر كىشى پىر سىزكى گويا بىپەدەر،
بىپەدەر كۆپ يۈرسە يول كۆرگەي خەتەر.
—خەراباتى.

**بىپەرتەۋ** [بی پر تو] (پ) نۇرسىز، شولىسىز، يالقۇنسىز.

**بىپەرۋا** [بی پروا] (پ) پەرۋاسى يوق، ئېتىبارسىز، بىغەم:

سەيدى بىپەرۋا يۈرۈر گەر شاھبازى بولماسە،
مەملەكەت ۋەيران بولۇر شاھنىڭ ئايازى بولماسە.

**بىپەيۋەند** [بی پیوند] (پ) باغلىنىشسىز، بىرىكمىگەن، ئۇلانمىغان.

**بىپەر** [بی پر] (پ) پىرسىز، رەھبەرسىز، يېتەكچىسىز.

**بىتاب I** [بی تاب] (پ) 1) بىتاقەت، بىئارام:

جەھان كارى بارىغە بىتاب ئولۇپ،
كى شاھى فەرىدۇنغە ھەمخاب ئولۇپ.
— ئا. نىزارى.

2) كۈچسىز، دەرمانسىز:

قىلىب بىتاب جىسمىمنى نېتەيكىم ئىشقى تىيرەڭگى،
جەھاندا بارمىدۇر مەندەك بەلا دەشتى ئارا قالغان.
— ئا. نىزارى.

www.uyghurkitap.com

بىتابۇ تەۋان — كۈچسىز، قۇۋۋەتسىز.

3 ) كېسەل.

**بىتاب II** [بى تاب] (پ) 1 ) نۇرسىز، هارارەتسىز؛ 2 ) تاۋلانمىغان، خام.

**بىتابلىغ I** [بى تابليغ] كېسەللىك.

**بىتابلىغ I** [بى تابليغ] نۇرسىزلىق، خىرەلىك، هارارەتسىزلىك.

**بىتاقەت** [بى طاقت] (پ + ئە) سەۋرسىز، تاقەتسىز، بىئارام.

**بىتەئەب** [بى تعب] (پ + ئە) مۇشەققەتسىز، قىينالماستىن.

**بىتەئەممۇل** [بى تامل] (پ + ئە) ئويلانماستىن، مۇلاھىزىسىز.

**بىتەئەييۇن** [بى تعين] (پ + ئە) مۇئەييەن بولمىغان، ئېنىقسىز، بىتايىن.

**بىتەخەللۇف** [بى تخلف] (پ + ئە) خىلاپسىز، ئۆزگىرىشسىز، ئېنىق.

**بىتەكەللۇف** [بى تكلف] (پ + ئە) تەكەللۇپسىز، مۇشەققەتسىز.

**بى تەمكىن** [بى تەمكين] (پ + ئە) بىقارار، سەۋرسىز.

**بىتەمىز** [بى تميز] (پ) پاك بولمىغان، پاسكىنا، مەينەت:

ئۇچاسىدا بىر ژەندە بولغان لىباس،
كى ئول كەل دۇرۇر بىتەمىز بىقىياس.

— ئا. نىزارى.

**بىتەھاشى** [بى تحاشى] (پ + ئە) تارتىنماستىن، قورقماي:

چۇ ئول ئاستانغە يېتىپ ئەردى باش،
كىرىپ ئۆيي ئىچىگەكى ئول بىتەهاش.

— ئا. نىزارى.

**بىتەھەررۇك** [بى تحرك] (پ + ئە) ھەرىكەتسىز.

بىتەھەررۇك بولماق — قىمىرلىيالماس بولماق، ھەرىكەتسىز.

**بىتەھەممۇل** [بى تحمل] (پ + ئە) 1 ) كۆتۈرەلمەيدىغان، چىدامسىز، سەۋرسىز؛
2 ) توختىماي، تېزدىن.

**بىتەۋەققۇف** [بى توقف] (پ + ئە) توختاپ تۇرماستىن.

**بىتەۋەككۇل** [بى توكل] (پ + ئە) تەۋەككۇلسىز، تەۋەككۇل قىلماستىن.

**بىتەۋەھھۇم** [بى توهم] (پ + ئە) قورقۇنچسىز، ۋەھىمىگە چۈشمەي.

**بىتەۋەججۇھ** [بى توجه] (پ + ئە) يۈزىنى بىر تەرەپكە بۇرىماسلىق، مەنىنى باشقىچە چۈشەندۈرەلمەسلىك.

**بىتۇش** [بى توش] (پ) مادارسىز، كۈچسىز.

بىتۇشو تاب — كۈچ - قۇۋۋەتسىز.

**بىتۇشە** [بى توشه] (پ) ئۇزۇقسىز، تەمىناتسىز.

**بىتىمەك** [بيتمك] يازماق، پۈتمەك.

**بىتىك** [بيتيك] خەت، مەكتۇپ، نامە.

**بىتىكچى** [بيتيكچى] خەت يازغۇچى، كاتىپ، مىرزا.

بىچ [بيچ] ئەمچەك، كۆكس:
ئىككى قولاقى گۇلدە ياپۇرماغدەك،
ئىككى بىجى سىنەدە قايماغدەك.
— زەلىلى.

بىجا [بى جا] (پ) نامۇۋاپىق، ئورۇنسىز.

بىجان [بى جان] (پ) 1 › جانسىز، ئۆلۈك:
لەئلى يادى بىر نەفەس كۆڭلۈمدە ئانىڭ بولماسا،
يۈز نەفەس سۇرسە مەسىھا داغى بىجاندۇر تەنىم.
— مەھزۇن خوتەنى.

2 › كۆچمە: ئاجىز، نازۇك.
بىجان قىلماق — ئۆلتۈرمەك، جانسىزلاندۇرماق:
تۆمۈردىن يەنە ئوقىا پەيكان قىلىپ،
ئەدۇ - خەيلىنى ئاندا بىجان قىلىپ.
— غەرىبى.

بىجامە [بى جامە] (پ) كىيىمسىز.

بىجەدەل [بى جدل] (پ + ئە) جاڭجالسىز، جېدەل قىلماي، تالاشماي.

بىجەزب [بى جذب] (پ + ئە) تارتىش قۇۋۋىتى يوق؛ يېقىمسىز.

بىجۇرم [بى جرم] (پ + ئە) گۇناھسىز، ئەيىبسىز.

بىجۇرئەت [بى جرأت] (پ + ئە) جۇرئەتسىز، قورقۇنچاق.

بىجىن [بجين] مايمۇن.

بىجىھەت [بى جهت] (پ + ئە) سەۋەبسىز، ئورۇنسىز.

بىچارە [بى چاره] (پ) چارىسىز، تەدبىرسىز، ئىلاجسىز.

بىچارەلىك [بى چارەليك] چارىسىزلىك، ئىلاجسىزلىق:
جۇشافۇر بىلدى بۇ ئەۋۋارەلىك،
دى ھىجران ئىلكىدە بىچارەلىك.
— ئا. نىزارى.

بىخاب [بى خواب] ئۇيقۇسىز، ئويغاق:
مۇئەللىمغە تاپشۇردى ئاداب ئۈچۈن،
سەبەب قىلدى ھېكمەتدە بىخاب ئۈچۈن.
— ئا.نىزارى.
بىخابۇ خور — ئۇيقۇسىز ۋە تاماقسىز:
تەشنەلەب باغرىم قىزىپ بىخابۇ خور خۇبنار ئولۇپ،
ۋەسلىڭ ئۇمىدى بىلە غەمدىن قۇرۇپ سارغارماغىم.
— گۇمنام.

بىخار [بى خار] (پ) تىكەنسىز:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۈلى بىخار ئىدىم فەرخار ئېچىلدە،
جەھاندا خار بولدۇم خار ئىچىندە.
— لۇتفى.

**بىخاست** [بى خواست] (پ) 1) تۇساتتىن، ئىختىيارسىز:
كېلۇر بىر كارۋان ئول يول بىلە راست،
يولۇقۇشتى شەھەنشاھ بىرلە بىخاست.
— لۇتفى.

2) سورماستىن:
مۇخالىف سۆز بىلەن، ئەي قەۋلى ناراست،
مېنى سالدىڭ بۇ سەۋدا ئىچرە بىخاست.
— لۇتفى.

**بىخانۇمان** [بى خان ومان] (پ) 1) ئۆي ـ جايسىز، سەرسان ـ سەرگەردان:
مەجنۇن ئىزدەر لەيلىنى، پەرھاد شىرىننى تىلەر،
بۇلبۇلى بىخانۇمانغە گۈشەئى گۈلزار خۇب.
— قەلەندەر.

2) ۋەيران بولغان، سورۇلغان:
كېزىپ كۈچەلەر مېھمان ئىستەبان،
بۇزۇغ ئىچرە بىخانۇمان ئىستەبان.
— ئانىزارى.

**بىخەبەر** [بى خبر] (پ + ئە) خەۋەرسىز، ۋاقىپسىز:
چۇ ماقتاپ ئۆزۈڭنى بولۇپ بىخەبەر،
تولا سۆز دېدىڭ ئەلگە سالماي نەزەر.
— غەربىي.

**بىخەتا** [بى خطا] (پ + ئە) خاتاسىز، توغرا:

**بىخەسارەت** [بى خسارت] (پ + ئە) زىيانسىز، زەرەرسىز:

**بىخەلەل** [بى خلل] (پ + ئە) نۇقسانسىز، بىجىرىم، مۇستەھكەم:
فەراغەت تاپىپ بولدى ئاسۇدە ھال،
بولۇپ ئەيش ئارا بىخەلەل، بىمەلال.
— ئانىزارى.

**بىخەۋف** [بى خوف] (پ + ئە) خەۋپسىز، خەتەرسىز:

**بىخىيال** [بى خيال] (پ + ئە) خىيال قىلماستىن، ئويلىماستىن.

**بىخۇد** [بيخود] (پ) 1) ھوشسىز، ھوشىنى يوقاتقان:
ئول زەمان كۆردۇم يۈزۈڭنى ئەيلەدى ئىشقىڭ ئەسىر،
بۇ جەھەتتىن سەرۋىدەك بىخۇد گەھى ھوشيارمەن.
— موللا بىلال.

2 > مەس:

ئىچىپ مەينى بىخۇد بولۇپ دەربەدەر،
چۇ دىلبەرنى ئىزدەپ قىلايمەن سەفەر.
— ئا.نىزارى.

بىخۇد ئولماق — ھوشىنى يوقاتماق، ھوشسىزلانماق:

تۇش بىلەن قۇش لەنگەردگە يەتمىشتىم،
بىخۇد ئولۇپ ھۇش ئىپلىدىن كەتمىشىم.
— زەللىلى.

**بىخۇدانە** [بيخو دانه] (پ) ھوشسىزلارچە.

**بىخۇمار** [بى خمار] (پ + ئە) خۇمارسىز.

**بىخۇن** [بى خون] (پ) قانسىز؛ رەڭگى تاتارغان:

يۈزۈندە بىلگۈلۈك فەررى فەردۇن،
جەمالىندىن قامۇلۇر سۇنئى بىخۇن.
— لۇتفى.

**بىخىرەد** [بى خرد] (پ) ئەقىلسىز، ھوشسىز:

قوپالماي ئورۇندىن ئەقلدىن بىخىرەد،
ئالىپ ئەقل ھوشىنى ئول سەرۋقەد.
— ئا. نىزارى.

**بىخىلاف** [بى خلاف] (پ + ئە) خىلاپسىز، قارشىلىقسىز.

**بىد** [بيد] (پ) تال، تال دەرىخى:

چۇكىم زور بازۇلۇق ئەيلەپ پەددىد،
كىلىپ لەرزىگە كۇھ ئانداغكى بىد.
— ئا. نىزارى.

بىدى لەرزان — مەجنۇنتال:

بۇ باشىم ئايلاندۇرۇر ھەجرىڭ شامالى ھەر تەرەف،
گۇلشەنى ئىشقىڭدا قىلغان بىدى لەرزان سەنمۇسەن.
— گۇمنام.

**بىداد** [بيداد] (پ) جەبىر - زۇلۇم؛ ئادالەتسىزلىك:

گەر مۇسۇلمانزادە بولساڭ ئەي مەھى نا مېھرىبان،
شۇم رەقىبى بەددىيانەت جانغە بىداد قىل.
— قەلەندەر.

بىداد ئەيلەمەك — جەبىر - زۇلۇم قىلماق.

**بىدادفەن** [بيدادفن] (پ + ئە) جەبىر - زۇلۇمغا ئۆگەنگەن.

**بىدادگەر** [بيدادگر] (پ) زۇلۇم قىلغۇچى، زالىم، جەبىر سالغۇچى.

**بىدادلىق** [بيدادليق] زالىملىق:

www.uyghurkitap.com

قىلىپ ئىشق ئەھلىغە بىدادلىقى،
زەمانى ئاڭا بەرمەيىن شادلىقنى.
— ئا. نىزارى.

**بىدار** [بيدار] (پ) ئويغاق؛ ھوشيار، سەگەك:
چۇ نەمرۇد جانىدىن بىزار بولغاي،
يارانلار ئۇيقۇدىن بىدار بولغاي.
— مۇھەممەد سادىق قەشقەرى.

**بىدار بولماق** — 1) ئويغانماق، ھوشيار بولماق:
چۇ گۈل ناز ئۇيقۇسىدىن بولدى بىدار،
كۆرەر بۇلبۇل قىلادۇر نالەئى زار.
— لۇتفى.
2) دائىمى بولماق:
ماڭا بەخت بىدار بولدى نەسىب،
تۇمەن شۇكرى دىلبەرغە بولدۇم قەرىب.
— ئا. نىزارى.

**بىدارلىغ** [بيدارليغ] ئويغاقلىق، ھوشيارلىق.

**بىداۋ** [بيداو] چاپقۇرئات:
مۇرەسسەئ قىلغان ئەتلەس ئۇلۇغ ئەۋلەر،
پەرى ئەڭلىك سىلىق بويلۇق بىداۋلەر.
— لۇتفى.

**بىدايەت** [بدايت] (ئە) باشلىنىش، ئىپتىدا، ئاۋۋال:
ئەيىب ئەتمەڭىز جەفادىن ئەگەر ئىڭرەسە كۆڭۈل،
مەئلۇم ئەمەس مۇرىدقا بۇ ھالەت بىدايەتى.
— سەككاكى.

**بىدئەت** [بدعت] (ئە) 1) يېڭى پەيدا بولغان ئادەت:
مىنى قويمادى باققالى ھەر قايان،
بولۇپ فىئلى بىدئەتكە تۇرلۇك زىيان.
— ئا. نىزارى.
2) دىنغا خىلاپ يېڭىلىق ۋە كېيىن قوشۇلغان، ئۆرپ - ئادەت:
شەرىئەتكە مۇنكىر بولغان بىدئەتلەرى،
كۆزگە ئۇلماي مۇبتەدىئىدىن قاچار بولغاي.
— ئەھمەت يەسەۋى.

**بىدەرەڭ** [بى درنگ] (پ) تېز، دەرھال، توختاۋسىز:
چۇمۇشكىن ساچىم بولدى كاپۇرەڭ،
بۇگۈن - ئەرتە يەتسە قەزا بىدەرەڭ.
— ئا. نىزارى.

بىدەرد [بى درد] 1) دەردسىز، ئاغرىقى يوق 2) ئىشقسىز، مۇھەببەتسىز.

بىدەرمان [بى درمان] (پ) كۈچسىز، قۇۋۋەتسىز،

بىدەرىغ [بى د ريغ] (پ) 1) ئايىماستىن، شەپقەتسىز، قورقماستىن:

مەلىكە قوپۇپ ئالدى ئىلكىگە تىغ،
كېسەي يارنىڭ باشىنى بىدەرىغ.
— ئا. نىزارى.

2) ئويلىماستىن:

بۇ سائەتتە سابىت ئالىپ قولغە تىغ،
ئۆزۈمگە ئۇرارمەن دېدى بىدەرىغ.
— ئا. نىزارى.

بىدەست [بى دست] (پ) قولسىز.

بىدەستۇ پاي — قول - ئاياغسىز.

بىدەۋا [بى دوا] (پ + ئە) داۋاسى يوق، ئىلاجى يوق، چارىسىز:

ئوشۇل كۈندىن ساڭا بەردىم كۆڭۈلنى، ئەي پەرى - پەيكەر،
مۇنىڭدەك يوقتۇرۇر بىلدىمكى دەردى بىدەۋا ھەرگىز.
— قەلەندەر.

بىدرۇد [بدرود] (پ) ۋىدالىشىش، تاشلاپ كېتىش:

دېدىم: مەھۋەشا، ئىشقىڭ ئەتتى خەراب،
كى بىدرۇدغە قويمادى ئىزتىراب.
— ئا. نىزارى.

بىدرۇد ئەتمەك — ۋىدالاشماق:
كى بىدرۇد ئېتىپ قالدىلار جايىدا،
كۆڭۈلنى ئالىپ قالدى مەئۋايىدا.
— ئا. نىزارى.

بىدىرەم [بى درم] (پ) پۇلسىز، يوقسۇل:

قىچقۇرۇرسەن سىمۇ زەرلىكلەرنى كۆرسەڭ قاشىڭە،
زەررە ياد ئەتمەي بىلالنى بەلكى بىلدىڭ بىدىرەم.
— موللا بىلال.

بىدىل [بى دل] (پ) 1) دىلى سۇنۇق، كۆڭلى يېرىم:

دېدى: ئەي نىگارا، خەبەردار بول،
كى بىچارە بىدىلغا دىلدار بول.
— ئا.نىزارى.

2) مەيتۇن، مەھلىيا:

كېچە قايغۇدىن ئەسرۇ بىدىل ئىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇشى كۆردى پىرى بۇ نۇكتە ئىدى،
— ئا. نىزارى.

3 > دەردلىك ئاشىق:
تۇشۇپ بەردى ئاندىن ھەمۇل ئاتنى،
ئۇقۇر ئىردى بىدىل بۇ ئەبياتنى.
— ئا. نىزارى.

بىدىماغ [بى دماغ] (پ) روھى چۈشكۈن، سۇلغۇن، ھەسرەتلىك:
كى ناز ئەھلىدەك كىم ئۇزاتىپ ئاياغ،
قىلۇر ئاشىقنى ئەجەب بىدىماغ.
— ئا. نىزارى.

بىدىن [بى دين] (پ + ئە) دىنسىز، غەيرىي دىن.

بىديانەت [بى ديانت] (پ + ئە) ۋىجدانسىز، ئىنساپسىز، نومۇسسىز.

بىر [بر] (ئە) ياخشىلىق.
بىررۇ ئەھسان — ياخشىلىق ۋە سەخىلىك.

بىراھ [بيراه] (پ) يولسىز؛ ئاداشقان، يولدىن ئازغان:
قويغىن ئۇشۇل دەئۇئىي بىراھىنى،
مات قىلايىن سەن كەبى يۈز شاھىنى.
— ئەھمەدى.
بىراھ بەيدا — يولسىز چۆل، يولى يوق دەشت:
نەچە يىلدۇر ئۇل مىنىڭ جانىمغە قەست ئەيلەر، مۇدام،
شەمشەرى ھەجرى ئىلە بىراھ بەيدا قىلدى ئىشق.
— سەدائى.

بىراۋ [براو] باشقا بىر كىشى، كىمدۇر:
بىراۋگە بېرىپدۇر شەھەنشاھلىق،
شەھەنشاھلىق ئىچرە ئاگاھلىق.
— ئا. نىزارى.

بىرەتە [بيرته] بىرەر، بىر دانە، بەزىدە:
بىرەتە كىملەرنى چايقاباﻥ يەل،
يوۋار ئەردى زۇھەل ئۆز يۇرتىدىن ئەل.
— لۇتفى.

بىرەنج [بى رنج] (پ) مۇشەققەتسىز، ئەلەمسىز؛ جاپا چەكمەي:
كۆڭۈل گەنجىدە ئانچە بار ئىدى گەنج،
كى قىلغاي ئەردى يىللار سەرف بىرەنج.
— لۇتفى.

بىرەھم [بى رحم] (پ + ئە) شەپقەتسىز، رەھىمسىز:

سەلابەت بىرلـە ئۇل بىرەھم كافىر،
ئالارنىڭ شەرھى هالىن سوردى بىر ـ بىر.
— لۇتفى.

**بىرلە** [بيرله] بىللە، بىلەن:
ئۇل ئاندىن نالەلەر بىرلە خىرامان،
بۇ ھەم مۇندىن فىراق ئوتىندە بەريان.
— لۇتفى.

**بىرلەھزە** [بيرلحظه] بىردەم، بىرمۇددەت، قىسقا بىر ۋاقىت:
ئەي بېگىم، ئىيد بولدى كەل، بىرلەھزە سەيران قىلغالى،
ئىيدگاھ خەلقىن مېنىڭدەك جۇملە ھەيران قىلغالى.
— ئەتائى.

**بىشەرم** [بى شرم] (پ + ئە) ھاياسىز، ئۇياتسىز، نومۇسسىز.
بىشەرمۇ ھەيا — ئار ـ نومۇسسىز.
بىھەمدۇللاھ، كىشى بىلمەس سەدايىن قايسى مەزھەفتە،
كۆرۈپ بۇ زاھىرىمنى تۇرفە بىشەرمۇ ھەيا دەرلەر.
— سەدائى.

**بىشەۋەر** [بيشەور] (پ) جاڭگالدا ئۆسكەن، ياۋايى:

**بىشۇمار** [بيشمار] (پ) ھېسابسىز، سان ـ ساناقسىز، كۆپ:
بار ئەردىكى شاھى بەسى نامدار،
شەھەرلەر مۇسەخخەر ئىدى بىشۇمار.
— ئا. نىزارى.

**بىشۇمارە** [بيشماره] (پ) «بىشۇمار»گە قاراڭ:
ئايىردى نەۋكەر ئىش تۇغۇ نەغارە،
ۋىلايەت گەنجۇ مالى بىشۇمارە.
— لۇتفى.

**بىشكىب** [بى شكيب] (پ) سەۋرسىز، تاقەتسىز، ساراسىم:
دېدىكىم: كۆتەر باشىڭ ئەي غەم نەسىب،
بەيان ئەيلە ھالىڭ ماڭا بىشكىب.
— ئا. نىزارى.

**بىغايەت** [بى غايەت] (پ + ئە) چەكسىز، تۈگىمەس:
قاتار كىرپىكى ئوق، قاشى ئەردى يا،
كۆزى جادۇ، ساچى بىغايەت قارا.
— ئا. نىزارى.

**بىغەش** [بى غش] (پ + ئە) پاكىزە، تازا، باشقا نەرسىلەر ئارىلاشمىغان:
خۇمار ئالۇدە مەن لۇتفى ئەيلەگىل، ئەي دىلبەرى رەئنا،

www.uyghurkitap.com

تەرەھھۇم قىل يەنا كەلتۇر ماڭا سەن بادەئى بىغەش.
— سەدائى.

**بىغەم** [بی غم] (پ + ئە) غەمسىز، ئەندىشىسىز، دەردسىز.
بىغەمۇغەش — غەم - ئەندىشىسىز:
گۈلۈ نەۋرۇز شادۇ خۇررەمۇ خەش،
يېتىشتىلەر ھەرەمغە بىغەمۇغەش.
— لۇتفى.

**بىغەۋس** [بی غوص] (پ + ئە) سۇغا شۇڭغۇماستىن، شۇڭغۇماي:
بىغەۋسۇ غەۋۋاس — غەۋۋاس سۇ ئاستىغا چۆشمەستىنلا:
ئۇغان تەقدىرىدىن بىغەۋسۇ غەۋۋاس،
تېگىزدە تاپتىلار بىرگەۋھەرى خاس.
— لۇتفى.

**بىغۇبار** [بی غبار] (پ) چاڭ - توزانسىز: كىرسىز.

**بىقائىدە** [بی قاعده] (پ + ئە) قائىدىسىز، تەرتىپسىز، قائىدە ئۇقمايدىغان:
ئۇل شوخى شەكەر غەبغەب كۆرمەيمۇ ئىدى مەكتەب،
بىقائىدەدۇر، يا رەب، ھەر نەۋئى كەلام ئەتتى.
— ناقىس.

**بىقەدر** [بی قدر] (پ + ئە) قەدىرسىز، ئەرزان.

**بىقەرار** [بی قرار] (پ + ئە) 1〉 قارارسىز؛ بىئارام، تۇرالمايدىغان:
كېلىپ كۆلبەسىگە بولۇپ بىقەرار،
بولۇپ يانە كۆرمەك ئۇچۇن ئىنتىزار.
— ئا. نىزارى.
2〉 بىتاقەت، ئىنتىزار:
سېنىڭ ئىشقىڭ ئوتىدەك بولماغايمەن بىقەرار ھەرگىز،
ئەگەر دوزەخ ئوتىدەك ئىچمە يۈز مىڭ شەرەر بولغاي.
— قەلەندەر.

**بىقەيد** [بی قید] (پ + ئە) باغلاقسىز، كىشەنسىز.

**بىقۇسۇر** [بی قصور] (پ + ئە) قۇسۇرسىز، نۇقسانسىز.

**بىقىياس** [بی قیاس] (پ + ئە) چەكسىز، مۆلچەرلىگۈسىز:
ئاڭا كەيدۈرۈپ ئانچە فاخىر لىباس،
مەلاھەتتە ئانچە بولۇپ بىقىياس.
— ئا. نىزارى.

**بىكام** [بیکام] (پ) ئۈمىدسىز، مەھرۇم:
قىلىپ ئەسفەلەرغە توقۇم خاسۇ ئام،
كى رەختىم بىلە ئەيلەدىم ھەم بىكام.
— غەرىبىي.

**بىكەران** [بیکران] (پ) چەكسىز، سان ـ ساناقسىز، پايانسىز:
كى لەشكەر ئاڭا بىھەدۇ بىكەران،
سىپاھىدىن ئانداغ تۇتۇلغان جەھان.
— ئا. نىزارى.

**بىكەس** [بیکس] (پ) 1) ھېچكىمى يوق، يىگانە، يالغۇز:
ئاتادىن يەتىم قالدى بىكەس بولۇپ،
بۇ ئاستانەدە يۈرسە، خوپ كەس بولۇپ.
— ئا. نىزارى.
2) ئىگىسىز، يېتىم، پېقىر:
بۇ بىكەس كېلىپ ياتقالى ئالتە ئاي،
بولۇپدۇر، ئايا پىرى خاجە ساراي.
— ئا. نىزارى.
بىكەسۇ مىسكىن — يېتىم ـ مىسكىن:
غەرىبۇ بىكەسۇ مىسكىنىمەن، ئەي جان،
غەرىبۇ ئاشقۇ غەمكىنىمەن، ئەي جان.
— لۇتفى.

**بىكەسلىك** [بیکسلیك] يالغۇزلۇق، تەنھالىق؛ غېرىپلىق، يېتىملىق:
شاھ زەربەفتى ۋەفاسىزدۇر تەرىقى فەقر تۇت،
تاپتى بىكەسلىك بىلە كۆڭلى بۇزۇلغان ئاندا سۇد.
— سەبۇرى.

**بىكر** [بكر] (ئە) قىز بالا، ئىپپەتلىك، پاك:
ئېيتىپ خاجە كۆڭلىدە كۆپ شۇكرلەر،
جەھاندا تاپىلغاي دەبان بىكرلەر.
— ئا. نىزارى.

**بىكىن** [بیکین] ... دەك، كەبى؛ ... مىكىن:
ياز فەسلى بارچە شادۇ، كۆڭلۇمىز غەمناك ئېرۇر،
گۇل بىكىن جان كۆڭلەكى ھىجران ئېلىدىن چاك ئېرۇر.
— لۇتفى.

**بىگانە** [بیگانه] 1) يات كىشى، ناتونۇش:
چىلتەن ئىدى جەنانە، بارمۇ ھەمراھ ـ ھەمخانە،
يولۇقتىمۇ بىگانە، يولىڭىزدە دېدىيا.
— موللا مۇھەممەت نىيازى.
2) ئايرىلغان، ئازغان، نادان:
گەرچە شەرىئەتتە چۇ بىگانە مەن،
ئەھلى تەرىقەت بىلە ھەمخانە مەن.
— ئەھمەدى.

www.uyghurkitap.com

3 × باشقا، يۇرتلۇق، چەت ئەللىك:
قالۇر، ئاھكىم، تەخت بىگانەگە،
خەلەق بىزدە يوق قالغۇسى يانەگە.

**بىرۇبار** [بيروبار] يەككە ـ يىگانە، دائىمى:
خۇش قۇدرەتلىك پەرۋەردىگار بىرۇبارىم،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەنتەلىهادى.
— ئەھمەد يەسەۋى.

**بىرىئايەت** [بى رعايت] (پ + ئە) ئەندىشىسىز؛ ئېھتىياتسىز؛ رىئايە قىلماسلىق.

**بىرىلمەمىش** [برلماميش] بېرىلمىگەن، بېرىلمىگۈدەك:
زېھى سەئادەت ئېرۇر سائەتى خەيالى غەمىن،
بىرىلمەمىش ئانى كەۋنەين خوشلۇغىغە ئىۋەز.
— سەبۇرى.

**بىرىنج I** [برنج] (پ) گۈرۈچ:
ئۈنچ نەرخىدىن بىرىنج قىممىتى بەس بەستدۇرۇر،
گەرچە يوق مۇندىن مۇكەررەمراق نىمەرسە دان ئارا.
— ناقىس.

**بىرىنج II** [برنج] (پ) مىس ۋە قوغۇشۇننىڭ ئارىلاشمىسى، برونزا:
يەنە نۇقرە تىللا بىرىنج شەمئىدان،
ياقىپدۇر ئانى بارچە بولمىش ئەيان.
— ئا. نىزارى.

**بىرىنجىنە** [برنجينه] (پ) سېرىق مىس؛ برونزىدىن ياسالغان؛ كۆچمە: سارغىيىمىش.

**بىرىيا** [بى ريا] (پ + ئە) راسلىق بىلەن، قىلچىمۇ ساختا قىلماستىن:
تەرەھھۇم قىلىپ بىزگە قىلغىل دۇئا،
دۇئانى ماڭا ئەيلەگىل بىرىيا.
— ئا. نىزارى.

**بىريان** [بريان] (پ) كۆيۈپ قورۇلغان، كاۋاپ بولغان؛ كاۋاپ:
قىبرىغە ئىچى كۆيدى رەھم ئەيلەبان،
ئىكى مۇرغى بىريان بېرىپ نەچچە نان.
— ئا. نىزارى.

**بىريان ئەيلەمەك** — كۆيدۈرمەك، كاۋاپ قىلماق:
مەقسەدىك نېدۇر سېنىڭ ئەي مەھۋەشى ساھىبجەمال،
يۈرەكىمنى قان، ھەم سىينەمنى بىريان ئەيلەدىڭ.
— قەلەندەر.

**بىريان قىلماق** — كۆيدۈرمەك، ئۆرتەندۈرمەك:
ئوتلۇق كۆزۈڭ ئالىندە كۆپ بىريان قىلدىم جانۇدىل،

ئۇسرۇك ئول كافىر نەدىن مەيل ئەتمەدىلەر يانىمە.
— سەككاكى.

**باغرى بىريان** — يۇرۇكى كاۋاپ، ئۆرتەنگەن:
بىخۇد بولۇپ يۇرۇر بولغاي مەستۇ ھەيران،
ئەللاھ، دەيۇ كۆزدە ياشى باغرى بىريان.
— ئەھمەد يەسەۋى.

**بىزائەت** [بضاعت] (ئە) مال - مۇلۇك، ئەسۋاب، سەرمايە:
بۇ نىچۇك ئەلەمدۇر، ئەي يار، كۆرەردۇر يۇزۇڭنى ئەغيار،
مىنى سورغالى قىلىپ ئار كۆرەرسەنمۇ بىبىزائەت.
— موللا بىلال.

**بىزار** [بی زار] (پ) پەريادسىز، زارلىماي.
**بىزەبان** [بی زبان] (پ) تىلسىز، گاچا.
**بىزەزەر** [بی ضرر] (پ + ئە) زەرەرسىز، زىيانسىز.
**بىزەۋال** [بی زوال] (پ + ئە) يوق بولماس، دائىمى.
**بىززات** [بالذات] (ئە) شەخسەن، ئەسلىدە؛ دەل ئۆزى.
**بىززەرۇر** [بالضرور] (ئە) زۆرۈرلۇكتىن؛ چارىسىزلىكتىن.
**بىسات** [بساط] (ئە) پالاس، گىلەم؛ يەرگە سېلىنغان نەرسە:
بىراۋ ئىختىيار ئەيلەدى بورديا،
قومۇشتىن بىسيات ئەيلەدى خەلقارا:
— غەرىبى.

**ئالەم بىساتى** — يەر يۇزى.
**بىسەئادەت** [بی سعادت] (پ + ئە) سائادەتسىز، بەختسىز، ئىقبالسىز.
**بىسەبات** [بی ثبات] (پ + ئە) قارارسىز، تۇراقسىز؛ ئۆتكۈنچى:
مەگەر ئەللىك ئۈچ تەن قالىبدۇر ھەيات،
بەقاسىز جەھاننىڭ ئىشى بىسەبات.
— ئا. نىزارى.

**بىسەبەب** [بی سبب] (پ + ئە) سەۋەبسىز، ئاساسسىز.
**بىسەبر** [بی صبر] (پ + ئە) سەۋرسىز، بىتاقەت، چىدىغۇسىز:
نەچە بىسەبر سەن قىلمە تەكەللۇم ئىشقدىن ھەرگىز،
كىشىكىم بۇلھەۋەسدۇر مەھز ئەسرار ئىتىپ بولماس.
— گۇمنام.

**بىسەبرۇ تەھەممۇل** — سەۋر - تاقەتسىز:
چۇ ئول ھالەت بىلە كۆردى ئانى گۇل،
پىرىندىن قوپتى بىسەبرۇ تەھەممۇل.
— لۇتفى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**بىسەد** [بى صد] (پ) يۈز ئەمەس، تالاي، نۇرغۇن:
مەلىكەمگە لايىق مەتائ مۇندا بار،
بۇلەككە يۈگۈرمەك بىسەد زىنھار.
— ئا. نىزارى.

**بىسەر** [بى سر] (پ) باشسىز، بىۋاش.
**بىسەرۇ سامان** — بىچارە، ھېچنەرسىسى يوق:
مېھنەتۇ دەردۇ ئەلەم كۆرگەن جەھاندا ئىشق ئارا،
بولسا بولغاي ماڭا ئوخشا بىسەرۇ سامان ئەمەس.
— قەلەندەر.

**بىسەرمايە** [بى سرمايه] (پ) سەرمايىسىز، مەنبەسىز؛ قولى بوش.

**بىسەرۇپا** [بى سرو پا] (پ) باش - ئاياغسىز؛ چارىسىز، تەمتىرىگەن:
يۈرۈپ نەچچە كۈن بىسەرۇپا بولۇپ،
ھەمە دەردۇ غەمگە مۇھەييا بولۇپ.
— ئا. نىزارى.

**بىستەر** [بستر] (پ) ئورۇن - كۆرپە، تۆشەك، ياستۇق:
يىقتتى مېنى بىستەرى خابغە،
قويۇپ باشىنى گۇمبەزدە مېھرابغە.
— ئا. نىزارى.

**بىسسەۋاب** [بالصواب] (ئە) توغرىسى، ئېنىقى.
ۋەللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب — ئاللا توغرىسىنى ياخشىراق بىلگۈچىدۇر.

**بىسمىل** [بسمل] (ئە) سويۇش، باش كېسىش؛ سويۇلغان.
**بىسمىل قۇش** — بېشى كېسىلگەن قۇش:
فەنا تىغىدا بىسمىل قۇش كەبى ئەندۇھى دەۋراندىن،
تىنىمدا پىچتابۇ جانىم ئىچرە ئىزتىراب ئېردى.
— ناقىس.

**بىسمىل قىلماق** — سويماق، ئۆلتۈرمەك:
ئوق ئاتىبان قولىغە ئىشكەل سالىپ،
داغى ئوق بىلە ئانى بىسمىل قىلىپ.
— ئا. نىزارى.

**نىم بىسمىل** — چالا بوغۇزلانغان:
ماتەمدە نىم بىسمىل قۇش كەبى باشىم ئۆرۈپ،
يىغلاماي نەيلەي مەنى بىچارە سەندىن شەھپەرىم.
— مەھزۇن.

**بىسۇتۇن** [بيستون] (پ) پەرھات قازغان تاغنىڭ نامى:
نەمايان كۆرۈپ بىسۇتۇن كۆھىنى،

ئاڭا ئىشلەگەن خەيلى ئەنبۇھىنى.
— ئا. نىزارى.

**بىسيار** [بسيار] (پ) كۆپ؛ مول:
دامەنەئى بىيشەدە بىر ساي ئىكەن،
مەددى قەد بىسيار ئەجەب جاي ئىكەن.
— زەلىلى.

**بىش** [بيش] (پ) كۆپ، ئارتۇق.

**بىشەبىھ** [بى شبيه] (پ + ئە) ئوخشمايدىغان، ئوخشاشلىقى يوق.

**بىگانەۋەش** [بيگانه وش] (پ) بىگانە سۈپەت، ياتقا ئوخشاش:
دەھرنىڭ بىگانەۋەش زالىغا بولما ئاشنا،
كىم سېنى تا ئاشنا ئەتتى ئۆزى بىگانە دۇر.
— سەبۇرى.

**بىگاھ** [بيگاه] (پ) ۋاقىتسىز.
**گاھۇ بىگاھ** — ئۇزلۇكسىز، ھەمىشە:
كېچە ـ كۈندۈز خەيالى بىرلە ھەمراھ،
ئىشى كۆچى بۇئەردى گاھۇ بىگاھ.
— لۇتفى.

**بىگەران** [بى كران] (پ) «بىكەران» غا قاراڭ:
يىغىلسا ئەگەر لەشكەرى بىگەران،
قۇتۇلماس بۇلاردىن قاچىپ ھېچقاچان.
— موللا شاكىر.

**بىگۇمان** [بى كمان] (پ) گۇمانسىز، شۈبھىسىز، شەكسىز:
ھەزرەتى سۇلتان سۆزىدۇر بىگۇمان،
قالدى گۇما ئىچرە دېدىلەر گۇمان.
— زەلىلى.

**بىگۇناھ** [بى كناه](پ) گۇناھسىز، ئەيىبسىز.

**بىلاد** [بلاد] (ئە) [بىرلىكى: بەلەد] شەھەرلەر، مەملىكەت:
سەپەر مۇددەتىچە ئېلىپ زادىنى،
بىلادىغە يەتكۈر بۇ دامادنى
— ئا. نىزارى.
**بىلادى ئەزىم** — ئۇلۇغ شەھەر، چوڭ مەملىكەت:
كى قۇستەنتەنىيە بىلادى ئەزىم،
ئېرۇر ئاندا كۆپراقى نازۇ ـ نەشىم.
— ئا. نىزارى.
**بىلادى جەھان** — دۇنيادىكى شەھەرلەر، ئەللەر:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سەمەرقەند بىلادى جەھان سەيقەلى،
نە سەيقەلكى پەرتەۋفشان مەشئەلى.
— ئا. نىزاۋى.

بىلازەرۇر [بلاضرور] (ب) زۆرۈرىيەتسىز، كېرەكسىز.

بىلە [بياه] بىلەن، بىلله:
بۇ كاسىبغە مەۋجۇد ئىدى بىر ئوغۇل،
كى دەريا لەبىگە بىلە كەلدى ئول.
— ئا. نىزارى.

بىلئەدەد [بالعدد] (ئە) سان بىلەن، رەقەم بىلەن:
چىراغىن ھۇرۇۋفىنىكى ئەھلى خىرەد،
كى تارىخى سالىن دېمىش بىلئەدەد.
— ئا. نىزارى.

بىلئەكس [بالعكس] (ئە) ئەكسىچە.

بىلئەين [بالعين] (ئە) كۆز بىلەن.

بىلخاسسە [بالخاصه] (ئە) خۇسۇسەن، بولۇپمۇ.

بىلخاسسىيە [بالخاصيه] (ئە) خاسىيەتى جەھەتتىن، ئالاھىدىلىكى بىلەن.

بىلفىئىل [بالفعل] (ئە) ئەمەلدە، ئەمەلىيەتتە، راستىن.

بىلقۇۋۋە [بالقوه] (ئە) كۈچ بىلەن، كۈچىگە قاراپ.

بىلقىس [بلقس] (ئە) سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن، ئۇنىڭغا تېپىشماقلارنى ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلىغان سەبائىڭ ئايال پادىشاھى.
يا پەرى يا ھۇر دۇر يا بىلقىسى ئالى نەسەب،
يا ئۆيىدىن قىلدى ئول خۇرشىدى دەۋرانىم تۇلۇئ.
— قەلەندەر.

بىلكۈل [بالكل] (ئە) پۈتۈنلەي، تامامەن.

بىلاللاھ [بالله] (ئە) ئاللاغا قەسەمكى، خۇدا ھەققى:
ھېچكىشى مەندەك سىنىڭ ئىشقىڭدا سەرگەردان ئەمەس،
باشكىنەڭدىن ئۆرگۈلەي، بىللاھ، سۆزۈم يالغان ئەمەس.
— قەلەندەر.

بىللاھكىم — خۇداغا قەسەم قىلىمەنكى:
غەمىڭدىن باشقا، بىللاھكىم، دەم ئۇرمان،
گەر ئەر بولساڭ مېنى بۇ غەمدە قويما.
— لۇتفى.

بىلمەن [بيلمان] بىلمەيمەن:
قايسى بىر دەردىم بەيان ئەيلەيكى قايسى كۆڭلەتى،

بىلمەن يا كەلمەگەي مۇنداق بىراۋغا مېھنەتى.
— مۇھەممەت سادىق قەشقەرى.

بىلمەيىن [بيلماين] بىلمەي، بىلمەستىن:
ئاتاسىغە يەتتىكى سۇرئەت بىلە،
ئۆزىن بىلمەيىن دەردۇ فۇرقەت بىلە.
— ئا. نىزارى.

بىلھەقىقەت [بالحيقت] (ئە) ھەقىقەتەن، راستىن.

بىلھەم [بيل هم] شۇنى بىلگىنكى ...

بىلئىتتىفاق [بالاتفاق] (ئە) ئىتتىپاقلىق بىلەن.

بىلىك [بيلياك] ئىلىم، بىلىم:
كۆيمە بۇ سۆزگە چۇ بىلۇرسەن بىلىك،
باس يۈرەكىڭ، قارنىڭغە قويغىن ئىلىك.
— ئەھمەدى.

بىم [بيم] (پ) قورقۇش، قورقۇنچ، ۋەھىمە:
بۇ خوشلۇقدىن كەتتى ئىككى ئەقلىم،
ئارادىن قوپتى خەۋفۇ قالمادى بىم.
— لۇتفى.

بىم ئەيلىمەك — قورقماق.

بىم سالماق — قورقۇتماق:
ئۆلۇم يادى كۆپ سالدى كۆڭلۈمگە بىم،
داغى جان بىرۇر خەۋفى دىلدا مۇقىم.
— غەرىبى.

بىمۇ ناكال — خەۋپ - خەتەر.

زىرى بىم — قورقۇنچ، ۋەھىمە ئاستىدا:

بىھەد ئەندازەئى بىم — چېكى بولمىغان قورقۇنچ، چەكسىز ۋەھىمە:
ئالدىمىزدا يەتتە ۋادىدۇر ئەزىم،
ھەر بىرىدە بىھەد ئەندازەئى بىم.
— سەبۇرى.

بىمار [بيمار] (پ) 1) ئاغرىق، كېسەل. 2) دەرتكە مۇپتىلا ئاشىق:
كۆرىنۇر ئۇشبۇ جەھان سەنسىز ماڭا بەيتۇل خەزان،
ھەردەمى سەنسىز ئۆتۈپدۇر ئول دەمى بىمارەمەن.
— موللا بىلال.

بىمانەند [بى مانند] (پ) ئوخششى تېپىلمايدىغان، تەڭداشسىز.

بىمايە [بى مايه] (پ) ھېچنەرسىسى يوق، سەرمايىسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**بىمەجال** [بی مجال] (پ + ئە) كۈچسىز، ئىقتىدارسىز، ماجالى يوق؛
باشىغا قويۇپ ئەردى زەررىنە تاج،
بۇ بۇت بىمەجال ئولتۇرۇپ نائىلاج.
— موللا شاكىر.

**بىمەدار** [بی مدار] (پ + ئە) دەرمانسىز، ھالسىز:
كۆڭۈلنىڭ كارى يادلانماق، يۈرەكنىڭ پىشلى ئۆرتەنمەك،
بۇ ئىشلاردىن بىلىڭلار، بۇ زەئىپ تەن بىمەدار بولماق.
— موللا بىلال.

**بىمەدارا** [بی مدارا] (پ + ئە) مۇرەسسەسىز، كېلىشمەسلىك.

**بىمەر** [بیمر] (پ) ھېسابسىز، ئۆلچەپ بولمايدىغان.

**بىمەرام** [بی مرام] (پ) مەقسەتسىز؛ ئۈمىدسىز:
كى مەئشۇق - ئاشىق سۆزىدۇر تەمام،
كېتىپدۇر جەھاندىن بۇلار بىمەرام.
— ئا. نىزارى.

**بىمەزە** [بی مزه] (پ) تەمسىز، مەزىسى يوق؛ تۈترۈقسىز.

**بىمەغز** [بی مغز] (پ + ئە) مېڭىسىز، ئېقىلسىز؛ مەنىسىز، مەنىسى يوق؛
كى ئەي پۈركۈئى بىمەغزى پەرىشان،
يەنە قايدىن كېتوردۈڭ ئۈشبۇ داستان.
— لۇتفى.

**بىمەكان** [بی مکان] (پ + ئە) ماكانسىز، جايسىز، ئورۇنسىز.

**بىمەلال** [بی ملال] (پ + ئە) مالال بولماي، ئەركىن، توسقۇنسىز.

**بىمەلاھەت** [بی ملاحت](پ + ئە) كۆرۈمسىز، چىرايسىز.

**بىمەنزىل** [بی منزل] (پ + ئە) ماكانسىز، تۇرار جايسىز:

**بىمەھار** [بیمهار] يۈگەن، چۇلۋۇر:
ئۈچ كىشى گويا شۇتۇرى بىمەھار،
قوندۇق ئوشۇل كېچە باربان يەسار.
— زەلىلى.

**بىمە ھاسىل** [بی محاصل] (پ + ئە) ئۈنۈمسىز، پايدىسىز.

**بىمەھەل** [بی محل] (پ + ئە) ۋاقتى، پەيتى ئۆتكەن؛
پەردەئى جانىم ئىچىندە ئاسرار ئىدىم مېھرىنى،
بىمەھەل ئەفغانلىرىم قىلدى مېنىڭ سىررىمنى پاش.
— قەلەندەر.

**بىمەئنا** [بی معنی] (پ + ئە) مەنىسىز، مەزمۇنسىز.

**بىمۇرۇۋۋەت** [بی مروت] (پ + ئە) ھىممەتسىز، ئادىمگەرچىلىكى يوق:
سىتەمگەر بىمۇرۇۋۋەت چەرخى كەج رەفتار بۇ ئالەم،





ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



源　泉（维吾尔文）总24期

بۇلاق (ئومۇمىي 24 - سان) (پەسىللىك ژۇرنال)

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN 65－1063/I
本刊代号：58－108定价：1.25元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋەكالەت نومۇرى: 108 – 58　باھاسى: 1.25 يۈەن